زوردۇن سابىر



# ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

زوردۇن سابىر

# ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە

(پوۋېست — ھېكايىلار)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇل-
غانلىقىنىڭ 40 يىللىقى، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان-
لىقىنىڭ 35 يىللىقىغا سوۋغات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلھەمىت ھاجى

# مۇندەرىجە


پوۋېست

سەھەردە كۆرگەن چۈش

ھېكايىلار

بۇ يەر شۇنداق خىسلەتلىك .................... 112
قۇمغا سىڭگەن، ھاۋاغا كەتكەن .................... 125
ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە .................... 138
چايخورلار .................... 180
بوش كەلمە تۇرپانلىق .................... 211
خىيال ۋە سايە .................... 259
تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ .................... 305
قومۇشلۇقنىڭ چۈشى .................... 340
قۇم بارخانلىرى .................... 348
بوران .................... 359
چوغدەك ياپراقلار .................... 377

# سەھەردە كۆرگەن چۈش



## 1

ئۇ ئايالىنى ئاستا ئويغاتتى.

— ھەي ئازادەم، ئازادەم، مايا قاراڭە، مەن قىزىق چۈش كۆرۈپتىمەن، خۇددى ئويغۇمدىكىدەكلا، تووا، ماۋۇ ئىشنى.

— نېمە بولدى سىزگە، — دېدى ئايالى لامپۇچكا يورۇقىدا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، — يېرىم كېچىگىچە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ چىققاننى ئاز دەپ، ئەمدى ئۇيقۇمنى بۇزۇپ، سىز... قاراڭە سائەت ئالتە بوپتۇ، كۈندىكىدىن بىر سائەت بۇرۇن ئويغىنىۋاپسىز، چۈش كۆردۈم دېدىڭىزما؟ ئانداقتا تۈنۈگۈن ئەمەس، بۈگۈن كۆرگەن چۈشكەن-دە بۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەندە كۆرگەن چۈش بولغاندىكىن، بۇ چۈش ئەمەس، ئەمەلىيەت، كۈلمىسىزغۇ، خۇراپات

كەن. بۇ سۆزنىڭ چىقىشىغا ئۆمەرجان ئۆزى سەۋەبچى
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئازادەم چاقچاق ئارىسىغا قورقماسـ
تىن قىستۇرالىدى.
— تۈنۈگۈنكى گەپنى بۈگۈن تەكرارلىماڭ -
ھە. — ئۆمەرجان ئايالىغا سوغلا كۈلۈمسىرەپ قاراپ
قويدى.
— قانداقچىسىغا تۈنۈگۈن بولىدۇ؟ كېچە سائەت
لەق نۆلدە ئۆيگە قايتىپ كەلدىڭىز. سىز ھاياجانلىنىپ:
«پارتكوم شۇجىسى بىلەن دائىمىي كومىتېت مۇدىرى
مېنىڭدىن ناھىيىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرىنى سايلاپ چىقىش
توغرىلىق پىكىر سورىدى» دەپ سۆز باشلىغاندا سائەت
بىر بولۇپ قالغان، دېمەك، بۈگۈنكى گەپ. قېنى چۈشـ
ڭىزنى سۆزلەڭ.
— سۆزلىمەيمەن.
— نېمىشقا؟
— ئۆي يورۇپ قالدى.
— ھىم، ئەمدى بىلدىم، چۈشىڭىز تۈنۈگۈنكى سۆھـ
بەتنىڭ داۋامى ئىكەن - دە، ئۇنداق بولسا مەن ئەدـ
يالارنى تارتىپ ئۆينى قاراڭغۇ قىلاي، ئاندىن سىزگە
دۈمبەمنى قىلىپ ئولتۇراي، سىز تۆت تامغا سۆزلىگەن
بولۇڭ، قېنى ئەمىسە چۈشىڭىزنى سۆزلەڭ.
ئۆمەرجان كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بەردى. لېـ
كىن شۇ كۈنلا پۈتۈن ناھىيىدىكى تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا
ناتلام كادىرلار ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە تارقالدى:
ناھىيىلىك ماشىنا - تراكتور رېمونت زاۋۇتى

دېمەكچىمۇ؟ خۇراپاتنىڭ ھەممىسىلا يالغان بولۇۋەرمەيدۇ. مەن ماركسىزمغىمۇ ئىشىنىمەن، چۈشكىمۇ، قاپاق تارتىشقىمۇ ئىشىنىمەن. چۈشنىڭ خۇراپىي بولۇشى ناتايىن، ئاڭلىسام ئالىملار چۈشنىڭ نۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىۋېتىپتۇ. كىم بىلىدۇ، پار ماشىنىسى، ئاتوم ئىلمى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىن كېيىنكى تۆتىنچى چوڭ كەشپىيات ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە نېرۋا پائالىيىتى — چۈش ئىلمى بولۇپ قالامدۇ تېخى!

خورازلارنىڭ قى - چۇلىرى ئازايدى، ناز بىلەن يۈزىنى ئاچقان ئەپپەتلىك قىزدەك ھاياتنىڭ يېڭى بىر كۈنىمۇ ئاستا چىراي ئاچتى — يەرگە يورۇق چۈشتى.

ئازادەم كۆپتىسىنى كىيىپ بولۇپ، ياستۇقلارنى مەيدىسىگە تېرەپ، ئېڭىكىنى تۇتۇپ خىيال سۈرۈۋاتقان يولدىشىنىڭ پېشانىسىگە ئاستا نوقۇدى:

— قېنى ئۆمەرجان ھاكىم، چۈشىڭىزنى، ياق، چۈش ئەمەس بولغۇسى ئەمەلىيەتنى سۆزلەڭ!

ئۆمەرجان قويۇق بۈدۈرە چاچلىق، قاش - كىرپىكلىك، يىرىك ساقاللىرى مەيدە تۈكلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن، بۇلجۇڭ گۆشلىرى تاشتەك چىڭ، ئوتتۇرا بوي، قاۋۇل يىگىت. ئۇ ئاز، لېكىن مەنىلىك سۆز قىلىدۇ، خاپا بولمايدۇ، لېكىن خاپا بولسا قەپەزدىن بوشانغان يولۋاستەك قەھرلىك بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئازادەم ئۇنىڭغا يۇمشاق ۋە ئېھتىيات بىلەن سۆز قىلىدۇ. «ھاكىم» دېگەن ئاتالمىنى ئۇلار ئەر - ئايال ئىككىسى ئاخشام چىراغ ئۆچكەندىن كېيىن دېيىش-

ئۆمەرجان ھەر كۈندىكىدەك ئىشتىن كەچ چۈشتى. ئۇ غىچىرلاپ تۇرىدىغان ۋېلىسىپىتتىنى مىنىپ ئىدارىسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقىشىغىلا ئۇنى ئاللىقاچان ئۆز تۇپىدىن چىقىرىپ تاشلاشقان ۋە مۇھىم ئىشلىرىدىمۇ باغاق سۇنمايدىغان دېھەتلىكلىرى قورشىۋېلىشتى. ئۇ-لارنىڭ تولىسى ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم-لارنى تۈگەتكەن، ھازىر ھەرقايسى ئىدارىلەردە بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتەۋاتقان. ناھىيىنىڭ كەلگۈسى رەھبەرلىكىنى كۆڭۈللى-رىگە پۈكۈپ قويۇشقان كىشىلەر.

ئۇلار ئۆمەرجاننى قورشىۋېلىپ ئۆز رەنجىشلىرىنى بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ تۇرۇپ بايان قىلىشتى. ئۇلار ئاخىر ئۆمەرجاننى ئارى-غا ئېلىشىپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىقىغا يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن ئىمام ئىسىملىك يىگىتنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

ئىمام بويى پاكار، ھەرىكىتى چاققان، سۆزمەن يىگىت. ئۇ باشقىلار بىلەن چىقىشىشتا ھازىرقى ھاكىم-دىن، مېھمان چاقىرىشتا بۇ ناھىيىنىڭ داڭلىق بېيى ئىسلام ئاشپەزدىن قېلىشمايدۇ. ئۇنىڭ دادىسىمۇ يېزى-لاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تېزلا بېيىغان دېھقان بولغاچقا، ئۇ ئادەم ئوتتۇرا مەك-تەپ ئوقۇتقۇچىلىقىدىن ناھايىتى تېزلا ئۆسۈپ ھازىرقى ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن يالغۇز ئوغلى ئۈچۈن ھەر ئايدا 1000 يۈەن خەجلەشكىمۇ تەييار.

لايىھەلەش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۆمەرجان يۈگلۈكنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى بىلەن دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى مەخسۇس قوبۇل قىپتۇ. ئۆمەرجان يۈگلۈك ئالىي مەكتەپنى 1979 - يىلى پۈتتۈرگەن، 34 ياش، ھەر يىلى خىزمەتتە نەمۇنىچى بولۇپ باھالىنىدىغان قابىلىيەتلىك يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن ناھىيە رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ناھىيىنىڭ بولغۇسى رەھبەرلىكى توغرىسىدىكى پىكىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپتۇ. ئۆمەرجان يۈگلۈك توغرىدىن توغرىلا ئۆزىنى ھاكىملىققا كۆرسىتىپتۇ. ئۇ ناھىيىنى ئۆزگەرتىشنىڭ پىلانىنى شۇنداق ئېنىق، ئىلمىي، ئەتراپلىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇكى، شۇجى بىلەن مۇدىرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە 1990 - يىلغا بارغاندا ناھىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتى — ھازىرقى 600 يۈەن ئۈچ قاتلىنىپ 1800 يۈەن بولۇپ، سىنگاپورغا يەتكۈدەك، ئومۇمىي دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سانائەت مەھسۇلاتى ھازىرقىدىن بەش باراۋەر ئاشىدىكەن، شەھەردە 5 — 6 قەۋەتلىك بىنالار، ماگىزىنلار، كۆلۈبلار سېلىنىپ، تېخنىكوم ۋە شۆيۈەنلەر قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىگە بىۋاستە قاتنايدىغان ئايروپىلانلاردىن ئۈچ - تۆتى قونالايدىغان چوڭ ئايرودروم ياسىلارمىش. رەھبەرلەر ئۆمەرجاننىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئېيتقان پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ يېقىندا بولىدىغان سايلامدا ئۇنى ھاكىملىققا نامزات قىلىپ كۆرسىتىشكە ماقۇل بولۇپتىمىش...

تەك دەپ لەقىمى بارقاقىر بويۇن، شالاڭ چاچ، ئاغزى يوغان يىگىت ئالدىراپ سۆزلەپ، — بىزنىڭ ھاكىم زادى قورسىقى تار ئادەم جۇمۇ!

— قايسىبىرىنىڭ كەڭكەن! — دېدى يېڭىدىن بىر يېزىلىق ھۆكۈمەتكە باشلىق بولغان يىگىت ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپلا، — مېنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈۋېدى، پېشقەدەملەردىن نەچچىسىنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ، يۈرەك كېسىلى قوغىلىپ قالدى.

— ئەمما لېكىن، نېمىلا قىلىمسۇن پېشقەدەملەر بىزگە ئورۇن بېرىدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت. سىنىپىي كۈرەش ئاخىرلاشتى، 20 يىلغىچە سىياسىي ھەرىكەت بولمايدۇ دېيىلگەندىكىن، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاخىرلاشتى دېگەن سۆز. ئەمما لېكىن، ئۇلارغا رەھمەت دېمەسەك بولمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە، نېمىلا بولمىسۇن بىز شۇلار ياسىغان ئۆيگە خوجايىن بولىمىز - دە!

ناھىيىلىك مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۇ گېپى بىلەن قاقىر بويۇننىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى.

— نېمە دېدىڭ ھەسەن جۇيجاڭ؟ — دېدى ئۇ ئۇزۇن بويىنىنىڭ تومۇرلىرى كۆپكىچە چىقىلىپ ۋارقىراپ، — ئۇلار ياسىغان ئۆيگىمىش تېخى؟ سەنزە «تۆتلىمىش» نى چۈشەنمەپسەن. بىز بۇزىمىز، ئۇنداق ئۆيلىنى بۇزۇپ تاشلاپ قايتىدىن قۇرىمىز. ھەممىنى باشقىدىن باشلايمىز. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم دېگەن سۆز پۈتۈنلەي يەپيېڭى بىر فورمات-

ئۇزاقتىن بېرى ئۆمەرجان بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ باقمىغان، ھەتتا ئۆمەرجاننىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىغان بۇ يىگىت مېھمانلىرىنى، يەنى ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، ھازىر بۇ ناھىيىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پائالىيەتچانلىرى ھېسابلانغان دوستلىرىنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ئۆيىنىڭ تۆرىدىن — گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان دۇخاۋا تاشلىق يېكەنداز ئۈستىدىن ئورۇن ئالغان ئۆمەرجان ئۆزىگە ئۈشتۈمتۇت بولۇۋاتقان ھۆرمەت، ئىلتىپاتلارغا ھەيران قېلىپ ئۆز - ئۆزىگە: «ناھىيىدىن ئايروپىلانغا چۈشۈپ بېيجىڭغا بارغىنىمغۇ چۈشۈم، مىنۇ زىياپەت، مۇنۇ ماختاشلارچۇ، بۇلارمۇ چۈشۈممۇ. ياكى راستىنلا مېنى ئۆستۈرۈش توغرىلىق قارار چىقىرىلىپ تېخى ماڭا ئۇقتۇرۇلمىغانمۇ؟ مۇنۇ ئۇزۇن قولاق ئىمام ئەلۋەتتە بۇ خىل قارارنى مەندىن بۇرۇن بىلىپ ئالالايدۇ، نېمىلا بولمىسۇن، ئاز ئىچەي، ئاز سۆزلەي، كۆپرەك ئويلاي. كۆپرەك ئاڭلاي» دېدى.

ھەممىنىڭ كۆزى ئۆمەرجاندا، ھەممە گەپ ئۆمەرجان توغرىسىدا، ھەممە ھۆرمەت ئۆمەرجانغا قارىتىلغان...

مانا ئۆمەرجان ئۆزى ئاڭلىمىغان يېڭىلىقلار:

— ئۆمەرجان ئەسلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى» بولماقچى ئىكەن، مۇشۇ بىزنىڭ ھاكىمنىڭ كاشىلىسى بىلەن ئۇ ۋىلايەتلىك ئىلغار بولۇپ قاپتۇ، — دېدى قاسىم سە-

تۇرۇلدى ۋە بوشىتىلدى. بۇ پىيالىلار مېھمانلار ئارىسىدىكى سىڭنىشلىك، ياسالما ھۆرمەت ۋە يالغان ماختاشلارنى تالاغا توشۇپ ئەچىقىۋەتتىمۇ، ياكى ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئۆلپەتچىلىك قىلىدىغان ۋە كىشىلەر نەزىرىدە يېقىن ئارىدا ئۆسۈپ ناھىيىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ياكى ھاكىمى بولۇشى ئېنىق بولۇپ قالغان ئىمام مۇھەممەتنىڭ سۆزلىرى رول ئوينىدىمۇ، بىردىنلا ئۆي ئىچىدىكى ئون نەچچە يىگىت بۇندىن 20 يىل ئىلگىرىكى بالىلىقلىرىغا قايتىشىپ، مەنسەپ توغرىسىدا ئەمەس، كەلگۈسى، ئىلىم ۋە تۇرمۇش توغرىسىدا قىزغىن مۇلاھىزىگە بېرىلىپ كېتىشتى.

ئۆمەرجاننى تەبرىكلەش بىلەن باشلىنىپ ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلەش بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ ئولتۇرۇش باشقىلارنى ھارىقى بىلەن مەست قىلغان بولسا، ئۆمەرجاننى لەززەتلىك گەپلىرى، ئۆزى ئۇستىدىن قىلىنغان تەنتەنىسى بىلەن مەست قىلىپ قويدى. ئۇ بۇ دوستلىرى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغىنىدىن بېرى ھېچقاچان ئولتۇرۇشلاردا بىللە بولۇپ باقمىغان. ئۇ ئادەتتە ئۆيىدە كەمدىن كەم ئولتۇرۇش قىلاتتى. ئۆزىمۇ بىرسىنىڭكىگە ئولتۇرۇشقا بارمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئۆز بۆلۈمىدە كىتاب ئوقۇش، چەرتىيوژ سىزىش، ماشىنا - تراكتور رېمونت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزسە، قالغان ۋاقتىنى ئۆيىدە ئۈچ قوي بىلەن 12 توخۇسىنى بېقىش، تۇغماس ئايالىنىڭ ھەر كۈنى ئېلىپ كېلىدىغان «يېڭىلىق» لىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆت-

سىيە. بىز پارتىيە مەكتىپىدە نەزەرىيە جەھەتتە بۇنى ئاللىقاچان ھەل قىلىپ بولغان، ئەمدىكى گەپ ئەمەلىيەتتە قۇرۇشتا. شۇنداق ئەمەسمۇ ئۆمەرجان ئاداش؟

ئۆمەرجان سالماقلىق بىلەن ئاستا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ئىپادىسى قاسىم سەتەڭنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇردى - دە، ئۇ ئالدىدىكى رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— مەن زىيالىيلارنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن لېنىنچە شوئار توۋلايمەن: ھوقۇق بىز زىيالىيلارغا، ھۇررا! — ئۇ ھاراقنى بىراقلا ئىچىۋەتتى.

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاسىم سەتەڭنىڭ ئۆزىنى نەزەرىيىچى قىلىپ كۆرسىتىپ ھەسەن جۇيجاڭنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان قىلىپ يوققا چىقىرىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

— قاسىم سەت... سەتەڭ! — دەپ دۇدۇقلىدى ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى بىگىز قىلىپ تۇرۇپ، — سىنىڭ فور - فورماتسەڭ!...

— توختا ھەسەنجان! — دېدى ئىمام تاپسىدا! ئۆرە تۇرۇپ قولىدىكى رومكىسىنى كۆتۈرۈپ، — تالاشمايلى، ۋارقىراشمايلى، بىزگە زۆرۈرى ئىتتىپاقلىق، قوللاش، ھىمايە قىلىش! بىزنىڭ ئارىمىزدىن تۇنجى قېتىم ھاكىملىققا نامزات بولغان ساۋاقدىشىمىز ئۆمەرجاننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ھەممىمىز بىر رومكىدىن كۆتۈرەيلى!

ئىمامنىڭ تەكلىپى ئالقىشقا، قوللاشقا ئىگە بولدى. يۇن نەچچە پىيالە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ئېغىزلارغا ئۆگ-

ئىشىنىدۇ. ئىشەنگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا ھۆرمەت، خۇشا-مەت، يېقىنچىلىق ھەممىسى بولىدۇ - دە!

ئۆمەرجان يېرىم كېچىدە ھەم خۇشال، ھەم ھەي-ران بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ توخۇلىرى بىلەن قويلىرىدىن ئەنسىرەپ كاتەك-قوتانلارغا قارىدى. توخۇ-لارغا دان، سۇ، قويلىرىغا ھەلەپ بېرىلگەن. دېمەك، ئەمدى بۇ ئىشلارنىمۇ قىلىدىغانلار تېپىلىپتۇ - دە!

ئايالى تېخىچە ئۇخلىماپتۇ.

— تووا! — دېدى ئۆمەرجان ئايىغىنى يېشىۋې-تىپ بېشىنى ئېغىتىپ.

— نېمە تووا؟ — دېدى ئازادەم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئىمام سىزنى مېھمان قىلماي، قانچىلىق ئادەم ئىدى؟ ئۇ نېمە قىلغىنىغا ئىشخانا مۇدىرى بولالىدى؟ ئۆزىڭىز-گە سېلىشتۇرۇپ كۆردىڭىزمۇ؟ بىلىمدە سىزدىن تۆۋەن، قابىلىيەتتە ئۇ نەدە، سىز نەدە؟ ھەممىدە سىزدىن تۆ-ۋەن. نېمىگە ھەيران قالىسىز؟ ئەيسا ھاكىمچۇ تېخى؟ ئارانلا ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان. شياۋدۈيگە بوغال-تىر، گۇڭشېغا فۇداۋيۈەن، ناھىيىگە مالىيە بولغان. قان-چىلىك بىلىم، سەۋىيە، تۆھپىسى بار ئىدى؟ شۇنداق تۇرۇپ ناھىيىگە يەتتە يىل ھاكىم بولدى. ئۇلار نېمىشقا تووا دەپ ياقىسىنى تۇتماپتىكەن؟

ئازادەمنىڭ گېپى يوللۇق، ئۆمەرجان ئىش بىلەنلا بولۇپ بۇ نەرسىلەرنى ئويلاپمۇ قويماپتىكەن. راستىنلا ئۆمەرجان ئۇلاردىن كەم ئەمەس، لېكىن ئۆمەرجان ئۆزىنى ھېچكىمگە سېلىشتۇرۇپ كۆرمىگەنىكەن - دە! بۇرۇن-

نگۈزەتتى. ئاز سۆزلەپ كۆپ ئىشلىگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ۋەنجىگۈچىلەر ئاز، ھەر قېتىملىق مائاش ئۆستۈرۈش، ئىلغارلارنى باھالاشتا ئۇنى قوللاپ قول كۆتۈرىدىغانلار كۆپ ئىدى. لېكىن ئۆمەرجان ئۆز تۆھپىسى بىلەن قابىلىيىتىنى ھەممە كىشىگە قارىغاندا ئۆزى ياخشى بىلىدۇ: ئۇ ئۆز نەزەرىدە بىرەر چوڭ يېڭىلىق ياراتقان، تۆھپە دېگۈدەك ئىش قىلغان ئەمەس. ئۇ كىچىكىدىنلا كەم سۆز، تېنىمسىز بولغاچقا، كەم سۆزلۈكى كىشىلەرگە سىر، تېنىمسىزلىقى تۆھپە بولۇپ تۇيۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ. زىيالىيلارغا بولغان مۇئامىلە ياخشىلانغاندىن كېيىن بەزىلەر ئۆمەرجاننىڭ مىجەزىنى «گۇلد باخ قىياسى» دېگەن ئوچېركتىكى چىن جىنرۇيىگە ئوخشىتىپ. ئۆمەرجان توغرىسىدا قىزىق ھېكايىلارنى توقۇپ چىقىشقان. ئۇلاردىن ئىككىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى: ئۆمەرجان ئازادەم بىلەن توي قىلغان كۈنى قىزنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ماشىنا ئاپىرىمەن دەپ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ھەيدەپ بېرىپتىمىش، چۈنكى ئۇ شۇ چاغدا توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى رېمونت قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۆمەرجان نەسىللىك توخۇ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر مېكىياننى كۆزىتىپ يۈرگەندە، مېكىيان ئاغرىپ قاپتىكەن. ئۆمەرجان دوختۇرلار بىلەن توخۇنى بالنىستقا ئالىدىغلار دەپ ئۇرۇشۇپتۇ... بۇ گەپلەر توقۇلما، لېكىن بۇ گەپلەردىن ئۆمەرجاننىڭ غەلىتە مىجەزلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ ھاكىملىقتا ئۆزىنى نامزات قىلىپ كۆرسەتكىنىگە ئەلۋەتتە باشقىلار

ھاكىم نامزاتى ھېسابلايتتى، ئۇ ئۆزىنى ھازىرقى باش-
قارما، بۆلۈم، يېزا باشلىقلىرى، يېزىلىق پارتكوم
شۇجىلىرى بىلەن بىرمۇ بىر، بىر نەچچە قېتىملاپ
سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن، ئۇ ھەتتا ناھىيە رەھبەرلىرىنىمۇ
چېكىپ كۆرگەن، بولغۇسى سايلىغۇچىلارنى پەرەز ۋە
مەلۇم يوللار بىلەن بىلىۋېلىپ بىرلىرىگە ئۆزى، بىر-
لىرىگە يېقىنلىرى ئارقىلىق خىزمەت ئىشلەپمۇ بولغان.
ئۇ بارلىق ئېھتىماللارغا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان،
لېكىن مۇنۇ ئۆمەرجان يۈكلۈقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇغان، ئۇنىڭ ھاكىملىققا نامزات بولۇشىنى خىيا-
لىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان. شۇڭا ئۇنىڭدا بۇ رەقىبىگە
تاقابىل تۇرغۇدەك نە ئىدىيە تەييارلىقى، نە باشقا ئا-
مال - چارە يوق ئىدى.

تارقالغان خەۋەرنى يالغانمىكىن، دەي دېسە، ئېي-
تىلغان گەپلەر ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئۆمەرجاننىڭ 1979 -
يىلى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنى
پۈتتۈرگەن، 34 ياش ئىكەنلىكى، خىزمەتتە
ھەر يىلى نەمۇنىچى بولۇپ كەلگەنلىكى راست. مانا
بۇلار ئەلۋەتتە ناھىيە رەھبەرلىرى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت-
لەر. بىراق، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش ئادىتى بويىچە ئېيت-
قاندا، سىياسىي لاياقەت، خەلق ئىچىدىكى تەسىر - ئىنا-
ۋەت، دەرىجە - ئورۇن قاتارلىقلار ئۆمەرجاندا تېپىل-
مايتتى؛ ئۇ تېخى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا ئەمەس،
كىچىككىنە زاۋۇتنىڭ بىر بۆلۈمىدە مۇئاۋىن. بۇ قانچى-
لىك ئورۇن؟ ئۇ زاۋۇتنىڭ باشلىقى بىلەن پارتىيە كو-

راق سېلىشتۇرغان بولسا بولماسمىدى؟

— نېمىلەرنى قىلدىڭىز ئازادەم؟ — دېدى ئۆمەرجان ئوڭدا يېتىپ ئايالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — كاتەك-قوتانلارغا پۇت تىققىنىڭىزمۇ؟

— نەدىكىنى، — دېدى ئازادەم ئېرىگە يېقىنلىشىپ، — مالىيە بۆلۈمىنىڭ ھېلىقى ئالتۇن چىش كادىرى كىرىپتىكەن، ھەممىنى شۇكىشى قىلدى. بىزنى تۆت ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈرمەكچى بولدى، مېنىمۇ پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدىن سىياسىي كېڭەش ياكى دائىمىي كومىتېتقا يۆتكەيدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى ئۆي ئىشىنى قىلىشقا ھەدەمنىڭ قىزىنى ئەكەلمىسەك بولمىغىدى ئۆمەرجان. بۈگۈن كەچ كىرگىچىلا ئادەم كۈتۈپتىمەن. سوۋغا - سالام، ئەرز - شىكايەتلەرمۇ كەلگىلى تۇردى!

— نېمە دەيسىز؟ نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ - ھە؟

— نېمە بولۇشىنى ئەتە كۆرىسىز تېخى!

ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى.

2

ئۇلاردىن بەتتەر ئۇيقۇسى قاچقان ئادەم ساھىبخان ئىمام مۇھەممەت بولدى.

ئۇ مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ ھويلا بىلەن باغ ئارىسىدا ئۇزاق ماڭدى. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئوت كىرىۋالغان، بۇ ئوت ھەسەت ۋە ئازابلىنىش ئوتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ قېتىمقى سايلامدا كۆرسىتىلىدىغان بىرىنچى،

يىقىتتى. ئىش قىلىپ باشقىلارنىڭ ياردىمى، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياردەملىرى ھېسابىغا قەدەممۇ قەدەم، پۇختا - سالماقلىق بىلەن ئۆستى. ھازىرمۇ مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرىشىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ قىلغان ئەمگەك - ئەجرىنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ قىلماي تۇرۇپلا باشقا بىرسى ئاسانلا ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ئالسا ئىمام مۇھەممەتكە ئەلەم قىلمامدۇ؟

— ھە، نېمىگە ئۇيقۇلىرى كەلمەي تىپىرلاپ يۈرىلا؟ — ئۇنىڭ ۋاقىتسىز سەمرىپ كەتكەن ئايالى ئىچ كۆڭلەك سىرتىدىن نېپىز پوپايكا يېپىنچاقلاپ ئۇنىڭ يېنىغا چىقتى، — يەنە قايسى سەتەڭنىڭ كويىغا چۈشتىلە؟

ئىمام مۇھەممەت ئايالىغا چۆچۈپ قارىدى:

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن، سەن نېمە كويىدا، مەن نېمە كويىدا؟

— سىلىنىڭ نېمە كويىدا ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەمدىمەن؟ بەشىنچى يېزىغا ئاياغلىرىنىڭ چەمى چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي قاترايدىغان بولۇپ قالغانلىرىنى بىلمەمدىمەن؟

— ئەستاغپۇرۇللا! — دېدى ئىمام مۇھەممەت خاپا بولۇپ، — بۈگۈن بولسىمۇ باشقا گەپ قىلغىنا خوتۇن؟

— باشلاپ ئەكىلىپ بېرەيمۇ يا، ئەجەب تىپىرلاپ كەتتىلە؟ — ئايالىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ چەگراق چىقـ

مىتېت شۇجىسىمۇ ئىمام مۇھەممەتتىن تۆۋەن تۇرغان
يەردە ئۆمەر يۈگۈلۈقنى قاندا قىمۇ ئۆلنىڭ بىلەن سېلىش-
تۇرغىلى بولسۇن؟ دېمەك، ئورۇن - دەرىجە جەھەتتىن
ئالغاندا ئۆمەرجان ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا ئەمەس،
بەر باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا نامزات بولۇش-
قىمۇ تېخى ئەتمەگەن. ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن، ياش
دېگەن ئىككىلا ئۆلچەمگە توشسا باشقا شەرتلەر بولمى-
سىمۇ ئۆسۈۋېرىدىغان گەپمۇ؟ مۇشۇنداق ئۆسىدىغان
بولسا ئىمام مۇھەممەت ئاللىبۇرۇن ئۆسۈپ بولغان
بولماسمىدى؟ لېكىن ئىمام مۇھەممەت ھازىرقى ئورنىغا
ئاسانلىق بىلەن ئېرىشمىدى. ئۇ پارتكوم شۇجىسى بە-
لەن ھاكىملارنىڭ بۇرۇن سىناقلىرىدىن ئۆتتى. ئوت-
تۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ يۈرگىنىدىلا كەلگۈ-
سىدە ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش-
قا قەتئىي بەل باغلىدى. ناھايىتى تېزلا نەمۇنىچى
ئوقۇتقۇچى بولۇپ پارتىيىگە ئەزا بولدى. ئارقىدىنلا
ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا مائارىپ ساھەسى بويىچە ئەمگەك
نەمۇنىچىسى بولدى. ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇش ئۈچۈن
باشقىلار ئۇخلاۋاتقاندا لايغا مىلىنىپ توپا قازدى.
باشقىلار تاماق يەۋاتقاندا ئاشخانىغا سۇ توشۇدى.
رادىئو ۋە گېزىتلەردە ئۆزى بىلەن ئۆلپەتچىلىك قىلى-
دىغان «كەمتەر ھاكىم» نىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ھەرىكەت-
لىرىنى ماختىدى. قىسقىسى، لايغا مىلەندى، تەر تۆكتى،
بەزىلىرىنى چاقتى، بەزىلىرىنى ماختىدى. بەزىلىرىنى قايتا -
قايتىلاپ مېھمان قىلدى، بەزىلىرىنى بولسا چاپۇتلاي-

چىسى بولساقمۇ ئىلىم ئەھلى. ئادەم تونۇيمىز. ئەرلەر-
نىڭ قايسىسى قانداقلىقىنى بىز ئايالـلار تازا بىلىمىز.
ھۆكۈمەتنىڭ تازا كۆزى باركەن. ئۆمەرجاننى ھاكىم
قىلسا ھەممە ئادەم چاۋاك چالىدۇ. ئىشقا تۈز يول
بىلەن بېرىپ، تۈز يول بىلەن قايتىدىغان، بولۇپمۇ
قىز - چوكانلارغا قىيا كۆزىنى سالمايدىغان ئادەمنى
تاللىغان ھۆكۈمەتكە مىڭ رەھمەت. سىزنى ياكى قاسىم
سەتەڭنى ھاكىم قىلىپ قويغان بولسا، ناھىيىدىكى
ھەممە خوتۇنلار قوش ئەرلىك بولۇپ كېتەتتى،
ھا - ھا - ھا!...

ئايال پۈتۈن بەدىنىنى قۇيرۇق مايدەك لىغىرلى-
تىپ، غىجىم ياغلىقىنى چېكىلەپ تېڭىۋېتىپ، تېخىمۇ
قاتتىق كۈلدى.

ئىمام مۇھەممەت غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى.
لېكىن ئايالغا ھېچنېمە دېيەلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ
ئايالى ئالدىدا تىلى تۇتۇق، يولى بوغۇق ئىدى. ئۇ بو-
سۇغىسىدىن چىقسىلا گىدىيىپ مېڭىپ كىچىككىنە گەۋدىسى-
نى يولۇۋاس قىلىپ كۆرسىتەلىگىنى بىلەن بوسۇغا ئات-
لاپ ئۆيىگە كىرسە مولـلام مۈشۈك بولۇپ قالاتتى.
ئۇ ئايالىنى قويۇپ بېرىشنى دائىم ئويلايتتى،
لېكىن جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ باشقىلار ئالدىدا چوڭ
ئىشلاردا يۈرىكى بىلەن چىرايىنى ئىككى خىل قىلىپ
كۆرسىتەلىگىنىگە ئوخشاش، ئائىلىسىدە ئايالىغىمۇ قەلبىدە
يوق مۇھەببەتنى كوزا - كوزاڭ قىلىش بىلەن ئۆزى-
نى ۋە ئايالىنى ئالداپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئەمەلىيەتتىچۇ؟

تتى. ئىمام يالىنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى:

— مايەرگە كەلگىنە، ساڭا ئېيتىدىغان گەپ بار.

— قارىغۇغا تارتىدىغان مەن سىلىنىڭ ئاشنىلىرى ئەمەس، گەپ بولسا ئۆيگە كىرىپ دېسىلە!

ئايال ئېرىنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى - دە، ئاۋازىنى تېخىمۇ قويۇپ بەردى:

— يۇرسىلە، گەپلىرى بولسا ئۆيگە كىرىپ بىر چىنە ئىسسىق چاي ئىچىپ ئۆپكىلىرىنى بېسىۋېلىپ دېسىلە، تۈن خېلى ئۇزاق.

ئىمام مۇھەممەت ئايالىنىڭ دېگىنىنى قىلدى. ئۇ ئاخىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ ئۆمەرجاننىڭ ھاكىم بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئايالىغا خۇددى گۇناھىنى ئىقرار قىلغان جىنايەتچىدەك ناھايىتى تەسلىكتە دېدى. ئايالى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زادىلا ھەيران قالمىدى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ ئېرىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ مازاق قىلدى:

— ئۆمەرجان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ياش تۇرۇپ تۈل قالاتتىمكىن - دە! ھا - ھا - ھا! ... ئۆمەرجان ھاكىم بولسا بولمىتۇدەكمۇ؟ ئۇنىڭ سىزدىن نەرى كەم؟ سىز چىرايلىق گەپ، قۇۋلۇق - شۇملۇقتا ئۇنىڭدىن ئۇستۇن. ئۇچۇ؟ ئەخلاق ۋە پەزىلەت، بىلىم - قابىلىيەت ھەتتا ئۆزىنى تۇتۇش، يۈرۈش - تۇرۇشتىمۇ سىزدىن ئۇن ھەسسە ئۇستۈن. بىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇ-

يىغىندىن كېيىن باش ھاكىم بولغان بولسىمۇ، يېقىن-
قى يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ دەۋرگە يېتەلمەي
كېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ، قايتا - قايتا ئىلتىماس
يېزىپ پېنسىيىگە چىقىشنى تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇ كۆپچىلىك ئىچىدە ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكى، ئاددىي -
ساددىلىقى بىلەنمۇ ئىشەنچكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن
دوستلىرى خىزمەت - مەنسەپ ئۈچۈن تېخى «50 كە
كىرمەي» تۇرماقتا. لېكىن ئەيسا ھاكىم ئۇلارغا نۇرغۇن
نەسىھەت قىلىپ ئۆز ئورۇنلىرىنى ياشلارغا بوشىتىپ
بېرىشكە دەۋەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ يىغىندا
بولىدىغان سايلامدا پۈتۈنلەي خىزمەتتىن بوشىماقچى.
قالغان ئۆمرىنى كىتاب ئوقۇش، ئۆزى قىزىقىدىغان
تارىخ بىلىمى ئۈستىدە ئىزلىنىپ بېقىش، ئۆز يېزىسى-
دىكى تېخىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان قورۇ - جايغا
كۆچۈپ بېرىپ ئاخىرقى كۈنلىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈ-
زۈشكە نىيەت باغلىغان. لېكىن مۇنداق بولۇشىغا قارى-
ماي ئۆزىنىڭ ئورنىغا ھاكىم بولىدىغان ئادەم توغرى-
سىدىمۇ باش قاتۇرۇپ، ياشلارغا ئىنچىكە زەڭ قويۇپ،
نىشان تاللاپ يۈرمەكتە ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭمۇ قورسى-
قىغا پۈككىنى بار ئىدى.

ئەيسا ھاكىم قېرىلارغا خاس سەگەكلىك بىلەن
ھويلىسىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا جايلاشتۇرۇلغان
كارىۋىتىدا ئوڭدا ياتاتتى. ئۈزۈم بارىڭىنىڭ شالاڭ
يەرلىرىدىن چۈشكەن ئالا كۆلەڭگە ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ
يۈزىنى، قاڭشارلىق بۇرنىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ سەپ-

ئۇ ئايالىغا ھەر كۈنى تۇيۇقسىز ئۆلۈم تىلەيتتى.

ئۇ زۇۋان سۈرمەستىن دوختۇركىسىنى ئوراپ ئايالىنىڭ يېنىدا ئوڭدا ياتتى، ئۇنىڭ خىيالى ناھىيە كوچىلىرىدا، بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا خۇددى ئاچ قالغان لالما ئىتتەك چاپماقتا، نېرۋىلىرى شۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كەتكەنكى، يۈرىكىنىڭ دۈك - دۈك قىلىپ تېپچەكلىشى ھەتتا ئۆزىگە ئاڭلانماقتا ئىدى.

ئاخىر ئايالى ئۇخلاپ قالدى. ئىمام مۇھەممەت ئورنىدىن تۇرۇپ چالا - بۇلا كىيىندى - دە، كوچىغا چىقتى.

نەگە بېرىش كېرەك؟ ئۇ ئۇزاق ئويلاندى - دە، ئاخىر ھازىرقى ھاكىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ناھىيىنىڭ ھازىرقى ھاكىمى ئەيسا مۇسا بۇ يىل 60 قا كىرگەن، كەم سۆز، كىتاب خۇمارى ئادەم. ئەيسا ھاكىم ياشلىقىنى ئويۇن - تاماشىغا سەرپ قىلغان، لېكىن ھەممىسىلا ئەمەس، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىلا ئوقۇغان بولسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا يېزىنىڭ بىردىنبىر ساۋاتلىق يىگىتى ئىدى. كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىپى، دۈي بوغالتىرى، گوڭشېغا فۇداۋيۈەن، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىگە باشلىق بولۇپ ئۆزىنىڭ ھېساب - كىتاب ئىشلىرىدىكى قابىلىيىتى، ئىش - خىزمەتتىكى خالىسلىقى بىلەن ھۆرمەت - ئىناۋەت تاپقان ئادەم. ئۇ «تۆتنى ئېنىقلاش» دىن كېيىن مۇئاۋىن ھاكىم، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن مۇئاۋىن مۇدىر، پارتىيە 3 - ئومۇمىي

كىشىلەرگە يېمەكلىكنى چايناپ يېگۈزمەكچى،
قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچۈرمەكچى بولىدۇ. سەۋرلىك
دانالارنىڭ بۇ خىل لاۋزىلىقتا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك
ۋاقتىنى قۇربان قىلغىنىنى كۆرگەن گەپدانلار ئۆزلىرى-
نى ئۆگەتكۈچى دەپ مۇقىملاشتۇرۇپ، كىشىلەر چايناپ
تاشلىۋەتكەن تەمسىز گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى،
ئەقلىنى، زېھنىنى بۇلغايدۇ.

ئىمام مۇھەممەت باشقىلارنىڭ كېيىنى ئەستايىدىل،
سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاشقا ئادەتلەنگەن ھاكىمنىڭ
ئىسسىق چېيىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئاۋۋال ناھىيىلىك
پارتكوم شۇجىسى بىلەن دائىمىي كومىتېت مۇدىرىنىڭ
دېموكراتىيىنى بوغىدىغان مەزھەبچى ئىكەنلىكى، ئۆز-
لىرى بىلەن ئىشلىگۈچىلەرنىڭ دۆت، بېقىنغۇچىلاردىن
بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ناھى-
يىنىڭ :ولغۇسى ھاكىملىقىغا قۇرۇق «زىيالىي»، «ياش»
دېگەن نامىلا بار، نە كۆز قاراش، نە ھېسسىيات، نە
ئەقىل - ئىدرىكى يوق ئۆمەرجان يۈكلۈكنى تاللاپ
ئالغىنىنى شىكايەت بىلەن ئېيتىپ بەردى. ئۇ ھاكىم-
نىڭ قانچە قېتىملاپ ئۇيقۇسىراپ ئەسنىگىنىگە پەرۋا
قىلماي [illegible] سائەت گەپ - شىكايەت قىلغىنىنى ئاز
دەپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىنىڭ كەلگۈسى پاجىئە-
سى توغرىسىدىكى مۇڭىنى گەپلىرىنىمۇ قوشۇپ
قويدى:

— ناۋادا ناھىيىگە ئۆمەر يۈكلۈك ھاكىم بولۇپ،
ھازىرقى شۇجى بىلەن مۇدىر ئۆز ئورنىدا قالىدىغان

تىن چىقىش ئالدىدىكى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئۇيقۇسىز-
لىقتىن چارچىغان بولسىمۇ، لېكىن ھاياتتىن ئۈمىدسىز
ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز تەجرىبىسىنى، پىلانلىرىنى بولغۇ-
سى ھاكىمغا تاپشۇرۇشقا، ئۆزى قىلالمىغان ئىشلارنى
كەلگۈسى ھاكىمنىڭ قىلىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە
ئالدىرايتتى ...

ئىشىك قېقىلدى. ئەيسا ھاكىم يوغان گەۋدىسىنى
يەڭگىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ كارىۋىتىدىن چۈشتى.

ھاكىمنىڭ ئۇزۇن ئاق تامبال، ئاق كۆڭلەك ئىچىدىكى
كۆركەم گەۋدىسى قوش قاناتلىق ئىشىك ئالدىدا پەي-
دا بولغاندا، ئىمام مۇھەممەت قوللىرىنى قوشتۇرۇپ
ھاكىمغا سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم، ئىمام مۇھەممەت! — دېدى ئۇ
گەۋدىسىگە ماسلاشمىغان ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن بېشى
ئارانلا كىندىكىگە تەڭ كەلگەن ئىشخانا مۇدىرىغا ئېگىلىپ
قول سۇنۇپ. — قېنى ئۆيگە!

ئىمام مۇھەممەت ھاكىمنىڭ گۆرجەكتەك يوغان
يىرىك قوللىرىنى دىقماق، يۇمشاق قوللىرى بىلەن
چىڭ سىقتى؛

— سىلىنى ئاۋارە قىلدىم. خاپا بولمىسىلا، بې-
شىمىزنى سىلايدىغان سىلىدىن باشقا ھېچكىمىمىز بول-
مىغاندىكىن سىلىگە كېچىلەپ ھال ئېيتقىلى كەلدىم.

— ياخشى، ياخشى، رەھمەت!

كەم سۆز، ئەقىللىك ئادەملەر بىلمىسەز گەپدان-
لارغا ھامان كالۋا بىلىنىدۇ. بىلمىسەز گەپدانلار

مۇ كۆرسىتەلەيمىز، لېكىن سايلام مەسىلىنى ھەل قى-
لىدۇ. خەلقنىڭ رايى، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ رايى مۇ-
ھىم. ئۆمەرجان ئەمدى يادىغا كەلدى. ئۈچىنچى يېزى-
دىكى قاۋۇل ئاخۇننىڭ ئوغلىغۇ - ھە، قىزىق، مېنىڭكى-
گە شۇ بالا بىرەر قېتىم دەسسەپمۇ قويمىدى!

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن باشقا ھېچكىمنىڭكىگە
دەسسىمەيدۇ. سارائىغا ئوخشاش بىر نېمە ئۇ.

— ئۇنداقمۇ، ئەمەستۇ، ھەر ئادەمدە ھەر خىل
مىجەز بولىدۇ. لېكىن ئاغىنە - ئۆڭگىسىز ئادەم بولماي-
دۇ. ئۇ بالىنىڭ مىجەزى غەلىتە. 1974 - يىلى بىز
ئۇلارنىڭ يېزىسىدا لۇشيەن تەربىيىسىدە بولغان. ئۇ
چاغدا ئۆمەرجان تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ
ناھايىتى يامان بىر ئىتى بار ئىدى. ئىتى دۆينىڭ
قونىقىنى يېگىنى ئۈچۈن مەن بۇيرۇق بېرىپ ئىتىنى
ئاتقۇزۇۋەتكەن. شۇ ئاخشىمى مېنىڭ ئىنگلىزچە ئېگەر-
جابدۇقۇمنى بىرسى چاناپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىپتۇ.
باشقىلار ئۆمەرجاندىن كۆردى. خەلق ئەسكەرلىرىدىگە
باغلىتىپ ئەكەلمەكچى بولدى. مەن ئۇنىمىدىم. ئۆمەر-
جاننى شۇ چاغدا كۆرگەنچە، شۇ خىجالەتچىلىكتىن
قېچىپ يۈرەمدىكىنا!

ئىمام مۇھەممەت باش تۇخۇ بىلەن قايتىپ كەل-
دى. ئۇ ھويلا ئىشىكىگە كېلىپ چۆچۈپ كەتتى، بىرسى
ئىشىككە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى:

— كىم؟ — دېدى ئىمام چۆچۈپ - داجىپ.

— بۇ مەن، ئاخۇنباي! — ئولتۇرغۇچى

بولسا، ياخشىلار باش كۆتۈرەلمەيدۇ. خىيانەت، پارى-
خورلۇق، قانۇنسىزلىق يامرايدۇ، ھەتتا ناھىيە رەھبەر-
لىرى كونا جەمئىيەتتىكى ئەزگۈچى ھۆكۈمران گۇرۇھ-
لارغا ئايلىنىپ، بۇ ناھىيىدە سوتسىيالىزمنىڭ پۇرىقى
قالمايدۇ! ...

ئاخىر ھاكىم يوغان ئالقىنىنى كۆتۈردى:

— مەن بۇ ئىشتىن بىخەۋەر كەنمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر، — مەن خېلى كۈنلەر بولدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىدىم. بۇ ئىش راستمۇ - يالغانمۇ، راس- بولسا ئۇلار نېمىلەرنى ئويلىدى؟ مەن بىر سۆزلىشى- كۆرەي. ئۇكام ئىمام مۇھەممەت، ناھىيىمىزنىڭ ئىشلى- رىغا، كەلگۈسىگە كۆيۈنگىنىڭىز ياخشى. سىزنىڭمۇ ئور- نىڭىز تۆۋەن ئەمەس. سىزمۇ بىر رەھبەر، ماڭا بۇ- گەپلەرنى قىلغىنىڭىز ياخشى، لېكىن مەن بىر نەرسىگ- كۆز يۇمالمايمەن. بىزنىڭ پارتكوم شۇجىسى بىلەن دائىمىي كومىتېت مۇدىرى مېنىڭچە ئوبدان. ئۇلارنىڭ سىزگىمۇ كۆز قارىشى ياخشى. ئۇلار كەينىڭىزدىن سىز- نىڭ نۇرغۇن ياخشى گەپلىرىڭىزنى قىلدى. سىزنى ئۆستۈرۈشتىمۇ بىر بار مەسلىھەت ئىش قىلغان!

— مېنىڭ دېگەنلىرىم بىر تەرەپلىمە بولۇشىمۇ مۇمكىن، — دېدى ئىمام بىردىنلا بوشاپ، — بۇ ئۆزئارا گەپ.

— ئەنسىرىمەڭ، مەن گەپ توشۇمايمەن. ئۆمەر- جاننىڭ ئىشى بولسا سايلام بىلەن بولىدىغان گەپ. شۇجى بىلەن مۇدىر نامزات كۆرسىتىدۇ، مەنمۇ، سىز-

پول چىڭداش ماشىنىسى، كىرانغا ئوخشاش چوڭ ماشىنىلاردىن نۇرغۇنلىرىنى قۇراشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ ناھىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان ھەم كېۋەز ئۇرۇقى سالالايدىغان ھەم ئوت ئوتىيالايدىغان ھەم بىرلا زاپچاس يەڭگۈشلىسە تېرىقچىلىق قىلالايدىغان كىچىك دىزىللىق ماشىنا لايىھىسىنى سىزىپ چىقتى. ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ھازىر زاۋۇت جىددىي تەييارلىق قىلماقتا. ئۇ تېخنىكا جەھەتتىكى قابىلىيىتى بىلەن كۆپچىلىك ئىچىدە ئابرويغا ئىگە بولغاندىن سىرت، ئۆزى ئىنژېنېر ئۇنۋانى بار تېخنىك تۇرۇپ ئىشچىلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى ھار ئالماي قىلىۋېرىدۇ. زاۋۇت ئائىلە ئاياللىرى دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن بوز يەر ئاچماقچى بولغاندا، ئۆمەرجان بىر ئاي توپىغا مىلىنىپ تويا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ھەيدىدى. شەھەرگە سېمونت ياتقۇزۇش ئۈچۈن زاۋۇتقا شېغىل توشۇش سېلىقى چۈشكەندە، ئۆمەرجان «شەرق قىزاردى — 28» ماركىلىق قوپال تراكتور بىلەن ئۈن - تىنسىز 46 كۈن شېغىل توشۇدى. قىشتا كۆمۈر توشۇش، قۇرۇلۇشقا خىش توشۇش ياكى زاۋۇتقا پاياتلاش ئارقىلىق تۆمۈر دەرۋازا ياساش ... قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئۇ «مەن ئىنژېنېر، بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس» دەپ ئۆزىنى چەتكە تارتمايدۇ. مەسىلە شۇنداق. ئۇنىڭ ئىشخانىسى بىر چوڭ زال. ماشىنا رېمونت قىلىدىغان ئورەكمۇ، خىل-خىل زاپچاسلارمۇ شۇ يەردە. قۇ-

مدىرلىدى.

— ئاخۇن پىتنىمۇ؟ ... — ئىمام لەقىمىنى قوشۇپ
ئېيتتى، — ھە، نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— نېمە قىلىپ؟ سېنى ساقلاپ، سەن مېنىڭ
ئاغىنەم، قاراڭغۇدا ئاغىنە. كۈندۈزى باشلىقسەن. كې
چىلەپ بىرىنچىدىن ئىچكىلى، ئىككىنچىدىن پىتنە قىل
غىلى كەلدىم.

— يۈر باغقا. تازا ۋاقتىدا كەپسەن!

ئۇلار ھويلىغا، ئاندىن كېيىن باغقا چىقى
كېتىشتى.

3

— بىزنىڭ ئۆمەرجاننى يازماقچىمىز سىز؟ ناھا
يىتى ياخشى. ئۇنداق بولسا شۇجەننى ئىزلەپ نېمە
قىلىسىز؟ مەنلا سۆزلەپ بېرەي ... — ئالىي مەكتەپ
مەلۇماتىغا ئىگە ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارىغا زاۋۇت
بوغالتىرى گېپىنى مانا شۇنداق باشلىدى، — بىرلا
ئۆمەرجان بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دېھقانچىلىق ماشى
نىلىرىنى قۇراشتۇرۇشتا، رېمونت قىلىشتا ياكى ئاسراش،
ئىشلىتىش جەھەتلەردە بولسۇن خەنزۇچە، ئىنگلىزچە
چۈشەندۈرۈش، چىرتيوژ، جەدۋەللەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ
ھەممىلا ئېھتىياجىدىن چىقالايدۇ. ئۇ ئامېرىكا، فرانسى
يە، غەربىي گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن
كىرگەن كومبايىن، تراكتور، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى،

تېخى؟ ... مەسىلە شۇنداق ... ئۆمەرجاننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پايدا - زىيىنىنى ئاللىقاچان ھېسابلانغان. ئايدا ئالىدىغىنى 70 يۈەن بولسا، كىرگۈزىدىغىنى 7000 يۈەن. دېمەك، ئۇن باراۋەر جىق پايدا يەتكۈزىدۇ. مەن ھەممىلا ئادەمنى ھېسابلاپ ئولتۇرمايمەن، ئەمما مەسىلە شۇنداق. مەيدىسىگە ئۇرغانلا ئادەمنى ھېسابلايمەن. ھەر قانداق گۈركىرىگەن پالۋانلىرىمىزمۇ ئالغان ئايلىقىدىن 4 — 5 ھەسسە ئارتۇق كىرىم قىلالمايدۇ. ئېغىز باتۇرلىرىچۇ؟ ھەر ئايدا ئالىدىغان ئايلىقىدىن بىرنەچچە ھەسسە كۆپ زىيان سالىدىغانلىرىمۇ بار تېخى! ئۇلار يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن كاماندىروپكىغا كەتسە بىرنەچچە ئايلاپ كۈنلۈكى 5 — 6 يۈەندىن يۇقىرى مېھمانخانىلاردا يېتىۋالىدۇ، مەسىلە شۇنداق، ياتقىنىغا تېخى كاماندىروپكا پۇلى ئالىدۇ. قايتىپ كەلگەندە پۈتتۈرگەن ئىشىنى سۈرۈشتۈرسىڭىز تۆت موچەنلىك پايدىسى چىقمايدىغان ئىش. بىزنىڭ زاۋۇت مانا مۇشۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن بەش يىل ئۇدا زىيان تارتقان ئىدى. ئىككى يىل بولدى، ئۆمەرجاندەكلەر قەدىرلىنىپ ھېلىقىدەكلەر چەكلىنىۋېدى، زىيان پايدىغا ئۆزگەردى. بۇنداق دېسەم بەلكىم يازغۇچى ئەپەندىم، بىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى پۇل بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ، دېيىشىڭىز مۇمكىن، دۇرۇس، مەسىلە شۇنداق، مەنمۇ بىر بوغالتىر، پايدام چاغلىق، لېكىن پايدا - زىياننى ھېسابلىمىسا زاۋۇت تۈگىشىدىكەن. زاۋۇتلا ئەمەس، پۈ-

روۋق گەپ ساتىدىغان، ئۈچ - تۆتى بىر بولۇۋېلىپ
بوتۇلكا بىلەن ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان، قارتا ئوي
نايدىغانلارمۇ بۇ زالدىن ئورۇن تېپىشىدۇ. نېمىشقا
دېگەندە، ئۆمەرجان بىرىنچىدىن ئۇلارغا ئارىلاشمايدۇ.
ئىككىنچىدىن ئۇلارنى خاپا بولۇپ ئىشخانىسىدىن
قوغلىمايدۇ. خۇددى ئەتراپىدا ھېچ ئادەم يوقتەك
مايغا مىلىنىپ ماشىنا قۇراشتۇرىدۇ ياكى پۈتۈن زېھنى
بىلەن كىتاب ياكى چىرتيوژغا قادىلىۋالىدۇ. بۇنداق
چاغلاردا ئۇ ھاياتىدا يۈز بەرگەن خۇشاللىق ۋە خاپى
لىقلارنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ - دە، قىلىۋاتقان
ئىشىدىن يېڭى خۇشاللىق ياكى خاپىلىق تېپىش ئۈچۈن
خۇددى قۇرۇق توپىدىن دان ئىزلىگەن توخۇدەك ئەجە
قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۈنلىرى مانا مۇشۇنداق بىر - بىرىگ
ئۇلىشىپ ئۆتىۋاتقىلى بۇ يىل مېنىڭ ھېسابىمدا بەش
يىل، ئىككى ئاي بولدى. ئۇنىڭ زاۋۇتقا كەلگەندىن
بېرىقى كەلتۈرگەن پايدىسىنى پۇل بىلەن ھېسابلى
ساق ھەر ئايدا زاۋۇتقا 7000 يۈەندىن پۇل
كىرىم قىلغانلىقىنى تەخمىنەن ھېسابلىدىم. بۇ قانداق
ھېساب دەمسىز؟ مىسالى بىر چوڭ ماشىنىنى بىز
قۇراشتۇرالمىدۇق دەيلى، ئۇنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن
ئۈرۈمچىدىن ياكى ئىچكىرىدىن تېخنىك تەكلىپ قىلى
مىز. تېخنىكنىڭ يول خىراجىتى، ياتاق، تاماق، ئىش
ھەققى، ئېلىپ ماڭىدىغان سوۋغا - سالىمى بولۇپ
گەپ يوق 4000 — 5000 يۈەن كېتىدىكەن. ئۇنىڭ
كەم - كۈتە، كاردىن چىققان زاپچاسلىرى ئۈچۈنمۇ

سىزا؟ دېھقانچىلىققا لازىملىق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ رېمونت قىلىش دېگەن سۆز ـ دە. بۇ چاغدا بولىدىغان كىرىم، سوۋغا ـ سالام، كۈتۈلۈش، باشقا ھېچۋاقىتتا بولمايدۇ. ئەگەر ئۆمەرجاننىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولغىنىدا، پارا، سوۋغا ـ سالام قوبۇل قىلىپ ئەمەس، قىلغان ئىشقا بېرىلگەن ھەق ئۈچۈن بايلىققا تىقىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئالايلۇق، بىر تراكتورنىڭ لىخېچىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش بىر سائەتلىك ئىش، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن دېھقان 50 ـ 60 تەڭگە پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئۆمەرجان ئالدىغا كەلگەنلىكى ئىشنى ياق دېمەي قىلىۋېرىدۇ. لېكىن نۇرغۇنلىرىغا ھەق ئالمايدۇ، ھەق ئالسىمۇ زاۋۇتقا تاپشۇرىدۇ. ئىللا ـ بىللا مائاشىدىن باشقا بىر سىنت كىرىم قىلمايدۇ. مانا مۇشۇ ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى. ئۆزى تاپقان پۇلنى بىكىرىغا بېرىۋەتكەن ئادەمنى ئەخمەق دېمەي نىمە دېگۈلۈك؟ لېكىن ئۆمەرجان ئەخمەق بولغىنى بىلەن خەلق ئىچىدە ھۆرمەتكە ئىگە. مەن ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، سىزدىن نېمىسىنى يوشۇراي، ئۇ قوبۇل قىلمىغان سوۋغىلارنى مەن يەڭ ئىچىدە قوبۇل قىلىۋېرىمەن. ئۆمەرجاننىڭ ئايالى بۇنداق ئىشتا ئەپچىل. مەن ئېلىپ بارغان پۇل، گۆش، ياغ، ئۇن، كۆكتاتلارنى ئۆمەرجانغا تۇيدۇرماي جايلاشتۇرالايدۇ. مەنچۇ؟ مالىيە ـ ئىقتىساد كادىرى بولغىنىم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۆمەرجاننىڭ ھەر قېتىمقى كىرىمىنى رەھبەرلىك-

تۈن ناھىيە، پۈتۈن دۆلەتمۇ شۇنداق. ئاۋادا پۈتۈن
ناھىيەدىكى كادىرلار، ئىشچىلار ئۆمەرجاندەك پايدا
كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، بىزنىڭ ناھىيە 3 — 4
يىلدا مەملىكىتىمىزدىكى ئىلغار ناھىيىلەرگە يېتىش
ۋالغان بولاتتى. «ئۆمەرجاننىڭ دوستى يوق، ھەتتا
ئايالىمۇ قاپاق ئاچمايدۇ» دېگۈچىلەر ئاخۇنباي پېت
ىنچىنىڭ ئاغىنىلىرى، ھېچ بولمىسا پېتىنە – پاساتقا
ئامراق نان قېپىلار. مانا مەن ئۆمەرجاننىڭ ئاغىنى
سى. ئىككىمىز ئارىلاپ – ئارىلاپ بىللە ئولپەتچىلىك
قىلىمىز. 3 — 4 رومكا ئىچىپ مۇھەببەتلىشىش
قانداق راھەت؟ ئۇمۇ خۇددى مۇزىكا، ناخشا تىڭشىغا
دەك، تاغ سەيلىسى قىلغاندەك. راھەت ئىش. مە
ھەر قېتىم ئۆمەرجان بىللە ئىچسەم ئاشۇنداق
راھەتلىنىمەن. ئۇ غەيۋەت، پېتىنە – پاساتقا ئۆچ
ئۇ ئاڭلىغان، ئوققان يېڭىلىقلىرىنى شۇنداق قىزىقار
لىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇكى، «ئورۇمچى كەچلىك
گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ياكى «بىلىم
كۈچ»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گە بېسىلمىدىغان قىزى
قارلىق ئىلىم – پەن يېڭىلىقلىرى ئۇنىڭچىلىك لەززەت
بېرەلمەيدۇ. مەسىلە شۇنداق. ئۆمەرجان سازمۇ چالى
دۇ، ناخشىمۇ ئېيتىدۇ. شۇنداق قاقاقلاپ كۈلىدۇكى
مەن ھېچقاچان ئۇنىڭچىلىك لەززەتلىنىپ كۈلەلمەيمەن
بىز ھەر يىلى سەييارە رېمونتخانا قۇرۇپ ئورۇ
ۋاقتىدا يېزا ئارىلايمىز. مەن ئۆمەرجان بىلەن بىلل
بولۇۋالىمەن. سەييارە رېمونتخانا دېگەن نېمە دەم

ئىنژېنېر دېگەن نام بېرىلىپتۇ، كىنىشكا ئەۋەتىپتۇ
دېگەننى ئاڭلاپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى مەزىن
بىلەن تەڭ ئويغىنىپ ئۆمەرجاننىڭ ئۆيىگە كەلدىم.
ئۆيىگە كەلسەم تېخى توخۇلىرى قونداقتىن چۈشمەپتۇ.
باشقا چاغلار بولسا ئىشىك - دېرىزىسىنى چالاقلىتىپ ئويـ
غىتاتتىم. لېكىن ھازىر بولمايدۇ - دە. مەسىلە شۇنـ
داقكى، ئۇ ھازىر ئىنژېنېر. بىر سائەت ئۆمەرجاننىڭ
ئىشىك دېرىزىسىنى ئايلاندىم. ئاخىر ئۇ چىقتى. قوـ
لۇمنى كۆكسىمگە قويۇپ سالام بېرىۋېدىم، ئۇ قاقاقلاپ
كۈلۈپ يۈرىدۇ تېخى. ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتۇم،
سىلىدىم، كۆزلىرىمدىن ياش ئاقتى، بۇ خۇشاللىق،
ھاياجان يېشى، نېمىشقا دەمسىزا؟ مەسىلە شۇنداق، ئۇ
بىزنىڭ ناھىيىنىڭ بىرىنچى ئىنژېنېرى، مېنىڭ بىرىنـ
چى قېتىم ئىنژېنېرنىڭ قولىنى تۇتۇپ بېقىشىم. ئۆمەرـ
جان ئۇچۇن ماختاندىم، غادايدىم، كىشىلەر ئارىسىدا:
«ئىنژېنېر ئاغىنەم ئۇنداق دېدى، بىزنىڭ
ئىنژېنېر بۇنداق قىلدى» دەپ سۆزلەپمۇ يۈردۈم.
مەسىلە شۇنداق. لېكىن ئۆمەرجان غادايمىدى، كېرىلـ
مىدى، مانا شۇنىڭ ئۇچۇن مەن ئۆمەرجاندىن ئاغرىـ
نىپ يۈردۈم. لېكىن بۇ ئىشلار نېمىلا بولسۇن ئۆتـ
مۈش بولۇپ قالدى. ئىنژېنېرلارمۇ كۆپىيىپ قالدى.
لېكىن ئۆمەرجاندەك ئىشچى بىلەن پەرقلەنمەيدىغان
ئىنژېنېر نەدە بولسۇن؟ مەن ئۇكام، كىشىلەرنىڭ مەنـ
سىپىگە قىزىقمايمەن، خورازدىمۇ، مېكىياندىمۇ تاج بولۇـ
ۋېرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقارما، بۆلۈم
باشلىقى دېگەندەك مەنسەپلەر كاللا دېسە پاقالچاق

كه دوكلات قىلىپ تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ئېلىپ ما
شىغا قوشۇپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن. ئۆزىڭىز
دەمسىز؟ ھەر قېتىم سەييارە رېمونتتىن قايتىپ كېلى
مەنمۇ ھەم تەشكىلدىن، ھەم دېھقانلاردىن مۇكاپا
ئالىمەن. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەرجان بىلەن بىل
چىقىشنى ياخشى كۆرىمەن. مەسىلە شۇنداق. بۇند
دىسەم بۇ بىر قىزىلكۆز ئوغرى ئوخشايدۇ دەپ قا
ماڭ يەنە! راست گەپ قىلغۇم كېلىپ قالدى، يېڭ
لىپ مۇشۇكتەك كۆزىنى يۇمۇۋالغانلاردىن قورقسا بو
دۇ. بىزچۇ؟ ئون تەڭگە يېسەك 100 تەڭگىلىك ماخت
نىمىز، مانا شۇنىڭ بىلەن ئېغىز بالاسىدىن نېر
بولالمايمىز. لېكىن مەسىلە شۇنداق. بىز ھالاللا
يەيمىز. دوستۇڭنىڭ ئالدىدىن ئاشقان تاماق سا
ھالالغۇ - ھە؟ ئۆمەرجاننىڭ نېسىۋىسى ئۈچۈن باشق
لار كۆز ئالايتسا ئەلۋەتتە، بۇ نېسىۋە ئۇلارغا ھار
بولاتتى، ئەمما مەن زاۋۇتتا ئۇنىڭ ھىمايىچىسى
دائىم ئۇنىڭ پايدىسىغا چوت سوقىمەن. لېكىن مەسىل
شۇنداق، مېنىڭ ئۆمەرجانغا ئاچچىقىم بار، نېمىشق
دېگەندە ئۇ ھازىر ئىنژېنېر دەڭا! ئۆزىنى ئىنژېنېر
دەك تۇتۇشى، پاكىز كىيىنىپ كوچىلاردا ئىنژېنېردەك
مېڭىشى، مايغا مىلىنىدىغان يەردە ياتىدىغان قارا ئىش
لارغا باشقىلارنى بۇيرۇشى لازىم ئىدى، ئىنژېنېر دې
گەن كىچىك نامىمۇ؟ مەن 50 ياشقا كىرگىچە ئىن
ژېنېر دېگەننى ئاڭلىغان، كىتابلاردىن ئوقۇغان، لېكىن
كۆرۈپ باقمىغان. بىزنىڭ ئۆمەرجانغا يۇتىرىدىن

زىۋەن قىلىپ قويدى. مانا بۇ ئىشلىرى ماڭا ياقمايدۇ. يىلاننى قوينىغا سالغان ئادەمگە كىمنىڭ ئاچچىقى كەلمەسۇن؟ ئۆمەرجاننىڭ مانا مۇشۇ ئىشى ئەپلەشمىدى. لېكىن مەسىلە شۇنداق، مەن ئۆمەرجاننىڭ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشى بىلەن دۈشمىنىگە رەھىم قىلىشىغا ھەر قانچە ئۆچلۈك قىلسامۇ، بۇ بالىنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىمەن. بەلكىم ئايالى ئازادەممۇ ئۆمەرجاننى مەنچىلىك ئاياپ كەتمەس. مەن ئۆمەرجاننىڭ ئۆسۈشىنى، زاۋۇتقىلا ئەمەس، ناھىيىگە، ھەتتا ۋىلايەتكە، ئۈرۈمچىدىنمۇ چوڭ ئورۇنغا باشلىق بولۇشىنى تىلەيمەن. لېكىن مەسىلە شۇ يەردە، ئۇ نەگە باشلىق بولسىمۇ بىرىنچىدىن ماشىنا دەۋاسى قىلمايدۇ. ئىككىنچىدىن ھەرگىز باشقىلارغا قولىغا سۇ قويغۇزمايدۇ. مېنىڭچە ئۇ نەگىلا بارسا، نەگىلا قويۇلسا بەرىبىر مايىغا، توپىغا مىلەنگەنلەر بىلەن بىر سەپتە بولىدۇ. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ ياكى زامانىسى كەلدىمۇ؟ بۇنى يازغۇچى ئۇكام ئۆزىڭىز بىلىڭ! ...

— ئەيسا ھاكىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئېگىز بوي، چىرايلىق يىگىت. ئۇ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىپ يۈرۈپ 27 ياشقىچە ئۆيلەنمىدى. ئۇ زامانىمىزدىكى ئەڭ داڭلىق يېڭىلىق تەشەببۇسچىلىرىدىن بولغان خېمىڭۋاي. ئايتماتوۋ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا بېرىلىپ ئوقۇغان. شۇڭا ئۇ يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن غەلىتە خاراكتېرلىك ئادەملەرنى ئىزلەپلا يۈرىدۇ. ئەتىگەن دادىسىدىن ئۆمەرجان

دەيدىغان بىلمىسزلەرگىمۇ. كالتەكچى، پاچاقچى
كۆتۈلەرگىمۇ. ئىش خوش ياقماس يارامسز نان قېپىلا
غىمۇ تېگىپ قالىدىكەن. خودى دانالارغا نادانىنى ھ
پىكەر قىلىپ قويغانغا ئوخشاش، بىزنىڭ زاۋۇتىق
ئادەم تېپىلمىغاندەك ئاخۇنباي پىتنىچى بىر مەھ
باشلىق بولۇۋالغان، ئۇنىڭ قىلىدىغانىلا ئىشى ئۆمە
جاندەك ئىشچانلارنى قىيناش - جازالاش ئىدى.
مەرجاننى بىر كۆكشى كېچىلەپ تراكتور رېمونت ق
لىشقا ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قايتىپ كەلگەندە ئۇ
ھۆكۈمەتسىز دەپ تەنقىد قىلدى. ئۇنىڭ خەلققە كە
تۈرگەن پايدىسى بېشىغا كالتەك بولدى. ئىشخانى
ھۆكۈمەتنىڭ توكىنى ئاياپ بەزى زاپچاسلارنى ئۆيى
ئەكىتىپ تۈزەشتۈرسە ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمە
ئۆمەرجاننى ئوغرى دەپ گۇمان قىلىپ، خەلق ئەسكەر
لىرىگە بۇيرۇق بېرىپ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، شەخسي پۇ
لىغا ئالغان سىۋۋاركا ماشىنىسى، قىسقۇچ، گىرە چىقى
رىدىغان ئەسۋاب قاتارلىقلىرىنى بۇلاپ ئەكەلدى ..
ۋاي - ۋۇي تارتقان زىيانلىرى ناھايىتى كۆپ بول
دى. ئاخىر ئاخۇنباي پىتنىچى غولىدى. باشقىلار ئۇنى
پاش قىلدى. مەن چېغىمدا ياقىسىدىن بوغۇپ تۇرۇپ
ھېساب ئالدىم. لېكىن بىزنىڭ ئۆمەرجان خودى ھېچ
ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپلا قويدى. ئاخۇنباي پىتنىچى
ئىشتىن ھەيدەلگەندە ھەممىدىن بەك ئىچ ئاغرىتقان
يەنە شۇ ئۆمەرجان بولدى. ئۆمەرجان باشقىلارغا تولا
دەپ يۈرۈپ ئاخىر يەنە ئاخۇنباي پىتنىچىنى دەرۋا

ئوقۇپ كەلگەن بولسىمۇ، تېخىچە كەسپى مۇقىملاشمىدى. تەرجىمانمۇ، كاتىپمۇ، تەشۋىقات دۆي ئەزاسىمۇ، ئارتىس، ماشىنىست، بوغالتىرمۇ بولۇپ كۆردى. لېكىن ھېچ ئىشقا ئۆزلىشەلمىدى. سەۋەبى بۇ ئىشلار ئازادەمنىڭ دىتىغا ياقمىدى. ئازادەم تەتقىقاتچى ياكى ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ناھىيىدە بۇ خىل مەخسۇس كەسىپ يوق ئىكەن. ئاخىر تەقدىر ئۇنى مۇشۇ پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا ئەكىلىپ قويدى. ئۇ يىلدا بىر قېتىم خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان مەيدان، يېزىلارغا بېرىپ جەدۋەل تارقىتىدۇ - دە، قالغان ۋاقىتلارنى ئىدارىدە كىتاب ئوقۇش، خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ خىل خىزمەتتىن ئۇ رازى بولماي نېمە قىلسۇن؟ لېكىن خىزمىتىدىن رازى بولغىنى بىلەن ئۇ تۇرمۇشتىن رازى ئەمەس. ئۇ نېمىلەرنى تەمە قىلمىدى. نېمىلەرنى ئارزۇ قىلمىدى، لېكىن ئارزۇ - تەمەلىرىنىڭ زادى قانچىلىكى رېئاللىققا ئايلاندى؟ يۈزدىن، ھەتتا مىڭدىن بىرى دېگىلىمۇ بولمايدۇ - دە. مانا شۇ كىچىككىنە بەختكە ئېرىشكىچە ئۆز ۋۇجۇدىدىن ناھايىتى جىق نەرسىنى قۇربان قىلدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ ياشلىق گۈزەللىكىنى ئالساق، ئۇ بەختلىك بولۇشقا ھەقلىق ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭدىكى چىراي پۈتۈن مەھەللىدە تېپىلمايتتى. ئەقىل - ئىدراكتا ئۇ دادۇي مەكتىپىنىڭ ئالدى ئىدى. ئونىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن يىلى گوڭشېنىڭ تەشۋىقات دۆيىدە ئارتىسلىق قىلىۋىدى، بىرلا

توغرىسىدىكى يېڭى خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاۋۋال كۆزىد
ياش چىققىنە كۆلدى، كېيىن بولسا قوشۇمىسىنى تۈر
ئويلىنىۋالدى – دە، دادىسىغا:
— مەن زاۋۇتقا بېرىپ ئۆمەرجاننىڭ ئەھۋا
نى ئۆگىنىپ باقاي، — دېدى.
— ياخشى، بارغىن بالام، ئەدەبىياتچىنىڭ كۆ
بىلەنلا قاراپ تۇرۇۋالماي، ئۇنىڭغا سىياسەتچىن
كۆزى بىلەنمۇ قاراپ باققىن. قايتىپ كەلگەندە ئە
ۋالنى ماڭا ئوبدانراق سۆزلەپ بەرگىن.
شۇ ئاخشىمى ئوغلى دادىسىغا ئۇنىڭ لىغۇ قويۇ
بەردى. ئۇنىڭ لىغۇدىن ماشىنا – تراكتور رېمونت زاۋۇ
بوغالتىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بوغالتىر ئۆمەرجا
ھەققىدە زوق ۋە ھەۋەس بىلەن يۇقىرىقىلارنى سۆز
لەپ بەرگەن ئىدى.

4

... ئازادەم ئۆز خىزمىتىدىن تولىمۇ رازى ئىدى
چۈنكى بۇ ئىشخانىدىكى ئۈچ ئايالنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ
نىڭ بىلەن بەسلەشمەيدۇ، ئۆچلەشمەيدۇ، قاتتىق –
يېنىك گەپ – سۆز قىلىشمايدۇ.
ئازادەم بىرەر مۇقىم كەسىپنى ئىگىلىمىگەن
بولسىمۇ، ئالىي مەلۇماتلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا
مەكتەپنى 1970 – يىلى پۈتتۈرگەن، كېيىن ئىشچى –
دېھقان، ئەسكەر ئوقۇغۇچىلار ھېسابىدا ئىچكىرىگە بېرىپ

رۇش، باشقىلار بىلەن ئورۇن - مەرتىۋە تالىشىش ئۈ-
چۈن بەل باغلىمىدى. لېكىن ھەش - پەش دېگۈچە
26 ياشقا كىردى، ئۇ نە كۆڭۈلدىكىدەك لايىق-
قا، نە كۆڭۈلدىكىدەك مەرتىۋە - ئورۇنغا ئىگە بولال-
مىدى. ئۇ مۇشۇنداق سائەت ماياتنىكىدەك بىر خىل
ھەرىكەت بىلەن چېچى ئاقارغىچە ئىشلەشنى خالىمايت-
تى. ئۇ ئۆز ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى، ئۆز بىلىم - قا-
بىلىيىتىگە يارىشا مەرتىۋە - ئورۇنغا، ئۆز قىممىتىگە
لايىق بەخت - راھەتكە ئىگە بولۇشنى تەقەززالىق، ۋەس-
ۋەسە، ئىچ - پۇشقى بىلەن كۈتتى. لېكىن ھايات ئۇ-
نىڭغا ئادالەتسىزلىك قىلىۋەردى، ئۇنىڭ كۈتكىنىنى
زادىلا بەرمىدى.

ئۇ يىغلاپ، تېلىقىپ توختىغان بالىدەك بەشىنچى
يىلى كۈتۈشتىنمۇ چارچىدى. ماھىر چەۋەنداز شاش
ئاتنى ياۋاشلاتقاندەك ھايات ئۇنى سەۋر - تاقەتلىك،
خىيالچان قېرى قىز قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ دوستلىرى
ئەرلىرى بىلەن بالىلىرىنى يېتىلەپ كوچىلاردا ماڭغان-
دا، ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇرسىندى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلى-
رى ئوڭايلا ئۆسۈپ كۆتۈرۈلۈپ ئورۇن - مەرتىۋىگىمۇ
ئېرىشكەندە ئۇ شۇنچىلىك ئۆرتەندى: «باشقىلار مەن-
دىن ھەر جەھەتتە تۆۋەن تۇرسىمۇ، كۈتكىنىگە ئاسان-
لا ئېرىشەلەيدۇ، نېمىشقا بۇ بەخت قۇشى مېنىڭلا بې-
شىمنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ - ھە؟» دەپ زارلاندى. ئۇ
ئاخىر ھاياتنىڭ بەزى سىرلىرىنىمۇ چۈشىنىپ قال-
دى. ھەممە ئىش ئادەملەر بىلەن پۈتىدىغانلىقىنى،

يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل بىلەن پۈتۈن گۈگشىپ يىگـ
لەرىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى. ناخشىلار نېچۈ؟ ئۇنىـ
غۇلارغا ئېلىنىپ قانچە ئولتۇرۇشلاردا مەست يىگىتلەرنـ
يۈرەكلىرىنى ئويناتتى ... مانا مۇشۇ ئالاھىدىدىلـ
لەرى بىلەن ئۇنىڭغا ناھىيىنىڭ ھەتتا ۋىلايەتنىـ
ئەڭ ياخشى يىگىتلىرى ئاشىق بولۇشى، كەينىگە كىرـ
شى لازىم ئىدى، ئازادەم خۇددى قوغۇنلۇقتا قوغـ
تاللىغاندەك ئونلىغان، يۈزلىگەن يىگىتلەر ئىچىدـ
راسا كۆڭلىگە ياقىنىنى تاللىشى لازىم ئىدىغۇ. لېكـ
ھايات ئۇنداق بولمىدى. ئازادەم ئىچكىرىدىن قايتـ
كەلگەندە بىرمۇ داڭلىق يىگىت (كەيپىسىز يىگىتلەر كۆ
ئۇچرىدى، ئەلۋەتتە) ئازادەمنىڭ پېيىگە چۈشـ
دى. ئۇنى ئاز دەپ ئۇنى ئاددىي بىر خىزمەتكە، يەنـ
ماتارىپ بۆلۈمىنىڭ تەرجىمانلىقىغا تەقسىم قىلـ
قويدى. ئازادەم ئەمدى ئۆز باشلىقلىرىغا ياخشى كۆ
رۈنۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى ياخشى كىيىنىپ، ئۆزىنى
پەردازلاپ باشقىلارغا خۇشامەت قىلىدىغان، يېلىنىدـ
غان بولدى. ئۇ كېچىلىرى ئويغاق يېتىپ: «دۇنياغا نېـ
مىگە تۆرەلدىم؟ باشقىلارغا ئۆز ئەقلىمنى تەقدىم قىلـ
غىلى، ئۆزۈمدىن بىلىمسىز، قابىلىيەتسىز ئادەملەر ئالـ
دىدا كۆچۈكلەنگىلى ياكى ئۇلارنىڭ كۆزىگە ياخشى
كۆرۈنۈشنى ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەس بۇرچى قىلغىلىمۇ؟»
دەپ ئۆز ئۆزىدىن سورايتتى. بۇ سوئاللارغا بۇقۇلـ
داپ يىغلاپ تۇرۇپ كۆز يېشى بىلەن «ياق» دەپ
جاۋاب بېرەتتى. ئۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قەد كۆتۈـ

نىڭ ئۈچۈن رازى، ئائىلىسى ۋە ئۆمەرجاندىن تېخىمۇ
رازى.

ئۆمەرجان ياۋاش، بىلىملىك، ئازادەمنىڭ ھەر-
قانداق تەلىپىگە كۈلۈپ تۇرۇپ، خاتىرجەم جاۋاب
بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىغا تۇتقان مۇئامىلىسىدە زادىلا
ساختا - يالغانچىلىق يوق، لېكىن ئۇ ئايالىنى بىر
قېتىممۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئەركىلەتكەن ئەمەس.
ئۇلار خۇددى بىر مېھمانخانا ھۇجرىسىدا ئۇزاق ۋا-
قىت بىللە تۇرۇپ بىر - بىرىگە ئىچەكىشىپ قالغان
دوستلاردەك بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشىدۇ. ئۆمەر-
جان مۇشۇ دوستلۇقنى مەڭگۈ ساقلاپ قالماقچى بول-
غاندەك ئازادەمنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى كۆرسە-
كۆرمەسكە، ئاڭلىسا قۇلاق يوپۇرۇشقا تىرىشىپ كەلمەك-
تە. لېكىن ئازادەم بۇ توختام سۇدەك ھايات بىلەن
قانائەتلەنمەيدۇ، ئۇ ئېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى-
نىڭ دوستلۇقتىن ھالقىپ كېتىشىنى، ئۇلارنىڭ مېھمان-
لاردەك ئەمەس، ئاشىق - مەشۇقلاردەك بولۇپ كېتىشى-
نى خالايدۇ. ئۆمەرجان ياۋاش، ئۇنى رەنجىتمەيدۇ.
لېكىن ئارتۇقچە خۇشامۇ قىلالمايدۇ. ئازادەمنىڭ ناخ-
شا ئېيتقۇسى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى، دوستلار بىلەن
قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ساياھەت قىلغۇسى، تانسا -
ۋېچىر ئوينىغۇسى كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆمەرجان ئۈچۈنلا
بۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بول-
دى. ئۇنىڭ ئۈمىدى ئارزۇلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك خوش-
لىشىش ئەمەسمۇ؟ بۇ ئارزۇلاردىن ئەبەدىي ۋاز كېچىش-

بىرلىرىنىڭ يۆلىشى، بىرلىرىنىڭ تارتىشى بىلەن
دەملەر بەخت - تەلەيلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ
دى. ئۇ دەسلەپ مۇئاۋىن ھاكىمغا يېقىنلاشتى.
كۈندىلا يېقىنلىق ئۈنۈم بەردى. ئازادەم ئۈنۈمسىز ي
دەك ھوسۇلى يوق ئىش — تەرجىمانلىقتىن قۇتۇ
كاتىبات ئىشخانىسىغا يۆتكەلدى. تەقدىر ئۇنى مۇئاۋ
ھاكىم بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. ئۇلار بىر گ
شىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ بىللە ئىشلىدى.
ران - چاپقۇنلۇق بىر كېچىسى گۈگۈشىنىڭ ئېلىپ
چىراغلىرى ئۆچۈپ، ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا ياتقىنىدا
زادەمنىڭ بەدىنىگە تۇنجى قېتىم ئەركىشىنىڭ دىمى
ئورۇلدى... يېقىنچىلىق شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئ
زادەم ئازابلاندى، كىشىلەرگە كۆرۈنمەسكە، كىشىل
بىلەن ئارىلاشماسقا تىرىشتى. ھاكىم نەگىدۇر ئۆسۈ
كەتتى. لېكىن ئازادەمنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش
بولمىدى...

— ھاياتنىڭ سىرى ئادەملەردە ئىكەن. ھاياتنىڭ
لەززىتىمۇ، بالايى - ئاپىتىمۇ ئادەملەردىن كېلىدىكەن.
ئازادەمنى يەنىلا ئادەملەر خۇشاللىققا ئېرىشتۈردى.
دوستلىرى ئۇنى ئۆمەرجان بىلەن تونۇشتۇردى.
ئۆمەرجان ئادەمگە خۇشاللىق، بەخت ھەدىيە قىلدى.
ئۇلار ئىناق، كۆڭۈللۈك بىر ئائىلە قۇرۇۋالدى. ئازا-
دەمنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى ئۆمەرجاننىڭ مۇۋەپپەقىيەت-
لىرى ھېسابىغا كىشىلەر ئالدىدا ماختىنىش، ھۇزۇرلى-
نىش بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى ھازىرقى ئورنىدىن شۆ-

ئازادەمنىڭ كۆڭلى خوش، ئۆزى ئالدىراش. شو-
نىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ئىشىغا بىر سائەت كېچىكىپ
كەلدى.

— ئىشنىڭ تايىنى يوق، كەلمىسىڭىزمۇ بولاتتى، —
دېدى بۆلۈم باشلىقى، ئاق چاچلىق خەنزۇ
ئايال كۈندىكىدىنمۇ مۇلايىم ئاۋازدا، — بەلكىم مېھ-
مانلار كۆپتۇر، بىزنىڭ بوۋاي ئۆسىدىغان چاغدىمۇ
بىر ھەپتىگىچە ئادەم كۈتكەن ئىدىم. ھارىسىز، لېكىن
يەنە ھارغىنىز كېلىدۇ. ھى... ھى... ھى ...

— بۇنى بىر دېمەڭ لى جۇرېن، — دېدى ئا-
زادەم ئەمدى مۇقىملاشقان ئامەتنى تەبرىكلىگۈچىدىن
رازى بولۇپ، — ھازىرمۇ ئۆيدە لىق مېھمان. ھاكىم-
غا ئايال بولماق تەسكە چۈشىدىغان ئوخشايدۇ.

ھەسەلنىڭ ھەرىسى، گۈلنىڭ تىكىنى بولىدۇ،
شۇنىڭ ئۈچۈن جان تاتلىق، ھايات لەززەتلىك!

— ئۆزىمىز قۇرتتەك ياشايمىز، لېكىن بۇيا-
قورايغا ئەمەس، چىنار- تېرەككە يامىشىپ يورۇپ
دۇنيادىن ئۆتسەك كۆڭۈلدە ئارمان قالمايدۇ، لى جۇ-
رېن راست ئېيتىسىز.

— ھى... ھى... ھى!...

— ھا... ھا... ھا!...

— ھە راست، سىزنى ئى جۇرېن نەچچە قېتىم
ئىزلەپ كىردى، تېز چىقىڭ. سىزنى ساقلىماقچى.

— ئىمام مۇھەممەت جۇرېنمۇ؟

— تېز بولۇڭ، بۆلۈمدە ساقلايمەن دېگەن.

نى ئۇ ئازابلىق ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈمىدى ئۆمەرجاننى ئۆزگەرتىش. ئۆزى خۇش بولىدىغان مەنىۋى دۇنياغا ئۆمەرجاننىمۇ بىللە ئېلىپ كىرىش. چىدام ۋە سەۋر - تاقەت بىلەن ئۆزىنى ئۆمەرجاننىڭ چۈشىنىشكە تاپشۇرۇش، ئۆزى ھاياتتىن يەككە - يېگانە ئالىدىغان لەززەتكە ئۆمەرجاننى شېرىك قىلىش، مۇشۇ يول بىلەن ئۆزىنى كۈتكىنىدىنمۇ چوڭراق بەختكە ئىگە قىلىش...

لېكىن يېقىندىن بېرى ئۇ دوستلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن قىلغان نۇرغۇن سۆھبەتلىرىنى، گېزىت - ژۇرنال ۋە كىنو - تېلېۋىزوردا كۆرگەنلىرىنى ھەزىم قىلىش جەريانىدا بىر يېڭى تۇيغۇ ھاسىل قىلالىدى؛ ئۆمەرجاننى ھازىرقى دىمىقتا ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئۆمەرجان ئوبدانراق ئەمەلگە ئېرىشسە ئۇنىڭ دوستلىرى كۆپىيىدۇ. ھازىرقى تۆمۈر - تەسەك بىلەن كىتابلىرىدىن قول ئۈزىدۇ. ئۇنى كىشىلەر ھاياتىنىڭ كۆڭۈللۈك قاتلىمىغا ئىتتىرىپ سۆرەپ ئېلىپ كىرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مىجەزى، ھەۋىسى ئۆزگىرىدۇ. ئۆمەرجاننىڭ ۋۇجۇدىدا ئازادەم ئۈچۈن لازىم بولغان نەرسىلەر كۆپىيىپ، ئۇنى زېرىكتۈرىدىغان نەرسىلەر ئازلايدۇ. يەنە ئون نەچچە يىلنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈۋالسا ئازادەم ياشلىقىدا يوقاتقان نەرسىلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ ئالىدۇ - دە، ھاياتتا قالىدىغان پۇشايمىنى ئازىيىدۇ...

— سىزغۇ، خەقنىڭ نەگە كىرگەن، نەدىن چىققىنىنى تىزدىملاشقا ئۇستا، لېكىن سىز 100 قېتىم قىلغان ئىشنى باشقىلار بىر قېتىم قىلىپ قويسا ئاغزىڭىزنى يۇمالماي قالىدىكەنسىز. ئېيتقىنە قېنى، مېنى نېمىگە چاقىرتتىڭىز، خىزمىتىڭىزگە تەييار تۇرۇۋېتىمەن!

ئازادەم قىمىرلاپ قويدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئازابتىن تىترىدى، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. دېمەك، ئىمام مۇھەممەت ئازادەمنىڭ ئاجىز يېرىنى ئېسىگە سېلىپ: «سېنىڭ ئېرىڭ ھاكىم بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس، چۈنكى ئۇ ناپاك ئايالنىڭ ئېرى!» دېمەكچى. ياق ئازادەم ئېرىنىڭ بۇ كۈشەندىسىگە ئەمدى كۆز يېشى، يېلىنىش بىلەن ئەمەس، قەھىر - غەزىپى بىلەن تاقابىل تۇردۇ. ئىمام مۇھەممەتنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن بىلگىنىنى، ئاڭلىغىنىنى قالدۇرماستىن دەپ، ئۇنى ناھايىتى يۇرگۇسىز قىلىۋېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەرقانداق ئازازۇللۇققا — بىشەملىككە تەييار.

— نىمانداق خۇدۇكچان بولۇپ كەتتىڭىز؟ — دېدى ئىمام مۇھەممەت كۈلۈپ بېشىنى چايقاپ، — سىزنى ھېچكىم قارىلىغىنى يوق. ئۆتكەنكى گەپمۇ ئاساسسىز. سىز پاك پېتىڭىز بىلەن ئۆمەرجانغا تۇرمۇشلۇق بولدىڭىز. راستىنى ئېيتسام ئۇ قېتىمقى ئىغۋانى شۇ مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئۆزى توقۇغان.

ئازادەم بىردىنلا ئوتنى كۆرگەن قۇيرۇق مايدەك ئېرىدى:

ئازادەم نېمىشقىدۇر قىزاردى، ھولۇقتى ۋە ئالدىرىدى.

ئىمام مەھەممەت ئۆز بۆلۈمىدە ئازادەمنى تېخىمۇ بەتتەررەك قىزىرىش، ھولۇقۇش ۋە قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى:

— كېلىڭ ئازادەم، ئولتۇرۇڭ، چاي ئىچىڭ، قېنى مەرھەمەت!

— پاھ، قالتىس بۆلۈمىڭىز باركەنغۇ؟ — دېدى ئازادەم دىۋانغا ئولتۇرۇپ، دېرىزە، ئىشىك پەردىلىرى بىلەن تەشتەكتىكى گۈللەرگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ، — سىزنىڭ مەخسۇس بۆلۈمىڭىزمۇ؟

— سىز كەلمىگەنمىدىڭىز؟ — ئىمام ئازادەمنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— سىزنىڭ كابىنېتىڭىز بىزلەرگە ئىشىك ئاچاتتىمۇ؟ — ئازادەم تەنە بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— بىزدىن چوڭلىرىنىڭمۇ ئىشىكى ئوچۇق ئىددىغۇ؟ — ئىمام مۇھەممەت زەھەرلىك كۈلدى. بۇرۇنقى مۇئاۋىن ھاكىم بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز ئىشنى كۆتۈرۈپ چىققانمۇ، ئۇنى جەمئىيەتكە يايغانمۇ مۇشۇ ئىمام ئىدى. بۇنى ئازادەم ئۇنتۇمىدى. چۈنكى شۇ كۈنى مۇئاۋىن ھاكىم بىلەن ئىمام مۇھەممەت بىر ياتاقتا ئىدى. بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى ئىشنى بۈگۈن قايتا تىلغا ئېلىشىدا ئەلۋەتتە ئىمام مۇھەممەتنىڭ بىر مۇددىئاسى بار. ئازادەم ئاۋۋال قىزاردى، كېيىن تاتاردى.

لىك ئايال ئۈچۈن ئۆكۈنۈش بىر خىل ئەيىب. مانا
ئېرىڭىز بىزگە ھاكىم بولىدىغان بولدى. بىزدەكلەر
ئالدىڭىزدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتىمىز، قانچىلىك
دەرد - ئەلەم بولسىمۇ سىز ئۈچۈن، ئۆمەرجاندەك
ئاغىنەم ئۈچۈن كۆتۈرۈشكە تەييارمەن. بىلەمسىز، يې-
قىندا ئۆمەرجان بالا يۈزى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ
زارلاندى. مەن ئۇنىڭغا بىر بالىنى بېرىۋېتىشكە ۋەدە
بەردىم. سىلەردىن ئايايدىغان ھېچنېمەم يوق، بىلەم-
سىز ئازادەم، مەن بىرسىنىڭ مەنسىپى، پۇلى، قابىلى-
يىتىگە قىزىقمايمەن. ئادەمگەرچىلىكى، ئىنسانىي پەزىلى-
تىگە قىزىقىمەن. سودا ئىدارىسىگە ياخشى كىلەم كەلگەن
ئىكەن. سىلەرگە بىرنى؛ ئۆزۈمگە بىرنى ئالدىم.
لازىم بولسا ئىككىلىسىنى ئېلىڭ. ئۆي تۈزەيدىغان چې-
غىڭىز كەلدى خېنىم!

تېلېفون جىرىڭلىدى، ئىمام تېلېفوننى ئالدى.

— نىمە، ئەيسا ھاكىممۇ سىز؟ مانا ھازىر، مانا
ئۈچتۇم ئەمسە!

ئىمام تېلېفوننى قويۇپ ئازادەمگە قاراپ كۈلدى:

— ئايرىم سۆزلىشىمىز، ھازىرچە خوش!

ئازادەم ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن چاقىرتىلغىنىنى
بىلەلمىدى. لېكىن بىرلا نېمە ئۇنىڭغا ئايان بولدى.
ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئى-
مام مۇھەممەت ئۆمەرجاننىڭ ئائىلىسى بىلەن يېقىنلى-
شىشنى خالايدىكەن. ئازادەم ھەم خۇشال، ھەم ئەندى-
شىدە. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ ناھىيە يۇقىرى قاتلام جا-

— ئۆزىنى ئۆزى نېمىشقا قارىلىدى ئەمىسە؟

— بىلىپ تۇرۇپ سورايسىز، — دېدى ئىمام مۇھەممەت، ئازادەمنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — سىز ئۈچۈن ھېلىغۇ ھاكىملىقكەن، ۋالىيلىقنى قۇربان قىلسىمۇ ئەرزىيدۇ!

— نېمىشقا؟ — ئازادەم قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ئىمام مۇھەممەتكە قايرىلدى. ئۇ ھازىر ماختاشقا، چىرايلىق سۆزلەرگە موھتاج ئىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر ئۆزىنى بەختلىك ۋە تەلەيلىك ھېسابلايتتى. بۇنداق ئايالنىڭ ھاياتتا ھېچنېمىسى كەم بولماسلىقى لازىم. ئۆمەرجاندىن ئېرىشەلمىگەن نېمىنى باشقىلاردىن تەلەپ قىلسا بۇنىڭ ھايات قانۇنىغا خىلاپ كېلىدىغان نەرى باركەن؟

— نېمىشقا دېگىنىنى، — دېدى ئىمام، — بۇ ناھىيىدە سىزدىن ئېشىپ چۈشىدىغان گۈزەل بارمىدى يە؟ سىز بىلەن يېقىنلىشىشنى كىممۇ ئارزۇ قىلمايدۇ؟

ئازادەم ئىمامنىڭ قولىنى ناز بىلەن ئىتتىردى:

— يالغانچى، يالغاندىن ماختىغىلى چاقىرغانمىدىڭىز؟ قويۇڭ بۇ گېپىڭىزنى، ئەمدى قېرىدۇق، قالتىس چاغلىرىمىز بىكار ئۆتۈپ كەتتى! — ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى، — ئۆز ۋاقتىدا سىز دېگەندەك ئىدىم، بەش يىل بۇرۇن بۇنداق گەپ قىلغان بولسىڭىز راست دەيتتىم، لېكىن ھازىر ئىشەنمەيمەن. ئاھ، ياشلىق!

— نېمىشقا ئۆكۈنەتتىڭىز؟ سىزدەك گۈزەل بەخت-

«يېڭى تەسىرات» لىرىنىمۇ قوشۇپ سۆزلەپ مېھمانلار بىلەن تولۇق بىر كۈننى ئۆتكۈزدى. كۈندۈزى يادىنىمۇ كەلمىگەن ئېرى مانا قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايىغى ئۈزۈلگەندىن كېيىنلا يادىغا كەلدى - دە، ئۇنى ئەنسىزچىلىك بېسىشقا باشلىدى: «نەگە كەتكەندۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، بۈگۈن بۆلەكچىلا سىلىنغان يۇمشاق چۈشەكلەر ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىپ، — راستىنلا ئۆمەرجان بالا غېمىدە ھەسرەتلىنىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئەمدى ھاكىم بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغان قىز - چوكانلار كۆپىيىدۇ. ئۆمەرجان مەندەك مېۋىسىز قۇرۇق ياغاچنى پىرقىراۋېرىدىغان باغلاقلىق مىزاي ئەمەسقۇ. ئەۋلاد ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇ بىرەر قىز بىلەن مېنى ئالماشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىنغۇ؟...» ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە بەدىنى تىكەنلەشتى: گەپ تارقاتقىنىغا پۇشايمان قىلدى: «ئۆمەرجان ھاكىملىققا راستىنلا نامزات بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ ئۆز پەرىزىنى يەنە بىر قېتىم مۇقىملاشتۇردى ئۇ، — بىرمۇ ئادەم دەرگۇمان بولمىدى، ئۆمەرجانىنىڭ ھاكىم بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق، كۆپچىلىكنىڭ تەلەپ، ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىش بولغاچقا مانا بىرمۇ باشلىق بۇ گەپنى «سىياسىي» ئىغۋا دەپ سۈرۈشتە قىلىپ كۆرمىدى. بۇ چاغقىچە بۇ خەۋەر ھاكىمدىن ھالقىپ دائىمىي كومىتېت مۇدىرى بىلەن بىرىنچى شۇجىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىمۇ خۇشال بولۇپ تەبرىكلەشكە كەلدىغۇ، يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ

آمائەتچىلىكى ئىچىگە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، مانا بۇ ئىناۋەت، ئابروي. لېكىن ئۆمەرجان بۇ قاتلامنىڭ ھۆر-مىتىنى قوبۇل قىلارمۇ؟ ئۇ يەنىلا تۆۋەن قاتلامدىن چىقماي تۇرۇۋالارمۇ؟ ئازادەمنىڭ ئەندىشىسى ئۆمەرجاندا!

## 5

ئىككى سوتكا ۋاقىتتىمۇ نۇرغۇن ئىش پۈتىدىكەن: ئازادەمنىڭ تارقاتقان گېپى بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاياللار ۋە قۇرۇق پاراڭچى ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن تۇشمۇ تۇشتا تارقالدى. چۇش بىلەن رېئاللىقنىڭ ئارىلاشمىسىدىن پەيدا بولغان بۇ خەۋەر ھەر خىل سورۇنلاردا سەم-رىدى، يوغانلىدى ۋە بىر سوتكىدىن كېيىن «يىمىرىل-مەس ھەقىقەت» كە ئايلاندى. كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈ-رىدىغان «بۇ يېڭى خەۋەر» نىڭ كۈچى بىلەن ئۆمەر-جاننىڭ يېڭى تۇغقانلىرى، ئاشكارا ھىمايىچىلىرى، يو-شۇرۇن دۈشمەنلىرى پەيدا بولدى. ئۆمەرجانلارنىڭ كىشىلەر كەمدىن كەم كىرىدىغان ھويلىسى، ئېسىل كىيىنگەن، بېزەلگەن ئىككى ئېغىز ئۆيى مېھمان-لاردىن خالى بولمىدى. ئازادەم ئۆزى توقۇغان گەپلەرگە خۇددى يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىگە ئىشەنگەندەك ئىشەندى-دە، كىرگۈچىلەرگە ئۆمەرجاننىڭ نارازىلىقى، ئۇ ئا-دەمنىڭ ئەمەلنى ياقتۇرمايدىغانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ ئەمەل-دار بىلەن خوشى يوق ئايال ئىكەنلىكىگە ئوخشاش

ئۆمەرجان ئىش بىلەن بولۇپ ـ چۈش، ئەتىۋا. باشـ
لىقلار بىلەن ئۇچراشقانلىقى قاتارلىق ئۆتمۈشكە مەنـ
سۇپ بولغان ئىشلارنى ئۇنتۇپ بولغان ئىدى. ئۇ ھەيـ
ران بولۇپ مايلاشقان قولى بىلەن چېچىنى سىلاپ
قويۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— بۇ نېمە يېڭىلىق، بىرسى چايغا چاقىردىمۇ ـ يا؟

— چايغا؟ كابىنىتقا، مەنسەپكە چاقىرغىلى
نەۋاخ؟

ئۆمەرجان بىر كۆڭۈلسىز ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك
بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈردى ـ دە، كۆڭلىكىنىڭ
تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، دېرىزىسىنى ئاچتى ۋە:

— ئۆي نېمانچە دىمىق، يەتتىنچى ئاي، تالادا
ياتىدىغان چاغ، نېمىشقا ئورۇننى ھويلىغا سالماي ئۆيـ
گە سېلىۋالغانسىز؟ — دېدى كۆڭۈلسىزلا، ئېرىنىڭ
ئۆزىگە بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشنى ئىمام
مۇھەممەت بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن جەزملەشـ
تۈرۈپ ئالغان ئازادەمگە ئۆمەرجاننىڭ بۇ ئادەتتىكى
گېپى بۆلەكچىلا سوغ ۋە قوپال ئاڭلاندى.

— ھە، ئۆي غەلىتە بىلىنگىلى تۇردىمۇ ئەمدى؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— باشقا ۋاقىتتا قاراڭغۇ چۈشمەستە ئۆيگە كېـ
لىۋالىدىغان ئادەم، بۈگۈن ئەجەب سائەت 11 گىچە...

— سائەت 11 گىچە ئامېرىكىدىن كەلگەن يېـ
ڭى كومبايىننى...

— كومبايىننى؟ ئەجەب بالدۇر ئەمەس، كېيىن

جىگدىلىسى بىر بىشارەت بەرمىگەن بولسا گۆش ماگىزىنىدىكى ھېلىقى شاللاق كۆشىنىڭ شۇنچە ياخشى يېرىنى بېرەتتىمۇ؟ ئايالىلار بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ماڭا قىيا كۆزىنى سالمايتتى، بۈگۈن مەندىن بۇرۇن تازىم قىلغىنى نېمىسى؟... لېكىنزە، تۇغماس بولۇپ قالغىنىم، كىم بىلىدۇ، ئۆمەرجان تۇغماسمۇ تېخى؟ نېمىشقا بۇرۇنراق ئىنقىلاپ كۆرمىدىم؟...»

ئۇنىڭ ھەم خۇشاللىق ھەم ۋەسۋەسە ئىچىدىكى نازۇك كەۋدىسى ھارغانلىقتىن بوشاشماقتا. بەختىن چاقنىغان ۋە ئەندىشىدىن ياشاڭغىرىغان خۇمار كۆزلىرى ئۆچۈش ئالدىدىكى شامدەك خىرەلىشىپ ئۇيقۇسىرىماقتا ئىدى. بىردىنلا ھويلا ئىشىكى ئېچىلدى ۋە قايتىدىن ئىچىدىن قۇلۇپلاندى. «مانا بۇ ئۆمەرجان. سائەت 11 دىن ئاشتى، ئۇ ئەمدى كەلدى. كۈندە سائەت يەتتىدىن بۇرۇن كېلەتتىغۇ؟»

— قورساق قانداق؟

— ئاچ، — ئۆمەرجان يېڭى گىلەملەرگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— بارغان يەردە نېمىشقا تويغۇزمىدىلا؟

— تۆمۈر - تەسەك يەپما؟

— تۆمۈر - تەسەك، تۆمۈر - تەسەك! قاچانمۇ بېنزىن پۇرىقى پەيدا بولمايدىغان بولىسىز؟ — ئازادەم يېرىم ئۆرە بولۇۋېلىپ ئاچچىق لېكىن ناز ئارىلاش سۆزلەشكە باشلىدى، — پاكىز كىيىنىپ، ئەتىر چېچىپ تۇرىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى ئۆمەرجان!

ھاياتىنىڭ مەنىسى، تۇرمۇشنىڭ قىزىقى دەپ تونۇيدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنداقلارنى ياقتۇرمايمەن!

— مەنمۇ شۇنداقلاردىنمۇ! — دېدى ئازادەم ئۆمەرجانغا تىكىلىپ قاراپ، — شۇڭا مەندىنمۇ زېرىكىۋاتىسىز - دە؟ سىز ياقتۇرمايدىغان ئادەملەرنى مەن ياقتۇرىمەن، سىز ياخشى كۆرگەن كەسىپ - پەسىپ دېگەنلەرنى مەن ئۆيۈمنىڭ ئەخلەتدەك يامان كۆرىمەن. ماڭا سىزنىڭ كەسپىڭىز نېمىگە لازىم ئىكەن؟ ئۆيگە سېسىق بېنزىن پۇرىقى، چاڭ - توزان، ماي - قاسماقلارنى ئېلىپ كېلىسىز. مەن سىزنىڭ سېسىق تەرڭىز بىلەن دەسمالدەك پەلىسىڭىزگە خۇشتار بولۇپ سىزگە تەگكەنمىدىم؟ بىلىمى باركەن، غەيرەتلىك، ئىشچانكەن، بىرنەچچە يىل جاپاسىنى تارتسام راھىتىنى كۆرىمەن دەپ تەگمىسەم. سىزنىڭ نېمىڭىز ماڭا دورا بولۇپ قاپتىكەن؟ بۈگۈنزە ھاكىم بولۇپ تەر بىلەن قاسماقتىن قۇتۇلىدىغان پۇرسەت كەلگەندە دەۋاتقان گېپىنى قارىمامدىغان؟ مەن بىلەن ئۆي تۇتىمەن دېسىڭىز مەن ھەۋەس قىلغانغا ھەۋەس قىلىڭ. مەن كۆيگەنگە كۆيۈپ، سۆيۈگەنگە سۆيۈڭ. مەن سىز ئۈچۈن باغرىمنى يېقىپ كىملەرگە يېلىندىم، كىملەرگە سارغايدىم، بىلەمسىز؟ بۈگۈنكى سىزگە كەلگەن ئامەت مېنىڭ ئەجرىم، مېنىڭ ئەمگىكىم بەدىلىگە كەلگەن!

— نېمە؟! — ئۆمەرجان خۇددى ئازادەمنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترىدى، ئاۋازى چىقمىدى. ۋۇجۇدى

ئەمەس، سىز ھاكىم بولۇشنىڭ ئالدىدا كېلەمدىڭىزا ئۇ كومبايىن؟

— نېمە دەۋاتىسىز، كىم ھاكىم بولغۇدەك؟

— خۇپسەنلىكىنى؟ — ناز بىلەن قاپاقلىرىنى سۈزدى ئازادەم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، - كىم بولاتتى، ئۆمەرجان!

— ئىنغۇا توقۇماك ئازادەم، بۇ ئىنغۇانى سىز توقۇدىڭىزمۇ؟

— قانداق ئىنغۇاكەن بۇ؟ كۆرسىز، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن سايلام بولغاندا كۆرسىز، سىز ھاكىم، پۈتۈن ناھىيىدىكى 70 نەچچە مىڭ جاننىڭ ئاتىسى!

— مەن بۇنداق ئىشقا قىزىقمايمەن، مەن ئۆز كەسپىمنى ھاكىملىققا تېگىشمەيمەن. كەسپىنى سۆيمەيدىغانلار، كەسپى يوقلار ئەمەلگە قىزىقىدۇ. ئۇنداقلار بىزدە ئازمۇ؟ مەن ئۇنداقلارنى ياقتۇرمايمەن. ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغانلارنىڭ ھەۋەسلىرىنىمۇ يامان كۆرىمەن. نېمىشقا دەمسىز!؟ ئۇلار مۇھەببەتتى بولمىسىمۇ بىرلىرى بىلەن ئۆي تۇتۇۋېرىدىغان ئاياللارغا، ھەرقانداق ئايالنى كۆرسە كۆڭلى چۈشۈۋېرىدىغان ھايىسىز ئەرلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلار كەسىپ دېگەننى يامان كۆرىدۇ. ئۇلارغا قانداق ئەمەل بولسىمۇ بەيلى، ئەمەل بولسىلا بولۇۋېرىدۇ. ئۇلار باشقىلارنى ئىشقا سېلىشنى، باشقىلاردىن ياخشىراق ھۆزۈر - ھالاۋەت كۆرۈشنى، كۆپرەك پايدا ئېلىشنى، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى

گەپنى قىلىپ بېقىڭ... دېگەندەك ئىلتىماس، تەكلىپلەردىن قانچىسىنى قىلدى؟ مەن قايسى بىرىگە خۇشال بولدۇم، قايسى بىرىنى قوللىدىم؟ راست مەن ئۆزۈمنىڭ كەسپىنىلا ئويلىدىم، لېكىن ئازادەمنى ئويلىمىدىم. ئۇنىڭ ھازىرقى ئورنىدىن مەن رازى بولدۇم. ئۇنىڭ جىم بولۇپ قالغىنىغا، ماڭا ھېچقانداق تەكلىپ - تەلەپ قويمىغىنىغا قاراپ ئۇنى تۇرمۇشتىن رازى، خاتىرجەم دەپ ئويلىدىم. دېمەك، مەن شەخسىيەتچى، ئۇنىڭ مېنى كۈتۈش، ئۆينى ياخشى تۇتۇشىنىلا خالاپ، ئىستىقبالى بىلەن ھېسابلاشمىغان، ئادەمگەرچىلىكى يوق يارامسىز مەن، شۇنداق بولغان ئىكەنمەن. باشقىلارنىڭ مېنىڭدىن نەپرەتلىنىشكە، مېنى ئەيىبلەشكە ھەققى بارھۇ، مەن نېمىشقا...

— تامىقىمىزنى يەڭ! — ئازادەمنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئازادەم خۇددى ئۆمەرجاننىڭ خىيالىدىن ئۆتكەن يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلاپ قالغاندەك، ئۆز ئېرىنى كەچۈرۈم قىلىپ، تەسەللى بەرمەكچى بولۇۋاتقاندەك تەخسىدە لەغمەن تۇتۇپ ئۆمەرجاننىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. چىڭقى چۈش بولغان ئاي ئازادەمگە كۆيۈنۈپ پۈتۈن نۇرىنى بۇ ھويلىغا تۆككەنمۇ، ياكى يازنىڭ سېخى ھاۋاسى بىلەن ياز كەچلىكىنىڭ راھەت شامىلى ئازادەمنىڭ قەلبىدىكى قارا بۇلۇتلارنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتىمۇ، ئازادەم ھويلىنىڭ ياڭاق يوپۇرماقلىرى ئالا كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان تاقىر يېرىدە ئۆمەرجانغا بىردىنلا ئايدەك

سىلكىندى، قوللىرى كۆتۈرۈلمىدى. ئۇ ئايالىدىن زادىـ
لا بۇ خىل گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئايالىنىڭ
ۋۇجۇدىدا بۇنچىلىك يات نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلـ
لاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئايالى ئۆمەر-
جاننى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان، ئۆمەرجاننىڭ
بار-يوقىغا قانائەتلىنىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ساددا دىل ئىدى.
لېكىن شۇنچە يىل بىللە ياشاپ تۇرۇپ ئازادەمنىڭ
ئارزۇ ھەۋەسلىرى بىلەن روھىي دۇنياسىنى بىلىپ بو-
لالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەرجان ئۆزىنى پاراسەتسىز ۋە
بىخۇد دەپ ئەيىبلىدى: «دورۇس، ھەركىم ياخشى يا-
شاشنى، ئىناۋەت تېپىشنى خالايدۇ. بولۇپمۇ ئازادەمـ
دەك ياش، چىرايلىق چوكانلار تېخىمۇ شۇنداق، —
دەپ ئويلىدى ۋە ھويلىسىدىكى ياغاچ ئاستىغا جايلاشـ
تۇرۇلغان كارىۋات ئۈستىدە ئاچچىق تاماكا ئىسىنى شو-
راپ ئولتۇرۇپ، — نېمىگە خاپا بولىمەن. ئۇ راست گېپـ
ىنى قىلدىغۇ، راست، ئۇ مېنىڭ نېمەمنى سۆيىدۇ، مەن
ئۇنىڭغا ياشاۋاتقان شارائىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
قانچىلىك ياردەم قىلالىدىم؟ ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى مۇ-
ھىم ئورۇنلاردا ئىشلەيدۇ، ھەتتا خېلى چوڭ - چوڭ
مەنسەپلەرگىمۇ ئېرىشتى. ئازادامچۇ؟ تېخىچە مۇقىم
كەسپى، مۇقىم ئىش ئورنى بولمىغان ئەتىۋارسىز ئايال.
ئۇنىڭ بۈگۈنكە قېلىشى مېنىڭ كاساپىتىمدىن ئەمەسمـ
دۇ - ھە؟ توي قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇ قانـ
چە قېتىملاپ پالانچى ھاكىمنى چايغا چاقىرايلى، پا-
لانچى بۇجاڭ بىلەن يېقىنلىشايلى، پالانچىغا مۇنداق

— بالىسىز كۆڭۈللۈك ياشىغىلى بولماس؟
— ياشىغىلى بولىدۇ.
— مەسىلەن، قانداق؟
— مەسىلەن، ئېنىندەك!
— ھى - ھى - ھى ... تاپقان گېپىنى. سىزنى ھا- كىملىقا سايلىسا...
— بۇ گەپنى دېمەك دېدىڭىزغۇ؟
— راستلا خاپا بولامسىز؟
— خاپا بولىمەن، يامان كۆرىمەن!
— ئەتىگەنلىككە ئادەملەر يەنە تەبرىكلەپ كېلىدىغۇ؟
— باش تۇخۇ بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىمەن.
— نەگە؟
— كومبايىننى سىناق قىلغىلى.
— ئۇھ، سىزنىڭ مېھمانلىرىڭىزنى مەن كۈتىدىكەنمەن - دە؟
— سىزمۇ بىللە كېتىڭ، ئېتىزلارنى كۆرۈڭ، قۇرۇق گەپ بىلەن خىيالدىن ئېتىز ياخشى.
— ياق، ياق، ئۇ ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەتە بىر كۈن مېھمان كۈتۈۋالاي، مەن خۇشال بولغان ئىشنى بىر قېتىم بولسىمۇ قوللاڭ.
— ماقۇل.
— مەن ئادەملەرنىڭ مېنى تەبرىكلىشىنى ياخشى كۆرىمەن، قوللامسىز ئەمىسە؟
— قوللايمەن، لېكىن بىزارمەن.

نۇرلۇق، گۈلدەك مېھرلىك، ياز ھاۋاسىدەك يېقىملىق كۆرۈندى.

— خاپا بولماڭ، راست، مەن سىزگە ياخشى ياردەم قىلالىدىم؟ — دېدى ئۆمەرجان. مۇلايىم ئېرىننىڭ ئاۋازىدىكى تىترەك، سۆزىدىكى ھارارەت، كۆزىدىكى ساداقەت ئازادەمنى ئېرىتتى:

— خاپا بولماڭ، بايىقى گەپلىرىم يالغان. سىز ھاكىم بولمىسىڭىزمۇ مەيلى، مېنىڭ قەلبىمگە ھاكىم سىز!

... پۈتۈن جانلىقلار، پۈتۈن ناھىيە ئۇيقۇدا. كۆكۈش ئاسماننى كېسىپ ئۆتۈپ غەربكە قىيسايغان ئايمۇ يەر شارىنىڭ بىز ياشاۋاتقان پېتى بىلەن خوشلاشماقتا. باغلارنى يەلپۈپ ئۆتۈۋاتقان ئىسسىق چۆل شامىلى ساخاۋىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ نەلەرگىدۇر غايىب بولغان... خۇددى يەر شارىدا ئۆمەرجانلاردىن باشقا جانلىقلار قالمىغاندەك كېچە جىمجىت ۋە تىنچىق.

ئازادەم بوشىغان قاچىنى ئۆمەرجاننىڭ قولىدىن ئالدى.

— مېنى تۇغماس دەپ يامان كۆرۈپ قالارسىزمۇ؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— سىز بالىغا ئەجەب ئامراققۇ ئەمىسە؟

— ئامراق، لېكىن تەلپىم يوق.

— بۇ بىر - بىرىگە زىت گەپقۇ؟

— راست گەپلەرنىڭ ھەممىسىدە زىتلىق بولىدۇ؟

ىنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەنگەن. قورلار ئارىسىدىن قويۇق ساقاللىق بۇدۇر چاچ، قاڭشارلىق بىر يىگىت باش كۆ- تۈرۈپ ئەيسا ھاكىمغا قاراپ كۈلۈپ تۇرماقتا. ئۇ جانلىق ئادەمنى كۆرگىنى ئۈچۈن ئوغلىغا ئاپىرىن ئو- قۇدى. يېڭى بىر ئادەم بىلەن ئوبدان تونۇشقانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولدى. لېكىن ئۆز قول ئاستىدىكى بىر ئادەمنى ئۆزى بىۋاستە چۈشەنمەستىن گېزىتكە بېرىلىدىغان «دوكلات ئەدەبىياتى» (بۇ ئاتالغۇنى ئەي- سا ھاكىم بىلمەيتتى.) ئارقىلىق چۈشەنگىنى ئۈچۈن مەيۈسلەندى. نېمىلا بولمىسۇن ئۆز ناھىيىسىدە بىر يا- راملىق يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ئەخلەت ئارىسىغا تاش- لانغان بىر پارچە ئالتۇن ئىكەن. ئۇنىڭ ھېلىھەم بول- سىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ يۈرگىنىنى بىلىپ ھاكىم كۈلۈمسىرىدى: «باشقىلار ئۆ- زىنى كۆرسىتىشكە، تىرناقتەك تۆھپىسىنى ئالقاندەك قىلىشقا ئامراق، سەن بولسا تۆھپەڭنى كىچىكلىتىشكە، ئۆزۈڭنى يوشۇرۇشقا ئۇستا. قارا سېنىڭ ھۈنىرىڭنى. يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنساڭمۇ مەن سېنى تار- تىپ چىقىمەن. ساڭا ئوخشاش بىرسىنى تاپالماي بېشىم قېتىپ يۈرەتتى، بۈگۈن تاپتىم. مېنىڭمۇ ساڭا ئوخشاش ئوق يىلتىزى چوڭقۇر لوبۇنى يۇلىدىغان ھۈنىرىم...»

سەھەردە باغلاردىن مېۋە پۇرىقى كېلىدۇ، يول چۆرىلىرىدىكى چىملار ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كىشىلەرگە پايانداز بولۇشقا تەييارلانغان. تاڭ سۈبھىسىدىن ياپراقلار يالتىراپ، سۇلار كۆمۈش تۈسىگە كىرگەن. يورۇقلۇققا يې-

— نېمىدىن؟
— تەبرىكلىشىدىن.
— بۇ قانداق قوللاش؟
— كىشىلەرنىڭ تەبرىكلىرىنى توسىمەن.
— قانداق قىلىپ؟
— ئەتىلىككە پۈتۈن باشلىقلارغا ئېيتىمەن. مەن هاكىم بولۇشنى زادى خالىمايمەن. زورلىسا بۇ ناهىيەدىن كۆچۈپ كېتىمەن!
— ئۇنداق قىلماڭ ئۆمەرجان، مېنى ئاياڭ دەيمەن؟
— ئايايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن توسىمەن.
— باشلىقلارنىڭ قېشىغا بارماڭ ئۆمەرجان.
— بارىمەن.
— ئۇنداق قىلماڭ، مېنى، مېنى...
— بارىمەن، توختاڭ، ئەنە توخۇ چىللىدى، مەن كەتتىم.
— ئۆمەرجان ئولتۇرۇڭە، گېپىم بار سىزگە!
ئىشىك تاراقلىدى، بۇ ناهىيەدە ئېچىلغان تۇنجى ئىشىك، يېنىك يۆتەل، مانا بۇ ناهىيىنىڭ يېڭى كۈننى بىرىنچى بولۇپ كۈتۈۋالغان ئادەم — ئۆمەرجان.

6

ئەيسا هاكىم ئوغلىنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقىپ هاياجانلاندى. ماقالىدە بىر ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەم-

هاكىم ئۆمەرجانغا قارىدى. ئۆمەرجان — ئېگەك-لىرى كۆكۈچ، چاچلىرى بۇدۇر، ئورا كۆز يىگىت هاكىمغا قاراپمۇ قويماستىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يىراق-قا قاراپ تۇراتتى.

— ئۆمەرجان ئۆزى سىناق قىلاي دەپتۇ-دە؟ — دېدى هاكىم كومبايىننىڭ شوتىسىغا پۇتىنى قويۇپ، — ئۆمەرجان، بۇ كومبايىن سوتكىسىغا نەچچە مودىن تېپەلەيدىكەن؟

— ئىككى يۈز! — ئۆمەرجان سوغۇقلا جاۋاب بەردى.

— يالغان ئېيتىدۇ، — دېدى بوغالتىر كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆمەرجان يوشۇرۇۋاتىدۇ، 300 مودىن ئاشار-مىش.

— نېمە؟ بۇ راستمۇ ئۆمەرجان!

— بىلمەيدىكەنمەن! — ئۇ يەنە سوغۇقلا جاۋاب بېرىپ سائىتىگە قارىدى، — بۈگۈن كەچتە بىلىمىز.

هاكىم بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كومبايىنغا يول بەردى. كومبايىن هەيۋەت بىلەن گۈركىرەپ، يەرنى تىترىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

هاكىم خېلىغىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۆمەرجاندا، ئەمما ئۆمەرجان پەرۋاسىز هالدا ئالدىغا قاراپ تۇراتتى.

«بۇ ئۇنىڭ مىجەزىدىكى غەلىتىلىكمۇ ياكى هاكا-ۋۇرلۇقمۇ؟ يە بولمىسا مېنىڭدىن رەنجىگەن يېرى بار-مۇ؟ ئەلۋەتتە كەسىپ ئىگىلىرى بىزدەك بىلىمى چولتا،

گى كۆز ئاچقان بالىنىڭ كۆزىدەك سۈزۈك ئاسماندا قۇياشنىڭ تۇنجى شەپەقلىرى يۈگۈرمەكتە... ھاكىمغا تەبىئەت، ھايات بۆلەكچىلا گۈزەل، يېقىملىق بىلىندى. ئۇ ئېغىر توپىلىق يولنىڭ چېتى بىلەن كەڭ ئېتىزغا قاراپ كېتىۋېتىپ ئاخشامقى خىياللىرىنىڭ چالىسىنى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى. شۇ چاغدا بىردىنلا ئاياغ ئاستىدىكى يەرنى تىترىتىپ، قاتتىق گۈركىرەپ كەينى تەرىپىدىن بىر تراكتور چىقىپ كەلدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى. تراكتور ئەمەس. بىر ئاجايىپ كومبايىننى كۆردى. كومبايىن شۇنچىلىك كەڭ ئىدىكى، ناھىيىدىن ۋىلايەتكە تۇتىشىدىغان بۇ كەڭ تاشيول ئۇنىڭغا تارلىق قىلغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى توغرا بالدىقى بەك ئۇزۇن، مۇنارىسى ئېگىز ئىدى. مۇنارىنىڭ سەھنىسىدە بايا ھاكىم چىرايىنى ئەسلىگەن يىگىت — ئۆمەرجان بىلەن زاۋۇتنىڭ بوغالتىرى، يەنە بىر نەچچە ئىشچى كىيىمدىكى ئادەملەر بىللە تۇراتتى. ھاكىم كۈلۈمسىرەپ قولىنى كۆتۈردى. زەنجىر تاپانلىق تراكتور توختىدى. كومبايىن ئۈستىدىن بوغالتىر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— ئەيسا ھاكىم، چىقسىلا مۇنۇ ئامېرىكا كومبايىنىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرىمىز!

— ئۆزۈڭلەر قۇراشتۇردۇڭلارمۇ؟

— بىزنىڭ ئۆمەرجان تۇرغان يەردە، بىز يەنە سىرتتىن ئادەم تەلەپ قىلاتتۇقمۇ؟ ئاجايىپ ئىنژېنېر، ئالامەت يىگىت!

ھەقتە بىر قېتىم ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ياش شۇجى-
سى بىلەن دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى، ئەيسا ھا-
كىم — ئۈچى سۆھبەتلەشكەن. مانا ھازىر ئەيسا ھا-
كىمنىڭ يادىغا شۇ قېتىمقى سۆھبەت كېلىپ قالدى.

— ئىمام مۇھەممەت ياخشى نامزات! — دېدى
پارتكوم شۇجىسى، — ئۇ ھەم شەرتكە توشىدۇ، ھەم
تەشكىللەش ئىقتىدارى بار، پەزىلەت جەھەتتە باش-
قىلاردىن ئۈستۈن. سىزچە قانداق مۇدىر؟

— ئىمامنى بولىدىغان يىگىت، — دېدى دائىمىي
كومىتېت مۇدىرى كۆلۈپ قويۇپ، — بىز يەنىمۇ ئويلى-
شىپ كۆرەيلى. بىزگە بىلىم، پەزىلەتمۇ كېرەك، لېكىن
مۇھىمى رەھبەر كېرەك. پەزىلەتتە ئەيسا ھاكىمدەك،
بىلىمدە بىزنىڭ شۇجىمدەك (پارتكوم شۇجىسى ئالىي
مەلۇماتلىق ئاگرانوم)، رەھبەرلىك قابىلىيىتى جەھەتتە،
ھىم... ئۇچوقىنى ئېيتاي، بۇ جەھەتتە ھېچ بولمىسا
مەندەك... قىسقىسى ئولتۇرغان ئۈچىمىزنىڭ ياخشى تە-
رەپلىرىنى بىرلەشتۈرگەن بىرسى تېپىلسىدى...

— ھا-ھا ... — شۇجى قاقاقلاپ كۈلدى، — مې-
نىڭچە، ھەممىلا يېرى ئاق ياكى ھەممىلا يېرى قارا
بولغان مەخلۇقلار، ھايۋانلار ئىچىدىلا تېپىلىدۇ. ئادەم
ئۇنداق بىرلا رەڭدىن تۆرەلمىگەن. ھەممىسىلا ئالا
رەڭلىك بولىدۇ. پەرقلىرى شۇ يەردىكى: بىرلىرىنىڭ
ئېقى كۆپرەك، بىرلىرىنىڭ قارىسى كۆپرەك بولىدۇ!

— بۇ سىياسىي ئۆلچەم! — دېدى ئەيسا ھاكى-
مۇ كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ، — شۇنداق، ئەيىبسىز

مۇقىم كەسپى يوق ئەمەلدارلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلار بىزدەكلەرنى تەييارتاپ، ئەزگۈچى دەپ قارىشى مۇمكىنغۇ؟ مەسىلەن، بوغالتىرنىڭ ئوغلۇم بىلەن قىلغان سۆزىدە بۇ خىل گەپلەر بار.»

ئەيسا ھاكىم ئۆمەرجاننىڭ ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلغىنىدىن خاپا بولدى. ئۆمەرجانمۇ باشقىلاردەك ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بېرىشكە، يالغاندىن بولسىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتىشى لازىم ئىدى. ئەيسا ھاكىم ئۇزاق يىل ئەمەل تۇتۇش جەريانىدا نۇرغۇنلارنى خۇش قىلغان، بەزىلەرنى خاپا قىلغان. لېكىن ئۇ ھېچقاچان خەلق ئالدىدا يەرگە قارايدىغان ئىشلارنى قىلغان ئەمەس. ئۇ ھەممىلا ئىشتا ھامان خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىدى. ھەقىقەت ئۈچۈن جان كۆيدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناھىيىدىلا ئەمەس، يۇقىرىدا. سىرت ناھىيىلەردىمۇ چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە. ئۇ بۈگۈن پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا خەلق ئالدىدىكى ئاخىرقى بۇرچىنى سەمىمىيلىك، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلماقچى: ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا كۆڭۈلگە ياقىدىغان، خەلق قوللايدىغان نامزات تاللاش، ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە نۇرغۇن مەسلىھەتلەر كەلدى، ئۆزىمۇ باشقا رەھبەرلەرگە نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى بەردى. لېكىن باشقىلار قانداقكىن، ئۇ ھاكىمغا بەلگىسىز، ئەيسا ھاكىم ئۆزى ھازىرغىچە كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن رازى ئەمەس. بۇ

مەت بىلدۇرۇشكە ھېسسىيات جەھەتتە بۇرۇلۇش قىلا-
مىغان بولسىچۇ؟ مەسىلەن، مەنمۇ كۆپ ھاللاردا كىتاب-
قا بېرىلىپ كەتكەندە، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەۋرەم
يېنىمغا كەلسىمۇ قوپاللىق قىلىپ قويىمەنغۇ؟»

ئۇنىڭ مېڭىسىدىن بىردىنلا تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭ-
لى يورۇپ كەتتى. ئۇ تېرەك ئۈچىدا قاقىلداۋاتقان
قاغىغا قاراپ ئۆزىچە سۆزلىدى: «قاپقارا بولساڭمۇ
كىشىگە ياقىدىغان تەرىپىڭ بار. مەسىلەن، ئۇزاق ياشايسەن،
ئېگىز ئۇچىسەن، ھەي ئۆمەرجان، مانا ئەمدى سېنىڭ تو-
رۇلگەن قوشۇماڭمۇ ماڭا يېقىملىق كۆرۈنگىلى تۇردى.
مەن شۇجى بىلەن مۇدىرنى تېپىپ ئەمدى سەن توغ-
رىلىق سۆزلىشىمەن...!»

ئەيسا ھاكىم ئادىتى بويىچە ئۈستەلدە يۈز -
كۆزىنى يۇدى. ئۇ خۇددى قىيىن مەسىلىنى يەشكەن
ئوقۇغۇچىدەك خۇشال بولۇپ، شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋات-
قان قۇياش تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ھويلا ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرىپ، ئېگىز
گەۋدىسى بىلەن ھويلىدىكى چوڭ كات ئۈستىدە ئۇخ-
لاۋاتقان نەۋرىسىگە ئېڭىشتى. نەۋرىسى خۇددى ئۇنىڭ
كېلىپ ئەركىلىتىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئەيسا ھاكىم-
نىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ چىرماشتى.

— ۋوي ھەشقىپىچەك، ۋوي بۇدۇشقاق، — دەپ
ئەركىلەتتى ئۇ نەۋرىسىنى، — ئېيتقىنا چوڭ بولغاندا
نېمە بولىسەن؟

— تراكتور ھەيدەيمەن!

ئادەم يوق. پۇتاقلىق دەستە پۇختا بولىدۇ دېگەندەك، بىزنىڭ نۇرغۇن يارامىلىق ياشلىرىمىزنىڭ ئەيىبلىرى بار. لېكىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەيىبلىرى بىلەن سۆيۈملۈك!

— مەسىلەن، ئىمام مۇھەممەتنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭە، ئۇ قايسى ئەيىبى بىلەن شۇنداق.

— ئىمام مۇھەممەت، — دېدى ھاكىم كۈلۈپ قويۇپ، — سىز ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى. ئۇنى ياخشى بىلىسىز، سىز دوستلۇق ھېسسىياتىڭىزغا ئىشىنىسىز. لېكىن ھېسسىياتنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشىڭىز ناتايىن. شۇڭا دەيمەن. مېنىڭچە ئىمام دەستىلىككە يارامىلىقمۇ - يوق؟ بۇ تەرىپىنى ئويلاشساق بولىدۇ.

— راست، ئىمام سەل ئەگرىرەك، — دېدى مۇدىر تەستىقلاپ.

— سەل ئەگرى بولسا تۈزىۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى شۇجى ياشلارغا خاس ئۆزۈمچىلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، — مېنىڭچە ئەيسا ھاكىم ئىمام مۇھەممەتتىن گۇمانلانمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇ دەستە، سىز دېگەندەك ئەيىبى — پۇتىقى بار دەستە.

«ئۆمەرجاندىن نېمىشقا خاپا بولىمەن، نېمىشقا مەن ياخشى تەرەپلىرىدىن ئۇنىڭ بۈگۈنكى سوغۇقلۇقىنىڭ سەۋەبىنى ئىزلەپ كۆرمىدىم. كېچىچە ئۇخلىماي تىراكتور قوراشتۇرۇپ چارچىغان، ياكى پۈتۈن-ئەس-خىيالى كومبايىننى سىناق قىلىشتا بولۇپ ماڭا ھۇر-

دىكەن. بىزنىڭ يۈسۈپجانىمىز ئۇنىنچى سىنىپنى تۈگىتىپ مايغا ملىنىپ رېمونتچىغا شاگىرت بولۇپ كىردىغۇ، كىم بىلىدۇ، سىز قەدىرلىمىگەن بالىنى ئۆمەرجان ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىنژېنېر قىلىۋېتەمدۇ تېخى!

— ئۆمەرجان توغرىسىدىكى ئىغۋانى سىلەرمۇ ئاڭلىدىڭلارمۇ تېخى؟

— ئاڭلىمايچۇ؟ تۈنۈگۈن ئىسمايىل قارىنىڭ توي چېيىدا ئاياللار ئۆمەرجان توغرىسىدا پاراڭ قىلىشتى.

— يامان گېپىنى قىلغانلارمۇ باردۇ؟

— ئاڭلىمىدىم. مانا سىزدىن يامان گېپىنى ئاڭلىدىم! — ئايال دومسايدى.

— نېمە دەۋاتىسەن خوتۇن؟

— ئىغۋا دەۋاتىسىزغۇ؟

— ھۆكۈمەت سىلەرگە رەسمىي ئۇقتۇرمىغاندىكىن شۇنداق دەيمەن ـ دە! بول، چېيىڭنى تەييارلا، ئەتىگەنرەك ئىشقا بارراي.

ئەيسا ھاكىم بۇگۈن نېمىلا بولمىسۇن ناھىيىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بىلەن رەسمىي پاراڭلىشىشنى نىيەت قىلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا قاراپ ماڭدى. ھۆكۈمەت، دائىمىي كومىتېت، پارتكوم ئىشخانىلىرى باشقا ـ باشقا ھويلىلاردا بولسىمۇ باغلاردىن ئۆتىدىغان ئۇششاق يوللار بۇ ھويلىلارنىڭ ئارقا ئىشىكلىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇراتتى. كاتىپلار بىلەن ئالاقىچىلار دائىم بۇ يوللار بىلەن مېڭىپ تۇرغاچقا ئارقا ئىشىكلەرمۇ دائىم ئوچۇق تۇراتتى. ئەيسا ھاكىم ئىشخا-

— ھا ـ ھا ـ ھا... قارا سىنىڭ تالىغان كەسپىڭنى. ياشلار ھازىر ئۇنىڭدىن بىزار، كىم بىلىدۇ، سەن رول. ئوتقۇدەك بولغۇچە دۇنيادىكى ئەڭ سەت نەرسە شۇ بولۇپ قالامدۇ تېخى، ياخشى، ياخشى، سەتكە خېرىدارلىق قىلغۇچى ئاز تېپىلىدۇ، لېكىن ئۇ ئوغلار شۇ ئازلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ.

— بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى بىر ئايدىن بېرى بامدات ئوقۇشقا كىردىشىۋالغان ئايالى ئاق رومىلىنى پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ، — سۆزلەپلا قاپسىزغۇ؟

— توغرا ئېيتىسەن، سۆزلەپ قالدىم. نېمىشقا دەمسىنا؟ تەس كېلىۋاتىدۇ؟

— ھاكىملىقنى بەرمەكمۇ؟

— ھەئە خوتۇن، ئادىمنى تېپىپ بەرمەك تەس كېلىۋاتىدۇ!

— ئادىمنى؟ قىز تالالىق قىلاتتىمكى، گېپىنى قا- راڭ!

— قىزنىڭكىنى بىرسىگە بەرمەك ئاسان، لېكىن ئەمەلنى، بولۇپمۇ ناھىينىڭ باش ھاكىملىقىنى ئادى- مىنى تېپىپ بەرمەك بولمايدۇ ـ دە...

— ئۆمەرجان بەلەن يىگىتقۇ، ھەممىلا ئادەم ماختايدىكەن، ئۇ ھاكىم بولسا ماشىنىسىغا شوپۇر كەتـ مەيدىكەن، ئۆزى ھەيدەيدىكەن. ئايالى توي ـ تۆكۈنـ دە تۆر تالاشمايدىكەن. ئۆمەرجان ھاكىم بولسا ناھىـ يىدە ئۆزىدەك تېخنىك، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بازىرى بولـ

— سىز ھودۇقماڭ، كېيىنكىلى تەكەللۇپ قىلماي،
ئەسكەرتىش بەرمەي توغرىدىن توغرىلا سۆزلەۋېرىڭ.
— شۇنداق قىلاي ئەمىسە، شۇنداق قىلىپ ئۆمەر-
جان قاتتىق ئاچچىقلاندى.
— ھە، ھاكىم قىلماقچى دېگەن گەپمۇ؟ —
ھاكىمنىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلدى، مىيىقىدا كۈلكە پەيدا
بولدى.
— مېنى مەجبۇرلاپ ھاكىم سايلىسا بۇ ناھىيە-
دىن كېتىمەن دەيدۇ تېخى. ئىمانىم كامىلكى، ئۇ دېگە-
نىنى قىلىدۇ. مەن بۇ ناھىيەدىن كېتىشنى زادى خالى-
مايمەن. ئۆمەرجاندىن ئايرىلىشنى تېخىمۇ خالىمايمەن.
ئۇ ھاكىملىققا لايىق، كەم سۆز، ئىشچان، ئادىل، بى-
لىملىك، ئەخلاقلىق، ئاددىي - ساددا، چىقىشقاق،
سەۋىيىلىك، پارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ ماركسىزم -
لېنىنىزم سەۋىيىسى ناھىيەدىكى ھەممىمىزدىن ئۈستۈن.
ماركس، لېنىن، ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىدىن ئۇ-
نىڭ كۆرۈپ بەلگىلىگەن خەت يازمىغىنى، سىزمىغىنى
يوق. ئىشەنمىسىڭىز خاتىرىلىرىنى ئەكىلىپ كۆرسىتەي،
چوڭ خاتىرىدىن 7 — 8 نى تولدۇردى. سۆز-
لىگىنى بىلەن خەلقئارادىكى، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ
ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ
بېرەلەيدۇ. خەنزۇچە سەۋىيىسىچۇ تېخى؟ خەنزۇلارنى
كۆرسە ئۇيغۇرچە سۆزلەپ تۇرۇۋالغىنى بىلەن خەنزۇ-
چىنى سۇدەك بىلىدۇ. خەنزۇچە كونا كىتابلارنىمۇ دا-
ئىم ئوقۇپ خاتىرە يازىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆمەر-

لىسىغا كىرمەيلا باغ ئىشىك ئارقىلىق پارتكومغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا باغ ئىشىككە كېلىشىگە ئۇنى ئازادەم توسۇۋالدى.

— ئەسسالام، ئەيسا هاكىم سىلىگە بىر گېپىم بار ئىدى. ئۇن مىنۇت ۋاقىتلىرىنى بەرسىلىكەن؟

ئەيسا هاكىم سائىتىگە قارىدى.

— مۇشۇ يەردە ئېيتسامۇ بولۇۋېرىدۇ، ئۇن مىنۇتلا!

ئەيسا هاكىم كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ ئادەملەر بىلەن كوچىلاردا سۆزلىشىشنى يامان كۆرەتتى. ھەرقانچە ئالدىراش ئادەم بولسىمۇ «ئىشخانىغا بېرىڭ» دەيتتى دائىم. ئۇ سۆھبەتدىشىنىڭ گېپىنى ئۆز كابىنېتىدىكى هاكىمغا خاس دۈگلەك ئورۇندۇقتا رەسمىي ئولتۇرۇپ، قولىغا قېرىنداش ئېلىپ، ئۇزۇن مۇشتىكىگە تاماكىسىنى پۇختىلىۋېلىپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايتتى. باشقىلار سۆزلىگەندە ئۇ كەم گەپ قىلاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ سوئال سوراپ قوياتتى.

ئۇ بۈگۈنمۇ بىرىنچى بولۇپ ئۇزۇن زالغا كىردى ۋە كابىنېت ئىشىكىنى ئۆزى ئاچتى. يۇقىرىقى رەسمىيەتلەرنى تولۇق بېجىرىپ بولۇپ ئۇدۇلدا ئولتۇرغان ئازادەمگە قارىدى.

— قېنى ئەمدى، قۇلىقىم سىزدە.

— مەن، مەن داۋا قىلماقچى ئەمەس، — دېدى ئازادەم هاكىمنىڭ يوغان قولىدىكى قېرىنداشقا قاراپ قويۇپ، — هېلىقى ئىنىۋا، ياق هېلىقى گەپ!..

نىڭ ئازادەمنى باشلاپ ئىشخانىسىغا ماڭغىنىنى باغقا قارىغان دېرىزىسىدىن كۆرگەن پارتكوم شۇجىسى تەنە بىلەن قارشى ئالدى:

— ئالا سېغىزخان يەنە نېمىلەرنى شاراقلىدى؟ — دېدى ئۇ ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئازادەم كەتكەن تەرەپنى ئېڭەكى بىلەن شەرەت قىلىپ، — يەنە بىر يېڭى ئىغۋا توقۇدىمۇ نېمە ئۇ؟ ھا... ھا... ھا...

ئەيسا ھاكىم ياش شۇجىغا «يالت» قىلىپ قاراپ قويدى - دە، بىردىنلا قاپىقىنى تۈردى ۋە:

— ئۇكام سىز ئۇ ئايالنى بىكارلا ئەيىبلەۋاتىسىز، — دېدى. ئۇزاق يىل ئۆزىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلگەن ھاكىمنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدىغان شۇجى بىردىنلا كۈلكىسىنى توختاتتى - دە، ھاكىمنىڭ يوغان قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇنى دىۋاندا ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى:

— ئولتۇرسىلا، ئەستايىدىل سۆزلىشەيلى. بۇ بىر ئىغۋا، مەسخىرە، ناھىيە رەھبەرلىرىگە قىلىنغان ھاقارەت!

— ئۆزىڭىزنىڭ پىكرىمۇ بۇ؟ — ھاكىم شۇجىنىڭ كۆزىگە قارىدى، — ئېغىر بولۇڭ ئۇكام، بۇرۇن بىز قىزغىنلىقتا تايىنىپ ئىشلىگەن، قىزغىنلىقنى، كەسكىنلىكنى كۆپ تەكىتلىگەن. ئىلمىيلىق، تەمكىنلىكنى ئاز تەكىتلىگەن. بىز ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىقىغا سىزنى تەيىنلەشتە يۇقىرىغا ئارقا - ئارقىدىن تەكلىپ

جانىنى ھاكىملىقتا تازا لايىق دەپ ئويلاپ ئىغۋا توقۇ-
دۇم. ئەمدى بۇ ئىغۋا راستتا چىقىپ پۈتۈن ناھىيە
ئىدارىلىرىدە سۆزلىنىپ يۈرۈپتۇ. لىللا گەپنى قىلسام،
ئۆمەرجان ياخشى يىگىت، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىغا تازا
لايىق. مەن ئىغۋاگەرنى جازالىساڭلارمۇ مەيلى. لېكىن
ياخشى نىيەت بىلەن ئىغۋا تارقاتتىم. ئۆمەرجاننى كىشى-
لەر چۈشەنمىدى، ھۆكۈمەت بىلمىدى، نەزەر سالمىدى.
مەن بۇ تەڭسىزلىككە چىدىمىدىم. ئۇنى خەلققە، ھۆ-
كۈمىتىمىزگە تونۇتقۇم، ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپقۇم كەل-
دى. مەن بىر ياخشى ئادەمنى پارتىيە، ھۆكۈمىتىمىزگە
تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئىغۋا توقۇدۇم.

ئازادەم تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى
ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. ھاكىم ئېيىق تاپىنىدەك گۆش-
لۈك ئالقانلىرىنى ئۈستەلگە قويدى:

— كېپىڭىز تۈگىدىمۇ ئازادەم؟ ئۇنداق بولسا
خاتىرجەم بولۇڭ، بىرىنچىدىن سىز جازالانمايسىز،
ئىككىنچىدىن ئۆمەرجان ھېچنەگە كەتمەيدۇ. قالغان
ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

ئەيسا ھاكىم باغ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى، بۇ
قېتىم بايىقىدىن ئىتتىكرەك ماڭدى. ئۇ كۆڭلىدىكىدىن
خۇشال، جۇشقۇن ئىدى.

## 7

لېكىن ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇزاققا بارمىدى. ئۇ-

ئۆزىمىز بىلەن ئەپ ۋە ئەپ ئەمەسلىكى، تارىخى پاك
ۋە پاك ئەمەسلىكى قاتارلىق تەرەپلىرىنىلا ھېسابقا
ئالدۇق. نامزاتنى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرى،
يېزىلىق پارتكوم شۇجىلىرى، بۇجاڭ، باشقارما باش-
لىقلىرى ئارىسىدىنلا ئىزلىدۇق. ئاددىي كادىرلار، زى-
يالىيلار ئارىسىغا قايسىمىز ھاكىملىققا نامزات ئىزلەپ
نەزەر سالدۇق؟ دۇنياغا داڭلىق قوماندانلار، ئالىملار،
داھىيلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆز ماھارىتىنى ئاددىي خىزمەت،
جەڭ مەيدانلىرىدا كۆرسىتىپ ئۆزلىرىنىڭ ياراملىق
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقان. مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئى-
كەنلىكىمنى چۈشەنگەنسىز، چۈشەنگەن بولسىڭىز بايىقى
«ئىغۋا»، «ھاقارەت» دېگەن سۆزلىرىڭىزنى قايتۇرۇۋې-
لىڭ، ئىككىنچى بىر ئورۇندا تەكرارلىماڭ، چۈنكى
سىز ھازىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، سىزنىڭ
سۆزىڭىز قارارغا ئايلىنالمىغان تەقدىردىمۇ، ھەيۋە،
بېسىم، تەسىرگە ئايلىنالايدۇ.

ناۋادا ئەيسا ھاكىمدىن باشقا بىرسى پارتكوم
شۇجىسىغا بۇنداق تەنقىد، پەند - نەسىھەت گەپلىرىنى
قىلغان بولسا ئىدى، ياش شۇجى ئۇنى سىلكىۋەتكەن،
ھەتتا ئۇنىڭغا قايتۇرما زەربە بەرگەن بولاتتى. لېكىن
ئۇ ئەيسا ھاكىم ئالدىدا ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقى بىلەن
قىزىققانلىقىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر. چۈنكى ئەيسا ھا-
كىم ئۇنىڭ قەلبىدە ھېلىھەم رەھبەرلىك سەنئىتى،
ئادىمىي خىسلەت جەھەتتە ئۈلگە ئورنىدا تۇرۇپتۇ. شۇن-
داق ئىكەن ئۇ ھاكىمنىڭ پىكرىنى جىم ئولتۇرۇپ

بېرىپ سىزنىڭ قىزغىنلىقىڭىز، ئىشچانلىقىڭىز، بىلىم ئەھلى ئىكەنلىكىڭىزنى كۆپ تەكىتلىدۇق. مەن ناھىيە-لىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېغىمدا سىز پارت-كوم كاتىپى ئىدىڭىز، مەن شۇ چاغدىن باشلاپ سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىزغا دىققەت قىلىپ كەلگەنمەن. مانا ئەمدى سىز بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ئادەمگە ئايلان-غاندىن كېيىنلا، مەن سىزنىڭ كەمچىلىكلىرىڭىزنى كۆ-رۈپ ھەيران قېلىۋاتىمەن. ئېيتىڭە ئۇكام، ئازادە-نىڭ تارقاتقان گېپىنىڭ قانچىلىك زىيىنى باركەن؟

— ئۇ بىر ئىغۋا!

— ئولتۇرۇڭ، جىددىيلەشمەڭ، — دېدى ئەيسا ھاكىم شۇجىنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — ئىغۋامۇ دەيلى، مېنىڭچە، بۇ ئىغۋانىڭ راستقا ئايلىنىش ئاساسى بار. سىز بۇ تەرىپىنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

— نېمە؟ سىلى ئۆمەرجان ھاكىم بولسا بولىدۇ دې-مەكچىمۇ؟ — شۇجىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ خۇددى ئەيسا ھاكىمنى ھازىرلا تونۇپ قالغان بىر يات ئادەمدەك سىنچىلاپ قاراشتۇردى.

— ھەيران قېلىۋاتامسىز ئۇكام، بۇ ئىغۋا بىزنىڭ بيۇروكراتلىقىمىزغا زەربە بولدى. بۇ ئىغۋا بىزگە بىر ياخشى يولداشنى تونۇشتۇردى. شۇنداقلا بىزگە ئادەم تاللاشتا كونا يول بىلەن مېڭىشنىڭ بۈگۈنكى يېڭى دەۋرگە ئويغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز ھازىرغىچە ھاكىملىققا نامزات تاللاشتا ئالدى بىلەن ناھىيىمىزدىكى شەرتى توشىدىغان ياشلارنىڭ مەنسىپى، پارتىيىۋىلىكى،

— ئۆمەرجان توغرىسىدا بىر يېڭى ماتېرىيال كەلدى. بىللە كۆرۈپ باقساق قانداق؟

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ھاكىم خۇشال بولۇپ، — مەن ھازىرلا بارىمەن!

ئەيسا ھاكىم گەۋدىسىنى بىردە ئېگىپ، بىردە تىك قىلىپ قويۇق دەرەخلەر ئارىسى بىلەن ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

بۈگۈن ھاۋا بۆلەكچىلا ئىسسىق، دىمىق. دەرەخلەر ئارىسىدىن خۇددى تونۇردىن كەلگەندەك ھۇلۇلداپ يالقۇن كېلەتتى. ھاكىم چىلىقلاپ تەرلىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۈچ قەدەمنى بىر چامداشقا تەييار ئىدى. ھاكىم ئىسسىقتا تەرلەپ پىشىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە شۇجى شامالدۇرغۇچ يېنىدا ھۇزۇرلىنىپ، چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى.

— كېلىشمەسلىك، — دېدى شۇجى قولىدىكى ئۈچ ۋاراق قەغەزنى سىلكىپ تۇرۇپ، — ئەجرىمىز بىكارغا كەتتى. مانا ئۆمەرجان توغرىسىدا «ئەڭ يېڭى خەۋەر!»

شۇجى قەغەزلەرنى ھاكىمغا ئۇزاتتى ـ دە، ھاكىمنىڭ ئالدىغا چاي قويدى. ئەيسا ھاكىم ئۈچ بەتلىك يازما ماتېرىيالنى ناھايىتى تېزلا ئوقۇپ بولدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئىككىنچى قېتىملاپ ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان شۇجى خۇددى قىزىق بىر ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك قاقاقلاپ كۈلدى:

ئەستايىدىل ئويلاشقا مەجبۇر. دېمەك، ئۆمەرجاننىڭ ھاكىملىققا نامزات بولۇشى كۈلكىلىك ئىشمۇ، «سىياسىي ئىغۋا»مۇ ئەمەس ئىكەن - دە. ئەيسا ھاكىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان مۇنۇ يېڭى مەنىلىك گەپلەر ياش پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى، يېڭىلىق، يېڭىچە قاراش دېگەنلەرگە ياشلار ۋەكىللىك قىلىشى لازىم ئىدىغۇ. قانداق قىلىپ مۇنۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولۇپ دۆلەت، خەلق توغرىسىدا ئويلاشتىن ئۆزىنى تارتىش ئالدىدا تۇرغان ئەيسا ھاكىم بۇ يېڭى نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ - ھە؟

— راست، مەندە بيۇروكراتلىق باش كۆتۈرۈپ قاپتۇ. مەن تەشكىلات بۆلۈمىدىكى يولداشلارغا ئۆمەرجان توغرىسىدا تاپشۇرما بېرەي. ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ھەم سۈرۈشتۈرەي، — دېدى ئۇ ئاخىر يەرگە قاراپ، — ئەيسا ھاكىم ماڭا كۆپرەك تەنقىد بېرىڭ، ياردەم قىلىڭ. سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارسىز بىز ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيمىز.

— يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئۆز كۆز قارىشىم، — دېدى ئەيسا ھاكىم كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز بىر ۋاقىت چىقىرىپ ھاكىم نامزاتلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل سۆزلىشەيلى.

ھاكىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شۇجى خېلىغىچە ئورنىدا ئولتۇردى.

شۇ كۈنى چۈشكە يېقىن پارتكوم شۇجىسى ئەيسا ھاكىمغا تېلېفوندا مۇنداق دېدى:

ئىشەنچىلىك ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ۋاقتى گۇمانلىق، نې-
مىشقا ئىلگىرىمۇ - كېيىنمۇ ئەمەس. نەق «ئۆمەرجان
هاكىم بولغۇدەك» دېگەن سۆز تارقىلىشى بىلەنلا بۇ
«پاش قىلىش» ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى؟ ئۈچىنچىدىن،
نېمىشقا بۇ ماتېرىيال شۇنچە تېزلىك بىلەن ناھىيىلىك
پارتكوم شۇجىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى؟

— راستلىقىغا گۇمانلىرى بارمۇ؟

— شۇنداق.

— سىلىچە قانداق قىلساق بولار؟

— بىرىنچىدىن ئىپادە بىلدۈرمەيلى. ئىككىنچىدىن
ئەستايىدىل تەكشۈرەيلى.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە.

هاكىم ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش
ئۈچۈن ماتېرىيالنى قايتىدىن ئوقۇدى. ماتېرىيال پۇخ-
تا، جۈملىلىرى جايىدا، ئەمما سەت ئىملادا يېزىلغان.
ئەيسا هاكىم بىر ماتېرىيالنى ئوقۇسا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا
دىققەت قىلىپلا قالماي، جۈملىلەر، مەسىلىنىڭ قويۇ-
لۇش ئۇسۇللىرىغا دىققەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئۇ نۇتۇق سۆزلىسىمۇ، ماقالە يازسىمۇ
ناچار، خام جۈملىلەرنى، مەنتىقىسىز پىكىرلەرنى ئاسان-
لىقچە ئىشلىتىپ قويمايدۇ. مانا هازىرمۇ ماتېرىيالنى
يادلىۋېلىش ئۈچۈن ئەستايىدىل ئوقۇماقتا، ماتېرىيال
مۇنداق يېزىلغان.

«مەن زاۋۇتنىڭ كۆزەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆز خاتالىقىمنى ئې-
تىراپ قىلغاچ، ئۆمەرجان يولداشنىڭ رەزىل قىلمىشىنى پاش قىلىمەن. مېنىڭ

— ئەمدى بىزگە نامزات توغرىسىدا سۆزلىشىشنىڭ
هاجىتى قالمىدى، — دېدى ئۇ بىپەرۋا قىياپەتتە، —
ئىمام مۇھەممەت ئەڭ ياخشى نامزات، سىلى خا-
تىرجەم بولسىلا بولۇۋېرىدۇ.

— ئەمدى ئەستايىدىل سۆزلىشىدىغان پەيت كەل-
گەندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئەيسا هاكىم ئۇزۇن مۇش-
تىكىگە تاماكىسىنى پۇختىلاۋېتىپ، — بۇ ماتېرىيالنى
ياخشى تەكشۈرۈش كېرەك. بىز بۇ ئىشنى مۇناسىۋەت-
لىك يولداشلارغا ئېيتايلى.

— هاجىتى قالمىدى، مەن ئېنىقلىدىم. زاۋۇت
باشلىقى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم. بۇ پاكىتلار
ئاساسەن ئەمەلىلەشتى.

— ئەمما، — دېدى هاكىم قەغەزنىڭ بىر يې-
رىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ، — مۇنۇ
پاش قىلغۇچى پۈتۈن ناھىيىگە داڭلىق ئىغۋاگەر. بىر
رومكا هاراق ئۈچۈن بىر ئادەمنى سېتىۋېتىشتىن يان-
مايدۇ. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى يېڭى باشلانغاندا
ئۇ قاراپ تۇرۇپلا ماڭا بوھتان چاپلاپ «قولىدا چەت
ئەل پاسپورتى بار. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن»
دەپ تۇرۇۋالدى. هازىرغىچە كىشىلەرگە قارا چاپلاپ،
ئىغۋا تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ناھى-
يىگە تارالغان بىرنەچچە قېتىملىق «ئەڭ يېڭى ئىغۋا»
لارنىڭ ئىگىسى شۇ بولۇپ چىققان. هازىر كىشىلەر
ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان راست گەپكىمۇ ئىشەنمەيدى-
غان بولۇپ قالغان. دېمەك، بىرىنچىدىن، پاش قىلغۇچى

دى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، ئۇ خىيالچانلىق
بىلەن تاماكىسىنى ئاچچىق شورىماقتا ئىدى. شۇچى
بولسا ھاكىم بىلەن بولۇۋاتقان يوشۇرۇن كۆرەشتە
غالىب چىققىنى ئۈچۈن خۇشال، شۇڭا ئۇ مەغرۇر ئى-
دى:

— مەن بۇ ئىشنى ئاڭلاپلا زاۋۇتقا ئادەم ئەۋەت-
تىم. ئۆزۈم زاۋۇت پارتكومىدىكى مەسئۇل يولداشلار
بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم. ئۇلارنىڭ دوكلات قىلى-
شىچە زاۋۇت پارتكومى دەرھال ئىسكىلاتنى تەكشۈر-
گەن. راستلا ماتېرىيالدا يېزىلغان ماددىي نەرسىلەر
يوقالغان. ئۇلار ئۆمەرجاننىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگى-
رىشلەرگىمۇ دىققەت قىلغان. ئۆمەرجاننىڭ ئۆيىدە
تۇيۇقسىزلا يېپيېڭى ئىككى پارچە گىلەم پەيدا
بولۇپ قالغان. بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا ئۆمەرجان
بانكىدىكى 3700 يۈەن پۇلنى ئۇستىگە
بىر قېتىمدىلا 1200 يۈەن ئامانەت قويۇپ
بانكىدىكى نەق پۇلنى 5000 يۈەنگە يەت-
كۈزگەن. زاۋۇت رەھبەرلىكى بۇ ئىشنى ئاساسەن بېكى-
تىلگەن ھېسابلاپ ئۆمەرجان بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭ
پوزىتسىيىسىگە قاراپ بىر ياقلىق قىلماقچى ئىكەن.

— ئۆمەرجان بىلەن سۆزلىشىپتىمۇ؟

— ياق تېخى.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭچە زاۋۇت رەھبەرلىكىگە
دەرھال ئادەم ئەۋەتەيلى ياكى تېلېفون بېرەيلى.
ئۆمەرجان بىلەن سۆزلەشمەي تۇرسۇن. بۇ ئىشنى ھا-

خاتالىقىم — پىيەنچۈكلۈك ۋە شۇنىڭدىن كېيىندا بولغان بىپەرۋالىق. ئۆمەرجانىڭ
يوقلۇقىنىڭ قىلمىشى بولسا ئوغرىلىق، يەنى جىنايەت. 1985 - يىل 7 - ئاي-
نىڭ 3 - كۈنى كېچە سائەت ئىككى يېرىم مەھەلدە دەرۋازا قۇلۇپىنىڭ شاراق-
لىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم (ئۇخلاپ قالغىنىم مەستلىكتىن. بۇ مېنىڭ ئېغىر
خاتالىقىم). قارىسام ئۆمەرجان يوقلۇق زاۋۇتنىڭ رېزىنكە چاقلىق قول ھار-
ۋىسىنى دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ ئاچقۇچ بىلەن دەرۋازا قۇلۇپىنى
ئېچىۋېتىپتۇ (ئۇ دائىم كېچىلىرى زاۋۇتتا تىمىسقىلاپ يۈرگەچكە رەھبەرلىكنىڭ
قوشۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭغا بىر ئاچقۇچ بېرىلگەن ئىدى). ھارۋىغا كېلىپ زەڭ
سالسام ھارۋىدا «شەرق قىزاردى — 28» تراكتورنىڭ ئالدى چاقىدىن ئۈچ
دانە، پايانىڭ ماشىنىسىدىن ئىككىسى تۇرۇپتۇ. مەن تۈزۈم بويىچە بۇ نەرسى-
لەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە يول قويمىدىم. لېكىن يوقلۇق ھىيلە قىلدى. پىش-
شىق توخۇمدىن ئون دانە، بىر بوتۇلكا كۆچۈك ئاق ھارىقىنى چىقىرىپ ئال-
دىمغا قويدى. مەن ھاراقنى كۆرسەم دادامنىڭ مۇردىسىنىمۇ تاشلاپ قويىدى-
غان بەتقىلىق پىيەنچۈك. مەن ھاراققا دوم چۈشۈپ غەرق مەست بولۇپتىمەن.
ئەتىسى ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام ھارۋا يوق. دېمەك ئۆمەرجان ئوغرىلىق
قىلغان. مەن بۇ ئىشنى رەھبەرلىككە دېيىشتىن بۇرۇن ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈپ ئۆ-
مەرجان بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ ھېچۋە قىلىپ: «مەن دائىم زاپچاسلارنى ئۆي-
گە ئاپىرىپمۇ تۈزەيمەن. ئۆزۈڭ ئوغرىلىمىغانمەن» دەيدۇ تېخى. قورقۇپ يۈ-
رۈپ خېلى ۋاقىتقىچە پاش قىلمىدىم. ئاخىر مانا پاش قىلىپ رەھبەرلىككە
بۇ ماتېرىيالنى يازدىم. ئۆمەرجاننىڭ ئوغرىلىقى بىرلا قېتىم ئەمەس، ئۇ زا-
ۋۇتنىڭ بوغالتېرى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ئۇزاقتىن بېرى ئوغرىلىق قىلىپ كېلىۋاتى-
دۇ. بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭ پاش بولۇشى. قانچىلىك نەرسىنى سىڭدۈرۈپ كەتكەن-
لىكىنى ئىسكىلاتنى ئېنىقلاش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. تەشكىل ئېنىقلاشقا بەل
باغلىسىلا مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلىمەن. مەن تەشكىلدىن ئوغرى
ئۆمەرجان يوقلۇقنى قانۇنىي جازاغا تارتىشنى، ماڭا ئوخشاش بىپەرۋا پىيە-
نچۈككىمۇ تېگىشلىك چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. دەپ: تراكتور رېمونت
زاۋۇتىنىڭ كۆزەتچىسى (سابىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) ئاخىر-
ىناي ئەزىم قارى ھاجى ئوغلى 1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېرىم
كېچىدە يېزىلدى دەپ بىلىۋېرىسىزلەر.»

... ھاكىم ماتېرىيالنى ئوقۇپ بولۇپ شۇجىغا قار-

ھاكىم بۇ يەرگە كەلگىچە بىردە تاپتاقىر توپىلىق كوچىلار بىلەن، بىردە بىرلا ئېشەك ھارۋىسى ئارانلا پاتىدىغان، تار، بۆك دەرەخلىك تېگى نەم كوچىلار بىلەن بىرلىرىگە ئېگىلىپ سالام قىلىپ، بىرلىرىنىڭ سالام ـ ئىلتىپاتلىرىغا يېقىملىق جاۋاب قايتۇرۇپ خېلى ئۇزاق ماڭدى. ئۇ چارچىدى، چاڭقىدى، چاڭغا مېلىندى. ئۇنىڭ كۆزىگە مەجنۇن تاللار جالا تاشلاپ تۇرغان كۆلنىڭ سۈزۈك سۈيى بىلەن نەم قىرغىقى تولىمۇ كۆڭۈللۈك، ئارامبەخش بىلىندى. ئەلۋەتتە 60 ياشلىق ئادەم ئۈچۈن جاننىڭ ئارامى تولىمۇ زۆرۈر. لېكىن ھاكىم ئۆزى ئارامىلىنىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بىئاراملىقىنى تۈگىتىشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ كەلگەن. بىرلىرى ئۈچۈن كېلىدىغان غىزا ئۆتمىگەن، بىرلىرى ئۈچۈن ئۇيقۇسى قاچقان، يەنە بىرلىرى ئۈچۈن قۇيقا چاچلىرى تىك بولغان بولسا، يەنە بىرلىرى ئۈچۈن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولغان ياكى ئازابلانغان. بۇ ئىشلار باشقىلارغا ئاندا ـ ساندا يولۇققىنى بىلەن ھاكىمغا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. سەۋەبى ئۇنىڭ باشقىلار توغرىسىدا ئويلىمايدىغان ۋاقتى يوق. يەنە سەۋەبى باشقىلارنىڭ ئەرز ـ شىكايەت، دەرد ـ ھالىنى ئەڭ كۆپ ئاڭلايدىغان ئادەممۇ شۇ. شۇنداقلا مەسىلىلەرگە ئەڭ تېز، ئەڭ كەسكىن جاۋاب بېرىدىغان ئادەممۇ شۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز قۇرداشلىرىدىن بۇرۇن قېرىدى. قېرىلىقىمۇ بۇرۇن تەن بەردى. مانا ئەمدى سەپتىمۇ بۇ-

زىرچە مەخپىي تۇتسۇن. بولمىسا ھېلىقى پاش قىلغۇچىنىڭ ئېغىزىنى ئوبدان ئېتىپ تۇرسۇن!

— ھېنىڭچە بۇ ئىش... — دېدى شۇجى كۈلۈمسىرەپ.

— ئەمەلىيلەشتى دېمەكچىمۇ سىز؟ — دېدى ھاكىم شۇجىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بايىقى قارارىمىز قارار. بىرىنچىدىن ئىپادە بىلدۈرمەسلىك، ئىككىنچىدىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈش.

شۇجى بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىدى.

— مەن سىزگە بىر ماتېرىيال ئەۋەتىمەن، — دېدى ھاكىم ئۆزىنى يەلپۈپ تالاغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ئۇمۇ ئۆمەرجان توغرىسىدا يېزىلغان. ئوقۇپ كۆرۈپ ئويلىنىڭ، ئۆمەرجاندەك مىجەز، خاراكتېرى بار ئادەم ئوغرىلىق قىلارمۇ؟

— ناھايىتى ياخشى، سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك قىلاي.

ئەيسا ھاكىم تۆت كوچا ئېغىزىدا ئويلىنىپ خېلى تۇردى - دە، ئاندىن كېيىن ئۆيىگە ئەمەس، تراكتور رېمونت زاۋۇتى تەرەپكە قاراپ پىيادە يۈرۈپ كەتتى.

8

زاۋۇت بوغالتىرى ھېمىت چاقچاقنىڭ ئۆيىمۇ لەقىمىدەك چاقچاق ئىكەن. ئارقىسى كۆل، ئوچ تەرىپى يول، نە باغ، نەچوگراق ھويلىسى بولسا كاشكى.

سىلەر؟ — ئۇ ئاخۇنباي تەرەپكە قارىدى. ئاخۇنباي تۇرغان يېرىدە زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە، ئىككى قولى بىلەن تاقىر بېشىنى شاپىلاقلاپ يىغا ئارىلاش دەرد ئېيتتى:

— ھۆكۈمەتكە يان باسقانىنىڭ سازايىسى!

ھېمىت چاققان پوڭزەكتەك قاڭقىدى:

— پىتنىچىنى ھۆكۈمەت جازالىمىسا، مەن جازالايمەن!

ئەيسا ھاكىم ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈردى، ھېمىت چاققان جىم بولۇپ قالدى.

ئادەملەر خۇددى بىر جايدا ماجىرا بولمىغاندەك تۆشمۇ تۇشتىن ھاكىمنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى:

— چۈش بولۇپ قالدى ھاكىم، بىر چىنە غىزايىمىزغا داخىل بولسىلا ئەمدى.

— ئەي شەنجاڭ، ئۇسسىزلۇق ئىچىپ...

— ئەجەب بەلەن كېلىپ قاپىلا، ئىككى ئېغىز گېپىم بارتى ...

ھاكىم بىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى، بىرلىرىگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى، بىرلىرىدىن كەچۈرۈم سورىدى، بىرلىرىگە ۋەدە بەردى. ئاخىر ئاخۇنبايلارنى ئۆيلىرىگە كىرگۈزۈۋەتتى - دە، ھېمىت چاققاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ھېمىت چاققان پاكار، پۈت - قولى دىقماق، يىرىك چېچىنى دائىم قىسقا ياسىتىپ يالاڭباشتاق يۈرىدىغان، پالكۆز، ئىككى تال چىشى چىشاڭراق، بۇرۇتىنى

رون چىقماقچى.

ئۇ كۆل سۈيىگە قاراپ قويدى ـ دە، چىمەن دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ باش ـ بويۇنلىرىنى ھۆل ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. كۆلنىڭ نېرىسىدىن ئادەملەر ـ نىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى ئاڭلانماقتا. بىرلىرى ئاغزىنى بۇزۇپ بىرسىنى تىللىماقتا. بىر ئايال ئۈن سېلىپ يىغلىماق ـ تا. يەنە بىر ھاكىمغا تونۇش ئاۋاز ۋارقىراپ ـ چارقىراپ سۆزلىمەكتە ... ئادەملەر بىرلىرىنى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئەيىبلىمەكتە، بىرلىرىگە تەسەللى بەرمەكتە. يەنە بىرلىرى قاقاقلىشىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. ھاكىم شۇ ياققا قاراپ كۆلنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ بېرىپ ماجرانى چۈشەندى. ھېمىت چاققان يالىڭاچلىنىۋالغان، ئۇنى ئادەملەر مەھكەم تۇتۇۋالغان. ئۇ ۋارقىراپ بىرسىنى تىللاپ يۇلقۇنماقتا. قارشى تەرەپتە ئوخشاشلا بىرسى يالىڭاچلىنىۋالغان. بۇ ئاخۇن باي پىتنىچى. ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرنى قان. ئېغىزىدىن بېشەم تىللار پىلىموتنىڭ ئوقىدەك چىقماقتا. ئۇنىڭ ئايالى چاچلىرى چۇۋۇلغان. كۆڭلىكىنىڭ كەنجىرى يىرتىلغان ھالدا ئىككى يانپېشىغا ئۇرۇپ يىغا ئارىلاش ئادەم تىللىماقتا ئىدى. ھاكىم ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ سۈرلۈك قىياپەتتە ماجرا بولۇۋاتقان مەيدانغا كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ ئادەملەر پىچىرلاشتى. ماجراچىلارمۇ خۇد ـ دى تېشىۋاتقان چۆگۈنگە سوغ سۇ قۇيۇلغاندەك جىمىش ـ تى.

— نومۇس قىلمامسىلەر، نېمانچە بىھايا ئادەملەر ـ

ھەش - پەش دېگۈچە تۆت بالىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ، ئائىلىغا دۇكان ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ ھازىر
ئايلىقىمۇ ئۈچ ھەسسە ئاشتى. پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ئاي-
لىق ئومۇمىي كىرىمى ھازىر 1000 يۈەنگە يېتىدۇ. ھېمىت
چاققان توي - تۆكۈنلەردە چاققانلىق بىلەن مېھمان
كۈتۈش، ئاجايىپ ھەييارلىق بىلەن ئۇسسۇل ئويناش،
خۇش خۇي، ئادىل، ھالاللىقى بىلەن كىشىلەر ئېچى-
دە ئىناۋەت، ئۆز ئىدارىسىدە ھۆرمەت - ئېتىبار تاپقان
ئادەم تۇرۇقلۇق، بۈگۈن نېمىشقا ئاخۇنباينىڭ بۇرنىنى
قاناتتىكىنە؟

ھېمىت چاققان ئەيسا ھاكىمنى ھۆرمەت، ئىلتىپات
ۋە چاققانلىق بىلەن مېھمان قىلدى. ئەيسا ھاكىم ئۇنىڭ
كىچىككىنە ھويلىسىدىكى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن يا-
سالغان كاتەك، قوتانلاردىكى توخۇ، قويلىرىغا قاراپ
ھېمىتنىڭ چاققانلىقىغا تېخىمۇ قايىل بولدى: ئۇنىڭ
توخۇلىرى ماگىزىنغا تىزىلغان ماللاردەك تەرتىپلىك
جايلاشقان بولسا، قويلىرى گۆلەڭگۈچ ئۈچۈۋاتقان بالى-
ردەك يەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئەيسا ھاكىم ھېچ-
ەدە كۆرمىگەن بۇ مۆجىزە ئۈچۈن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى:
— بۇ جانىۋارلار مىدىر - سىدىر قىلالمايدى-
ەن - دە؟

— شۇنداق، — دېدى ھېمىت كۈلۈپ، — باشقى-
قويىنى بىر يىل بوردىسا، مەن بىر ئايلا
دايمەن. تارازىدا يەنە مېنىڭ قويۇم بېسىپ چۈشى-
مېنىڭ توخۇلىرىمۇ كۈنىگە ئىككىدىن تۇغىدۇ، بىز-

تۇمارچە ياسىتىپ، پاكىز كىيىنىپ يۈرمەيدىغان 50 كە كىرىپ قالغان خۇش خۇي ئادەم. ئۇلىنىڭغا «چاققان» دېگەن لەقەم نەدە، قانداق قويۇلغانلىقى بەلگىسىز. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى ئۇ ھەممىلا ئىشتا چاققان: ۋېلىسىپىت ئۈستىگە چىقسا قۇيۇندەك ماڭىدۇ. سول قولىدا چوت سوقۇپ ئوڭ قولىدا خەت يازىدۇ، چۈغۈنتەك بولغىنىغا قارىماي، كوچا لۈكچەكلىرىگە نوچىلىق قىلىپ قويىدۇ، ئوقەتتىچۇ؟ ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بېرى 50 — 60 يۈەن مائاشى بىلەن يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ ھازىر ئۇنىڭغا يەتكەن بالىلىرىنى ۋە قېرى ئاتا - ئانىسىنى بېقىپ كەلدى. تېخى بۇنىسى ئاز دەپ ئاغىنە - بۇرادەرلىرى بىلەن بەزەن ئۆيىدە، بەزەن ئاشخانا، باغ - ۋارانلاردا ئولپەتچىلىك قىلىپمۇ قويىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ھېساب - كىتابتا خىيانىتى بولسا كېرەك دەپ گۇمانمۇ قىلىشتى. لېكىن 20 نەچچە يىلدىن بېرى بىر پۇڭلۇق خىيانىتى تېپىلغىنى يوق. ئۇنىڭ سىرىنى بىلىدىغانلار ئەلۋەتتە، تېپىلىدۇ. ئۇلار ھېمىت چاققانىنىڭ قانداق قىلىپ جان بېقىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا كىشىلەرگە پەقەتلا: «چاققان - دە! ۋېلىسىپىتى ماشىنىدەك، كاللىسى ئېلېكتىر ھېسابلاش ماشىنىسىدەك ئىشلىگەندىكىن، 13 جان تۇرماق 30 جاننىمۇ باقالايدۇ» دەپ قويۇشىدۇ. شۇنىسى ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇ ھەرقاچان تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىدۇ.

ھېمىت چاققانىنىڭ ئوقەتتىكى چاققانلىقى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ ئىسپاتلاندى. ئۇ

«2000» كويلار خېلى كۆپ تۇرۇپتۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇ ئەنزىگە ناھىيىلىك پارتكوم ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ بىرىنچى شۇجىنىڭ ئۆزى زاۋۇت رەھبەرلىكىگە تېلېفون بەرگەننى ئاز دەپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئىشخانا مۇدىرى ئىمام مۇھەممەت ئۆزى زاۋۇتقا كېلىپ «ئەنزە ئىنقىلاش»قا ياردەم قىلدى. بۇنداق ئېتىبارنىڭ سەۋەبى كۆپچىلىككە بەلگىلىك. ئۇ بولسىمۇ ئۆمەرجان ھاكىملىققا نامزات بولماقچى. مەسىلە شۇنداق، ناھىيىگە ھاكىم بولغۇچىغا چېتىشلىقى بار ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن جىددىي سۈرۈشتۈرۈلۈشى تۇرغان گەپ.

ھېمىت چاققان بۇ ئىشقا ھەممىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى. ئاڭلىغان كۈنى كەچ كىرگىچە ئۇياققا — بۇياققا چېپىپ شۇ كېچىسى ئۆمەرجاننىڭ نەدە بولغانلىقىنى، ئوغرىلانغان نەرسىلەرنىڭ نەلەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى ياكى كىملەرگە سېتىلغانلىقىنى ئىنىقلاپ چىقتى. ناھىيە تەۋەسىدىكى تراكتورلار، ھەتتا ماشىنا، تراكتور چاقىدىن قىلىنغان ھارۋىلارنىڭ ئىگىلىرى بىلەن قويماي دېگۈدەك كۆرۈشۈپ چىقتى. يېقىندىن بېرى پەقەت ئالتە كىشىلا يېڭى چاق سېتىۋالغان. ئۇلارنىڭ سېتىۋالغان ئورۇنلىرىمۇ ئىنىقلاندى... ئۇ يېرىم كېچىدە ئۆيىگە چارچىغان، خاپا ۋە مەست ھالدا قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئەتىگەنلىكى تۇيۇقسىزلا ئىسكىلاتقا كىردى — دە، ئىسكىلاتچىنىڭ دەپتىرىدىن يوقالغان ماللارنىڭ كىرىم قىلىنغان ۋاقتىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ ناھايىتى چاققانلىق

نىڭ ئۆيىدە تاماقمۇ بەش مىنۇتتا پىشىدۇ. قىسقىسى مەن نېمىلا قىلماي «چاققانلىق»نى كۆرسىتىپ باقىمەن!

— خوش، ئاخۇنبايىنىڭ بۇرنىنى چاققانلا قاناتتىم دەڭا؟

— مەسىلە شۇنداق. ئۆمەرجانغا قىلىنغان سۇيىقەستىنىمۇ شۇنداق چاققان ئېنىقلاپ ھەق ـ دادىغا يەتكۈزدۇم. ئەمدى باش جىنايەتچىنى جازالاشتا سىلىگە تايىندىغان بولدۇم.

— مەنمۇ مۇشۇ ئىش بىلەن كەلگەن، بەللى، راستلا چاققان ئىكەنسىز ـ دە؟

— مەنمۇ سىلىنىڭ مېنى ئىزلەپ كېلىشلىرىنى بىلەتتىم.

— قېنى ئەمىسە چاققان سۆزلىسىلە؟

— ئاخۇنبايىنىڭ پاش قىلىنىشى ئىقتىسادىي مەسىلە بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئىشنى زاۋۇت رەھبەرلىكى قوغداش بۆلۈمى بىلەن مالىيە بۆلۈمىگە سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشكە تاپشۇردى. مەسىلە شۇنداق. پاش قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ راستلا ئىسكىلاتتىن ئېلىنغانلىقى تېزلا ئېنىقلاندى. ئەمدىكى گەپ ئۆمەرجاننىڭ ئوغرىلانغانلىقى ياكى باشقا بىرسىنىڭ تۆھمىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا قالغان ئىدى. مەسىلە شۇنداق، 2000 يۈەن ئۆپچۆرىسىدىكى نەرسىنىڭ يوقىلىشى زاۋۇت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىشمۇ ئەمەس، قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئەنزىلەر تىزىملىكىدە تېخىچە يېپ ئۈچىمۇ تېپىلمىغان بۇنداق

ئىگە بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى قەدەمدە ئاخۇنبايىنى ئاشخانىغا ئېلىپ كىرگەن. ئۇلار خېلى قىزىغاندىن كېيىن بىللە ئاخۇنبايىنىڭ بېغىغا كېلىپ يەنە ئىچىشكەن. ئاخۇنباي قىزىغاندىن كېيىنلا ئۆمەرجاننى تىللاشقا باشلىغان. ھېمىت چاققان ئەسلى ئۇستىلىق بىلەن بىلـمەكچى بولغان ئىشنى ئەمدى قوپاللىق بىلەن ھەل قىلىشقا ئۆتكەن. ئۇ ئاخۇنبايىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ:

— ئېيتە، ئۆمەرجانغا تۆھمەت قىلغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا قانچە پۇل بەردى؟ — دېگەن.

ئاخۇنباي ئاۋۋال ئۆكتەملىك قىلغان. ئەمما ھېمىت چاققان ئۇنى ئاستىغا بېسىپ كانىيىدىن راسا بوغقانـدىن كېيىنلا ئۇ راستىنى ئىقرار قىلغان. مالنى ئىسكـلاتچى، كۆزەتچى، يەنە بىر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خاـدىمى بىرلىشىپ ئوغرىلىغان.

ھېمىت چاققان بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ھاكىمـنىڭ چېھىنى يېڭىلاپ قويدى.

— بۈگۈنكى ماجراچۇ؟ — دېدى ھاكىم كۈلۈپ قويۇپ، — قىستاپ ئىقرار قىلدۇرغىنىڭىز بولماپتۇ ـ دە؟

— بۈگۈنكىسى، — دەپ قىزاردى ھېمىت چاققان يەرگە قاراپ، — ئاخۇنبايىنىڭ مۇتىھەملىكى. مەن نېـمىشقا بۇ ئوغرىلىقنى ئۆمەرجانغا دۆڭگەپ قويدىكىن، دەپ بەزى گۇمانلىرىمنى ئېنىقلىغىلى بارغانىدىم. ئۇ پىيەنچۈك ھاراق خۇمارى تۇتۇپ تېرىكىپ ـ چېچىلىپ ئاياللى بىلەن ۋارقىرىشىپ تۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپلا

بىلەن چاقىلارنىڭ تېخى ئۈچ كۈن بۇرۇنلا، يەنى
ئاخۇنباي 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يېرىم كېچىدە
ئوغرىلانغان دەپ پاش قىلغان چاقىلارنىڭ 7 -
ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىسكىلاتقا كىرىپ تىزىمغ
ئېلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. دېمەك بۇ يەردە ئاخۇن
باي چاندۇرغان. ھېمىت چاقىقان بۇ مەسىلىنى تۇتۇۋې
لىپ ئىسكىلاتچىدىن:

— كۆرۈۋاتىسەنغۇ، بۇ چاقىلار تېخى زاۋۇتتا
كەلمەي تۇرۇپ ئوغرىلانغان. سەن كەلمىگەن مالنى
ئېمىشقا تىزىملىدىڭ؟ — دېدى.

ئىسكىلاتچى — نوگاي بۇرۇن، كالاچ ئېغىز، ئۇزۇن
تۇرا ئادەم دۇدۇقلىدى:

— مال ئۆمەرجاننىڭ ئىشخانىسىدا بىرلەچچە
كۈن تۇرغان گەپ. مالنى كۆرمەي تالونغا قاراپلا
تىزىملاپ ساپتىمەن!

— ئوغرىنىڭ بىرىنچى شېرىكى سەنكەنسەن - دە
كۈن كۆرمەن دېسەڭ بۇرۇن پاش قىل. بولمىسا باش
قىلار سېنى سېتىۋېتىدۇ.

— ئىللا - بىللا ئۇكام ھېمىت!... — ئۇ ياقىسىنى
تۇتتى.

ھېمىت چاقىقان شۇ كۈنىلا ئىسكىلاتچىنى ئىقرار
قىلغۇزدى. مال ئاللىبۇرۇن ئىسكىلاتچى، كۆزەتچى ۋە
يەنە بىر شېرىك تەرىپىدىن ئوغرىلانغان. نېمە ئۈچۈن
بۇ مال ئۆمەرجانغا دۆڭگەلدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئىسكى
لاتچىغا قاراڭغۇ ئىكەن. ھېمىت چاقىقان يىپ ئۇچىغا

ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىشى، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاڭلىق جەڭچىگە ئايلىنىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. ئەلۋەتتە، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھەرىكەت دائىرى-سىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۆزىنى سىياسىيون قىلىپ كۆر-سىتىش ئۈچۈن ھەممىگە قول تىقىپ يۈرسە، ئۇ ئادەم بىر ھاماقەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئۆزىدە بار بول-غان قابىلىيەت ۋە پەزىلەتنى خۇددى بېخىل ئۆز دۇن-ياسىنى تىقىشتۇرغاندەك يوشۇرۇپلا يۈرسىچۇ؟ بۇ خىل قىلمىش ھەم قەدىرلىك ھەم زىيانلىق. سەۋەبى ئالتۇن ئۆزىنىڭ ئالتۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پارقى-رىشى لازىمغۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ سىرتىنى لاي - توپا بىلەن ئوردۇۋالسا ئۇنى ئەتىۋارلايدىغان ئادەملەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا نەزەرى چۈشمەيدۇ - دە، ئۇ يەنىلا قەدىر-قىممەتتىن مەھرۇم قېلىۋېرىدۇ. ئۆمەرجاننىڭ ئايالى ئىغۋا توقۇمىغان بولسا، بەلكى بۇ ئادەم ئەيسا ھاكىم-دەك ئادەمنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان رەھبەرلىكنىڭ بۇن-چىلىك دىققىتىنى قوزغىمىغان بولار ئىدى. ئەيسا ھا-كىم ئۇنى ئوغلىنىڭ ماقالىسى ئارقىلىق بوغالتىرنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن بىلمىگەن بولسا، بەلكى ئۆمەرجان ئۆزىنىڭ خەلققە چوڭراق پايدا بېرىدىغان قىران چاغ-لىرىنى كەمتەرلىك ۋە ھەددىدىن زىيادە ساددىلىقنىڭ قورشاۋى ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بېرىشكە تېگىشلىك مېۋىسىدىن مەھرۇم قالغان بولار ئىدى. ئەيسا ھاكىم نۇرغۇن تالانتلىق، ئەخلاقلىق ئادەملەرنى كۆرگەن. ئۇلار يۆلەنگۈچىلەرنىڭ نەزەرىدىن نېرى قالغىنى ئۈچۈنلا

غالجىر ئىتتەك تالاپلا كەتتى. ئۆزۈمنى ھىمايە قىلىپ خامىدىغا ... مەسىلە شۇنداق، مەنمۇ مۇنداق يەردە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايمەن!

بىر مەھەل جىملىقتىن كېيىن ھاكىم سورىدى:

— سىزچە بۇلار نېمىشقا بۇ ئىشنى ئۆمەرجانغا دۆڭگەپ ئاخۇنباينىڭ نامىدىن پاش قىلغۇزدى؟

— ئۇلارنىڭ ئۈستىسى بار، — دېدى ھېمىت چاقان يەرگە قاراپ، — ئۇ ئۈچ ئوغرىنىڭ. كىم ھاكىم، كىم شۇجى بولۇشى بىلەن نېمە كارى، ئۇلار بىرسىنىڭ كەتمىنىنى چېپىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۈستىسى دەل ئۆمەرجاننىڭ يوشۇرۇن دۈشمىنى.

ئەيسا ھاكىم بېشىنى ئېغىتىپ تەستىقلىدى. ئۇ كېتەر ۋاقتىدا ھېمىت چاقاننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئۇنداقتا سىزگە ئىككى ئىشنى تاپشۇرىمەن. بىرىنچىدىن ئۆمەرجانغا بۇ ئىشلارنى ئېيتماڭ، ئۇ ھازىر سىرتتىمۇ؟ ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، كېچىلىرى سىرتقا چىقمىسۇن. ئىككىنچى ۋەزىپە، بىلگەنلىرىڭىزنى مېنىڭ ئوغلۇمغا تولۇق، تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىڭ. مەن ئۇنى ئەۋەتىمەن. لېكىن يەنە تاپىلايمەن. ئادەم ئۇرۇشىڭىزغا، ئۆز ئالدىڭىزغا ئەنزە ئېنىقلىشىڭىزغا ئەمدى رۇخسەت قىلىنمايدۇ!

ھاكىم ھېمىت چاقاننىڭ ئۆيىدىن خېلىلا يېنىكلەپ قايتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئۆمەرجان ئوغرى ئەمەس، ئەمدى دەرھال ئۆمەرجاننىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىش.

لەر تونۇمىغان، ئىزلىمىگەن بىلەن مەن سىلەرنى ھەر كۈنى ئەسلەپ، ھەر سائەتتە ئويلاپ يۈرىمەن. ھەيران قېلىشۋاتامسىلەر، مانا قىزىق، ئۆمەرجان، مەن سىزنىڭ ئانىڭىز توختىخان ئاچامغا بىر لەۋرە ئىنى بولىمەن. يۈسۈپجان كاسكا دەپ ئاچام رەھمەتى بەلكىم نۇرغۇن قېتىم تىلغا ئالغان بولغىيتتى، بولدى سىڭلىم كۆرپە سالىمەن دېمەك، رەھمەت ئەسسە، كۆپ رەھمەت، مۇنۇ خۇرجۇندىكى ئاچىڭىزنىڭ ئەرزىمەس سوۋغا - سالاملىرى، پاقلان گۆشىنى دەرھال تۇزلاپ تاشقا ئېسىپ قويمىسىڭىز بولماس، توخۇنى تىرىكلا ئەكەلدىم، قوناق بېرىپ بوردىغانىمەن، ئۆمەرجان بىلەن ئازادەمگە دەپ ئۆز قولۇم بىلەن ياققانىمەن، قاراڭلار ئاغزىدىن ماي تېمىپ تۇرىدۇ بۇنىڭ. ماۋۇ توقاچلارمۇ، مۇنۇ ئۆرۈكلەرمۇ ئۆز بېغىمىزنىڭ. سەككىز يىل بولدى، ھەر يىلى سىلەرگە ئاتاپ قوي، توخۇ باقىمەن. مېۋە - چېۋە ساقلايمەن، يولۇڭلارغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلگۈدەك بولدى. لېكىن سىلەر بىر قېتىممۇ يوقلاپ چىقمىدىڭلار. بەلكى توختىخان ئاچام ھايات بولسا سىلەر بىلەن بىز بىر ئائىلىدە گۆكۈر - مۇڭكۇر ئۆتۈشكەن بولاتتۇق. لېكىن ھېلىھەم بولسىمۇ قولۇم قۇرۇق ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىدە ئولتۇردى دېگەن قانداق گەپ، ئۆزۈم سىلەرگە راسا كېلىشتۈرۈپ جاي سېلىپ بېرىمەن. ياغاچ - تاش، ئادەم كۈچى دېگەن قولىنىڭ كىرى ئۈكىلىرىم. يۈسۈپجان كاسكا يالغانچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ قالماڭلار، مەن بۇ نىيەتكە كەلگىلى تولۇق

ھېچ گۇناھى يوق زەربە يېگەن، ھاياتىدا چوڭ ئىشلار
لى قىلالماي بىر خىل ئاددىي ئىشلار بىلەن قېرىي
كەتكەن. ئاۋادا ئۇلار مۇھىمراق، چوڭراق ئورۇنلارغ
قويۇلغان بولسىچۇ؟ بەلكى ئۇلار ئاددىي پۇقرا ئەمەس
رەھبەر، ئالىم، دوختۇر، ئىنژېنېر، يازغۇچى بولۇپ چىق
قان بولار ئىدى. دېمەك، ئادەمنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەر
دەك راسا شېرىن مېۋە بېرىدىغان، راسا گۈللەيدىغان
مەزگىللىرى ھاياتىدا بىرلا قېتىم بولىدۇ. بۇ چاغد
ئۇ ئۇستا باغۋەنگە، ياخشى ئاسرىغۇچىغا تولىمۇ موھ
تاج، تولىمۇ ئىنتىزار بولىدۇ. ئەيسا ھاكىمنىڭ ھازىر
قى ۋەزىپىسى باغۋەن، ئاسرىغۇچى بولۇش ئىكەن. ئۇ
ئۆز ۋەزىپىسىنى سەممىيلىك، ئەستايىدىللىق بىلەن
ئادا قىلىش لازىم. ئۇ ھەرگىز ئاخىرقى ئۆمرىدە ئەپ
سۇس، پۇشايمان قىلمىسۇن.

ئەيسا ھاكىم يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ قەدىمىنى تېخى
مۇ ئىتتىكلەتتى. ئۇ بۈگۈنلا ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن
باش قوشۇپ بولغۇسى ھاكىم نامزاتلىرىنى ئەستايىدىل
بېكىتىشنى نىيەت قىلدى.

ئاپتور ھاكىمغا خەيرلىك تىلەيدۇ. ھايات ئۇنىڭغا
راۋان يول بەرسۇن، ئامەت-تالەي ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولسۇن.

9

— ئەسسالام ئۆمەرجان، ئەكىلىك قولىڭىزنى، ھە،
ئازادەم قورۇنماڭ، سىز بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قوياي. سى

بىلەن ئىككى قوللاپ سەل ئېگىشىپ، يۈسۈپجان كاسسىر
بىلەن بىر قولىنىڭ ئۇچىدىلا غادىيىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى.
ئازادەمگە بولسا ناخشىسى بارىكاللىغا ئېرىشكەن ئار-
تىستەك قايتا - قايتا ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— رەھمەت، مېھمان بولغىلى تولا كىرىمىز تېخى، —
دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ، — بۈگۈن ئى جۆرىنىڭ
تاپشۇرمىسى بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى كىردىم. ئى
جۆرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كېچىچە ئۇخلىماي ئۆي
تەكشۈردۇق دېسىلە. بۈگۈندىن قالماي باشلىقلار قورۇ-
سىدىكى، ھويلىسىدا ياڭىقى بار تۆت ئېغىزلىق ئۆيگە
كۆچۈشىدىلا، مانا ھازىرلا كۆچۈرۈشكە ئادەم ئەكىلىمەن.

— بۇ گەپلىرىنى چۈشەنمىدىم؟ — ئۆمەرجان
ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئۇ كىشى ئالتۇن چىشلىرى-
نى پارقىرىتىپ ھىجىيىپ، — ئىمام مۇھەممەت جۆرى-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا چۈشەنمىگۈدەك ھېچ گەپ يوق.
ئۇ كىشى پارتىيىمىزنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىي-
لەشتۈرمەكچى، شۇ.

— ياق، بىزگە ئىككى ئېغىز ئۆي يېتىدۇ!

— سىلەرگە يەتكەن بىلەن ئورۇنلىرىغا يەتمەي-
دۇ دەيمەن!

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟

— بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ؟ سىلى ئەمدى بۇرۇن-
قى ئۆمەرجان ئەمەس، ئازادەمىز ئەمدى بىزدەك سو-
كاللىغا تەرجىمانلىق قىلىدىغان ئازادەم ئەمەس، ئور-

چەتتە يېنىل بولدى. لېكىن بۈگۈن ئېغىزلىنىۋاتىمەن. ئېمىشقا دەمسىلەر؟ ئېمىشقا دېگەندە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىلەردىن رەنجىپ يۈرگەن ئىدىم. ئېمىشقا دېگەندە بىزنىڭكىگە دەسسەپمۇ قويمىدىڭلار، يەنە ئېمىشقا دېگەندە مەن سىلەرگە ئاتا يوللۇق، ئاتا!

— بۇرۇنراق بىلگەن بولساق باراتتۇق، بىلمىدۇق - دە!

— ھىم، ئازادەم، سىلى بىلمىگەن بىلەن مېنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تەمىنلەش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىمنى ئۆمەرجان بىلىدۇ - دە، ئېمىشقا دېگەندە يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقىمۇ، پارتكوم شۇجىسىمۇ مېنى ھۆكۈمەتكە ھە دېسىلا يۇسۇپجان خىيانەتچى، يۇسۇپجان ھايانكەش، يۇسۇپجان پارىخور دەپ چېقىپ ئىگەكسىم، مېنى ھەممىلا ئادەمگە بىلدۈرۈپ بولدى. ئەمما لېكىن مەن ھۆكۈمەتنىڭ تېرىقچىلىك نەرسىسىنى چىشىمنىڭ كامىرىغا باسقان ئەمەسمەن.

ئازادەم قىزىقسىنىپ كۈلدى. ئۆمەرجاننىڭ بۇ ئاجايىپ «تىزغىقىنى»غا ھەيران قالدى.

مولۇن كۆز، جانانە چىراي، دورداي كالپۇك، ئات يۈز، قوش بۇرۇن يۇسۇپجان كاسكا ھورى ئازلاپ قالغان چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ قاشلىرىنى ئوينىتىپ يەنە سۆز باشلىدى. ھويلا ئىشىكىنىڭ ئۇرۇلۇشى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ قويدى. ھويلىغا زاھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە بۆلۈمىنىڭ ئالتۇن چىشلىق پېشقەدەم كادىرى چوڭ سالام بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆمەرجان

قىلى بولىدۇ؟

ئۆمەرجان قولىنى شىلتىدى - دە، ۋېلىسىپىتىنى سۆرەپ سىرتقا ماڭدى. مېھمانلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىشىپلا قېلىشتى. يۈسۈپجان كاسكا بايىقى كادىرغا ئالايدى:

— سىغقا ئۇسسىدىلىمىز، ئەمدى كەتسىلە؟

— نەچچىنچى تۇغقانلىرى بۇ؟ ئېيتسىلا قايسى ھاكىم سىلىگە تۇغقان ئەمەس؟

— تېتىقسىز!

— لاۋزا!

ئۇلار ئالىيىشتى، ئاخىرىدا كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە تونۇش، چۈنكى بۇ كۆزلەر نۇرغۇن دوقۇرۇشقان.

— ئۆيگە كىرىلى، قالغان گەپلەر بولسا مانا ماڭا دېيىشسىلە! — ئازادەم ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.

ئۆمەرجان غىچىرلاپ تۇرىدىغان ۋېلىسىپىتنى مىنىپ ئىدارىگە كىرمەيلا يىراق يېزىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە ئۇنى سۆيۈملۈك ئىشى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قۇمساڭغۇ يولغا چىقىپ ئوچۇق ھاۋادا راھەتلىنىپ نەپەس ئالدى.

«... ئىمام مۇھەممەت نىمىشقا ھەدېسلا كىلەم، ئۆي ھەل قىلىپ يۈرىدۇ؟ يۈسۈپجان قانداق تۇغقىنىم؟ مەن ئىككى جان، ماڭا تۆت ئېغىزلىق ئۆي نىمىگە لازىم؟ نەزىر - چىراق، توي - تۆكۈنلەرگە باغاقمۇ

ئۇقلار ئۆزگەردى. ئورۇنغا لايىق ئۆي بېرىدىغان گەپ.
— بىر كېچىدىلا بېشىمغا سۇلايمان پەيغەمبەردەك
مۆڭگۈز ئۆسۈپ چىققىنى يوق، مەن يەنە شۇ بۇرۇنقى
ئۆمەرجان، تولا يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلمىسىلا دەيمەن!
— ھە، تە بولۇپ يۈرگىنىنى، نېمانداق قىلىلا،
ئى جۇرپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بۇ، سىلى تە بول-ۇپ
بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇزالمايلا دەيمەن!
— بىرىپ ئىمام مۇھەممەتكە ئېيتسىلا، مېنىڭ ئۆي
قىيىنچىلىقىم يوق، ماڭا غەمخورلۇق قىلمىسۇن بولىدۇ.
— ئۆزلىرى ئېيتسىلا ئەمىسە. ئۆمەرجان سىلى-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى بۇزدى دېگەن سۆزنى قانداق-
مۇ ئېغىزدىن چىقارغىلى بولىدۇ؟
ئۆمەرجان بىردىنلا تاتىرىپ - ئۆكۈپ ئۆيىگە
سەھەردە كىرىپ كەلگەن ئىككى مېھمانغا قارىدى. ئۇ-
نىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ئىككى مويس-
پىت ئۇنىڭغا يىرگىنىشلىك، بىچارە كۆرۈندى. ئۇلار
چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى چۈشكىچە بولغان ئۇزاق
يىللار ئىچىدە قانچە قېتىم بايىقى ياغلىما سۆزلەرنى
تەكرارلىغان، قانچە قېتىملاپ كىشىلەرگە پۈكۈلۈپ، يې-
لىنىپ تازىم قىلىشقان بۇ قىلمىشلىرى ئۆمەرجانغا سەت،
ئۆيات بىلىنگىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بەلكى
گۈزەل، لاتاپەت ۋە دانالىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ
بىلىنىدىغاندۇ. بەلكى ئۇلار مۇشۇ «پەزىلەتلىرى» بىلەن
پەخىرلىنەر، ماختىنار. بۇ نادانلىق، ئەخمەقانىلىك-
كىشى بەدىنىدە قالدۇرغان جاراھەتنى قانداق ساقايت-

مىتىمىز. شان - شەۋكىتىمىز ئاشامسىدى؟

غىچىرلاپ تۇردىشان، چاقلىرى ئېغىر ئايلىنىدى-
غان ۋېلىسىپىت ئۈستىدىكى ماي كىيىم كىيگەن، ئورۇق
يىگىت شۇ خىياللار بىلەن يىراق يېزىغا قاراپ كېتىپ
باردۇ. يىراقتىكى يېزا شالاڭ ئورمانلىرى بىر - بى-
رىگە تۇتىشىپ بۇك، ئاۋات، گۈزەل كۆرۈنمەكتە. ئۆمەر-
جان ئۇ يېزىدا كۆپ تۇرغان، كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك
قۇم قىرغاقلىق، لاي سۇ ئاقىدىغان ئۆستەڭگى بىلەن
ھەيۋەت ياسالغان مەسچىت دەرۋازىسىلا بار. ئۆيلىرى
شالاڭ، كۆرۈمسىز، كوچىلىرى توپىلىق، باغلىرىمۇ باشقا
يېزىلارنىڭكىدىن ئاز، كىچىك ... ئىش قىلىپ ئادەم
زېرىكىدىغان بىر يېزا، لېكىن يىراقتىن قانداق گۈزەل
كۆرۈنىدۇ - ھە؟ بۇمۇ ماي بوياقتا سىزىلغان رەسىم-
دەك بىر ئىش ئىكەن، يىراقتىن قارىساڭ گۈزەل، يې-
قىندىن قارىساڭ كۆرۈمسىز، ھوقۇق - ئەمەلچۇ؟ ئۇمۇ
شۇنداق نەرسىكەنغۇ، يىراقتىن قارىساڭ كۆركەم، مەر-
ۋايىتتەك كۆزنى چاقنىدىكەن. ئالقىنىڭغا ئېلىپ قارى-
ساڭچۇ؟ بىرسىنىڭ خۇشامىتى. بىرسىنىڭ پارا- سوۋغى-
سى، بىرسىنىڭ ھەسەتخورلۇقى، يەنە بىرسىنىڭ سەن-
دىن قولچىلىق تەلەپ قىلىشى ... بۇلار يىرگىنىشلىك،
جانغا تېگىدىغان نەرسىلەرغۇ؟ ناۋادا سەندە ھوقۇق -
ئەمەل بولمىسا سەن بۇ نەرسىلەر بىلەن كەم ئۇچرى-
شىسەن، ھەتتا بۇ نەرسىلەرنى بىلمەستىن بىر ئۆمۈر
ئۆتۈپ كېتىسەن. ئىنسان پاك، گۇناھسىز تۇغۇلىدىكەن.
لېكىن ھايات، ئىنساننى ئۆزگەرتىدىكەن. ئۇنىڭغا ئەقىل،

كەلمىگىلى نەچچە يىل بولغان ئىدى. ئەمدى تالادا قىلىپ تۆرىنىڭ كاللىسى، ئاخۇنۇمنىڭ يېپىنى مېنىڭ ئورنۇم بولۇپ قالدى؟ ئەزەلدىن مېنى كۆرسە تۇكۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىسلام ئاشپەز بۈگۈن نېمىشقا ماڭا تۇساتتىن ئېگىلىپ سالام بېرىپ، دۇكىنىغا تەكلىپ قىلىپ قالدى؟ ئاۋۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقىنىڭ باغ سەيلىسىگە تەكلىپ قىلىپ ئىككى ئات قوشقان ئېسىل گىلەم سېلىنغان خادىك ئەۋەتكىنىنى قانداق چۈشەنسەم بولار؟ ئېخى ئۈچ كۈن بۇرۇنلا مەن ئۇ يېزىدا بولغان، بەش كىلومېتىر يەرگە زاپچاس ئاپىرىشقا ھارۋا تېپىلماي 15 كىلوگرام تۆمۈرنى كۆتۈرۈپ ئاپارغان ئىدىمغۇ؟ نېمىشقا ھەممىسىنىڭ كۆزى مەندە، ماڭا ئەزەلدىن ئېچىلمىغان چىرايلاردا ئىللىق تەبەسسۇم نەلەردىن پەيدا بولدى؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھوقۇق ئىگىلىرىگە بولغان ياخشىچاقلىق، خۇشامەت. يالغان ھۆرمەت. مەن يەنىلا شۇ ئۆمەرجان يوقلۇقمەن. نە مېنىڭ ئەقلىمدە، نە مېنىڭ باشلىقلارغا بولغان شەپقىتىمدە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. ياكى بىر كېچىدە مېنىڭ مۇنۇ قويۇق چاچلىق كەم ئەقىل بېشىمدا تاج پەيدا بولۇپ، مەن بۇ يۇرتقا نۇر ياغدۇرىدىغان ماياكقا ئايلىنىپ قالغىنىم يوق. مەن كىشىلەرنىڭ ھوقۇق، مەنسەپ ئۈچۈن بۈنچىلىك ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. بۇنىڭ ئورنىغا خەلقىمىز ئىلىم - مەرىپەتكە، يېڭىلىققا ھېرىسمەن بولغان بولسا دۇنيادا ھېزلى بىلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، ھۆر-

لارنى بىز ھېچقاچان سېلىشتۇرۇپ كۆرمىگەن. قايسى-
نىڭ قانچىلىك تۆھپە — پەزىلىتى بار ئىكەنلىكىنى
ھەقىقەت تارازىسىدا بىز باشلىقلار ئۆلچەپ كۆرمىگەن
بىلەن ئادەملەر ئۆلچەيدىكەن. ئۇلار بىزگە دېمىگىنى
بىلەن كىمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرى-
دىكەن. خەلقنىڭ ئىچىدە يەنە قانداق كۆمۈلۈپ يات-
قان ئۆمەرجانلار بار تېخى، بۇنى بىز بىلمەيمىز.
دۇرۇس، بۇرۇن بىز ئىشنىڭ ئۈگىينى قىلاتتۇق: كىم
بىزگە يېقىنراق بولسىلا ئۇنى ئۆستۈرەتتۇق. ئىمام مۇ-
ھەممەت مانا شۇنداق ئۆسمىدىمۇ؟ ھەي ئىمام مۇھەم-
مەت، بىزگە مەلۇم بولمىغان يەنە قانداق قىلىقلىرىڭ
باركىن؟ قارا سېنىڭ ئۆستىلىقىڭنى. ھەم ئۆمەرجانغا
ئۆي — كىلەم بېرىپ خۇشامەت قىلىسەن، ھەم سامان
ئاستىدىن سۇ ماڭغۇزۇپ سۇيىقەست قىلىسەن! بىر قو-
لۇڭدا دوستلۇق شارابى، بىر قولۇڭدا زەھەر! بۈگۈنگۈ
ئامالسىز، بۈگۈن نېمىلا بولمىسۇن بېشىڭ چۈشتى. بەل-
كى بۇ بىرىنچى قېتىم يەرگە قارىشىڭدۇر. ھەم-
مىنى بويىنۇڭغا ئالدىڭ، «ئۆمەرجاننىڭ ھاكىملىققا نام-
زات بولۇشىغا چىدىمىدىم، ماڭا تېگىشلىك بولغان ئامەتكە
ئۇنىڭ ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويغۇم كەلمىدى، شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئاخۇنبايىنى ئىشقا سالدىم. كېيىن ئاخۇن-
بايغا گۇناھ ئارتىپ ئۆمەرجاننى ئاقلاپ قويسام، بۇ
ئىش چاتىمايدۇ دەپ ئويلىدىم...» دېدىڭ! پاھ، ئىمام
مۇھەممەت، ئۆسۈشكە ئەجەبمۇ ئۇستا ئىكەنسەن — ھە؟
سەن بۇ ئىقرارىڭ، يېلىنىشىڭ ۋە كۆز يېشىڭ بىلەن

ئىنساپ، جاسارەت، ئىرادە، ئارزۇ - ئارمان دېگەندەك لازىملىق نەرسىلەرنىمۇ، تەمە، نەپس، ھەسەت، خۇشامەت، سۇيىقەست، ھىيلە - نەيرەڭ دېگەندەك كېرەكسىز نەرسىلەرنىمۇ ھەدىيە قىلىدىكەن. بىرلىرى لازىملىقىغا يېپىشىدىكەن، يەنە بىرلىرى كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاللىۋالىدىكەن. دانالارمۇ بەزىدە خورلانماسلىق ئۈچۈن كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئاز - تولا ئىشلەتسە، ياۋۇزلارمۇ ئادەملەرنى ئالداش ئۈچۈن لازىملىق نەرسىلەرنى بويىنىغا مارجان قىلىپ ئېسىۋالىدىكەن.

كۈن ئىسسىماقتا، ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. مەنزىل يىراق، يول يامان. ئەتراپتىكى چۈچۈك بويا، پاكار قومۇشلار ئارىسىدا تومۇزغا، چېكەتكىلەر چىرىلداشماقتا، لېكىن ئىسسىق، چاڭ - توزان، چىرىلداشلار ئۆمەرجاننىڭ خىيال ۋە مۇلاھىزىسىگە دەخلى قىلالمايدۇ. تەبىئەت ئۇنىڭغا ئارام، خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ خىيالىغا ئىمام مۇھەممەت كەلگەندىلا ئۇ ۋېلىسىپىت پېدالىنى غەزەپ بىلەن تېپىدۇ...

ئۆمەرجان ئۆز ئىشىغا خىيال بىلەن كېتىپ بارغان ئاشۇ مىنۇتتا ئەيسا ھاكىم كابىنېتىدىن خاپا چىقىپ كەتكەن ئىمام مۇھەممەتنىڭ كەينىدىن بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى: «بىرسى پارتىيە ئەزاسى، ئىشخانا مۇدىرى، تېخى مېنىڭ ئورنۇمغا نامزاتلىقتا تاللانغان ئىشەنچلىك كادىر. يەنە بىرسىچۇ؟ ھېچكىمنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولالمىغان ئاددىي بىر خادىم! بۇ-

قوم — بورۇنلا كىيگەن، يالاڭباش، ياكار، كۈلۈپ تۇرغان يىگىت — ئىمام مۇھەممەتكە تىكىلىپ قارىماقتا. رەسىمدە ئىمام مۇھەممەت يۆتكىلىپ كەتكەن پارتكوم شۇجىسىنىڭ بېقىنىغا كىرىۋالغان. پارتكوم شۇجىسى خۇددى ئىمام مۇھەممەتنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈنلا رەسىمگە چۈشكەندەك ئىمام مۇھەممەتنىڭ يەلكىسىگە بىلىكىنى سېلىپ ئوڭ قولىنى ئىمام مۇھەممەتنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە قويۇۋالغان. ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئىچىدە يالغۇز ئىمام مۇھەممەتلا كۈلۈپ چۈشۈپتۇ. ئۇ نېمىگە كۈلگەندۇ — ھە؟ كۈلكىسى راستىمدۇ؟ ئوڭ مۈرىسىدىكى قول ئۇنى شاپىلاقلاپ «ياخشى» دەۋاتامدۇ، ياكى «ناھىيىنىڭ ئىشىنى بۈكى ئەمدى سېنىڭ يەلكەڭگە چۈشىدۇ» دەۋاتامدۇ؟ مۇشۇ رەسىمدىكى قىياپەت قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئىمام مۇھەممەتكە ئىشەنچ، ھۆرمەت پەيدا قىلغاندۇ؟ بىزدە ئادانلار كۆپ، ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدىكى يېقىنچىلىق بىلەن يىراقلىقنى چوڭ ئىشلارغا ئۆلچەم قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بەلكىم، بۇ خىل ئادەتنىڭ تۇرغۇن سادىق مۇرتلىرى «ئىمام مۇھەممەت كەلگۈسىدىكى پارتكوم ياكى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپمۇ ئىلىشقاندۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىدە پارتكوم شۇجىسىنىڭ قولى تۇرۇپتۇ — دە.

ئەيسا ھاكىم رەسىمدىن كۆزىنى يۆتكەپ دېرىزىدىكى قويۇق گۈللەرگە قارىدى. ئۇ گۈللەرگە ھەر كۈنى ئىمام مۇھەممەت ئېرىنمەي ئىخلاس بىلەن سۇ قۇيىدۇ. ئاۋۇ چايدانغىمۇ ئۇ ئۆز قولى بىلەن چاي سالىدۇ.

قانۇندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. سەن بىلمىگەن بىلەن
مەن بىلىمەن: بىراۋنىڭ ئۈستىدىن سۈيىقەست توقۇش
قانۇنىي جىنايەت. قانۇن ئالدىدا سېنىڭ ئىشخانا مۇدىـ
رى ئىكەنلىكىڭ ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. سەن ئۆز
خىيالىڭدا ئەيسا ھاكىم رەھىمدىل، كەڭ قورساق، مېنى
كەچۈرۈۋېتىدۇ. ھاكىم بولالمىسامۇ ئىشخانا مۇدىرلىقىم
ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ، دەپ ئويلايدىغانسەن. بىلىپ
قوي، مەن ئەيسا سۈيىقەستكە تولا ئۇچرىغاچقا سۈيىـ
قەستچىلەرگە زادى رەھىم قىلمايمەن. ئوغلۇمغا رەھـ
مەت. ئۇ ئىمام مۇھەممەتنى مۇدىر قىلغۇزمايدىغان پا-
كىتلارنى تۇپلاپ، ماڭا ئىمام مۇھەممەتنى باشقىدىن تو-
نۇتۇپ قويدى. ھەي ئىمام، مەن سېنى نېمىشقا ئەمدى
پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا چۈشىنىپ ئولتۇرىمەن. نەچـ
چە ۋاقىتتىن بېرى مەن نېمىنى كۆزەتتىم. مەن نېمىشـ
قا سېنىڭ ئۇششاق ھەرىكەت، سۆزلىرىڭدىكى يالغانچىـ
لىق، ئىككى يۈزلىمىلىكلىرىنى بىرنەچچە قېتىم سەزگەن
تۇرۇپ پەرۋاسىزلىق قىلدىم؟...

ئەيسا ھاكىم قاپىقى چۈشكەن، قوۋۇز تېرىلىرى
سالپايغان، يۈزىدىكى قورۇقلىرى چوڭقۇرلاشقان ھالدا
ئىككى قولىنى ئۈستەلگە تاشلاپ ئەينەك ئىچىدىكى كول-
لېكتىپ چۈشكەن رەسىمگە قاراپ يۇقىرىقىلارنى
ئويلاپ ئۇزاق ئولتۇردى. نەچچە قېتىم ئىشىك چېكىلـ
دى، لېكىن ئۇ ئۈن چىقارمىدى. ئۇنىڭ چىسلا بەتلىرىـ
گە يېزىلغان نۇرغۇن ئىشلىرى تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ باشـ
قا ئىشلارنى ئويلىمىدى. ئۇ رەسىمدىكى قارا كۆك كاسـ

لىقلارغا دەڭلار، دەپ ئىككىلىرىنى كۆرسىتىپ قويدۇم. كۆپچىلىك ياش شۇجىنى خالىمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى. ئۇ چاغدا مۇدىر بىلەن ھاكىم بىر - بىرىگە قارىشىپلا قويۇشقان.

ئىمام مۇھەممەت يېڭى شۇجىنىڭ كەينىدىن ياخشى گېپىنى قىلمايتتى: «خوتۇنپەرەس، كوچىدىن بىرەر چىرايلىق چوكان ئۆتۈپ قالسا بوينى تولغاشقىچە قايرىلىپ قارايدۇ»، «بيۇروكرات، ئىنغۇانى يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىدىن مۇھىم بىلىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئىمام مۇھەممەت تارقاتقانلىقى ئەيسا ھاكىمغا ئايان.

لېكىن شۇ يېرى ئاجايىپكى، بۇ قېتىم ئىمام مۇھەممەتنى ئاشۇ ياش شۇجىنىڭ ئۆزى بولغۇسى ناھىيە ھاكىم نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىمام مۇھەممەت يېڭى شۇجىنىڭ ئالىقاچان ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالغان ئىكەن - دە!

ئەيسا ھاكىم ئېغىر خىياللاردىن چارچىدى. روھى سۇنغان، ھارغىن ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئەمدىلا بوسۇغىغا قەدەم بېسىشىغا يەنە ئازادەمگە دۇچ كەلدى. ئايال چىرايلىق كىيىنگەن، خۇشال، ھودۇقۇپ تۇراتتى:

— ئىككى مىنۇت ۋاقتىڭىزنى ئالىمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— نېمە توغرىلىق؟

— ئىككى پارچە گىلەم بىلەن بانكىدىكى پۇل توغرىسىدا.

«خىزمەتچىلەرگىمۇ ئىش قالسۇن ئىمام» — دەيدۇ. ھ
ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ، «ئىشەنچ قىلالمايمەن، — ه
دۇ ئىمام كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلىنىڭ بۆلۈملىرىڭگە ھ
قانداق ئىش بىلەن بولسىڭىز ئىشەنچلىك ئادەم كىر
كېرەك.»

ئىمام مۇھەممەت باشقا رەھبەرلەرگىمۇ بۇ خ
گەپلەرنى قىلمىغان دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ مۇرىسىد
كى قول ئىگىسىنى قاغىغىنى ھاكىمنىڭ ئېسىگە كەلدى
— ئۇستىمىزدىكى بىر تاغ غۇلىدى! — دېگ
ئىدى ئىمام مۇھەممەت ئەيسا ھاكىمنىڭ مۇشۇ بۆلۈ
گە سابىق پارتكوم شۇجىسى يۆتكىلىپ كەتكەن كۈن
يۈگۈرۈپ كىرىپ، — ناھىيىمىزنىڭ ئاسمىنى ئەمدى
سۈزۈلدۇ.

— ئۇ ئادەم بىزگە ھېچ يامانلىق قىلمىغانىغۇ؟ —
دېگەن ئىدى ئەيسا ھاكىم پەرۋاسىزلا، — بۇنداق بول
مىغۇر گەپلەرنى قىلماڭ!

يەنە بىر كۈنى ھازىرقى ياش شۇجى تېخى
ھازىرقى خىزمىتىگە تەيىنلەنمىگەن چاغدا ئىمام مۇھەم
مەت ئەيسا ھاكىم بىلەن دائىمىي كومىتېت مۇدىرىنى
ئۆيىگە «بەررە گۆشى يېيىش»كە تەكلىپ قىلدى. مەز-
زىلىك ئوغلاق گۆشى يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىمام
مۇھەممەت:

— بەزىلەر مېنى ناھىيىگە شۇجى بولۇپ بەرسىد
گىز دەپ تەلەپ قىلىمىز دېيىشىپ بىزنىڭكىگە كەپتى
گەن، مەن ئۇلارغا پىكرىڭلار بولسا يۇقىرىغا — باش

دىرى ھازىر تولىمۇ ئالدىراش. ھەرقايسى يېزىلارغا چۈشۈرۈلگەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ سايلىغۇچىلارنىڭ سانى، سالاھىيىتى، ۋەكىللەرنى سايلاشتا پەيدا بولغان ئەھۋاللار، ئۈستىدىكى دوكلاتلىرى، نامزاتلار، سايلام كۈنىدىكى كونكرېت خىزمەتلەر ... قىسقىسى سايلام توغرىسىدىكى ھەممە گەپ - سۆز ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلماقتا، ئۇنىڭ يولىيورۇق، پىكىرلىرىنى تەلەپ قىلماقتا. بەزى گۇرۇپپا باشلىقلىرى ئەتەيلەپ ئۇن مىنۇتلۇق گەپنى بىر سائەتكە سوزسا، يەنە بىرلىرى مەسىلەن، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ پارىخورلۇقى، خىيانەتكە دائىر مەسىلىلەرنى ئېلىپ چىقىپ دائىمىي كومىتېت مۇدىرىغا يالغۇز ئۆيدە دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مۇدىر قايسى تەلەپنى رەت قىلالايدۇ؟ تۆۋەندىن كەلگەن ھەرقانداق بىر تەلەپنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھەل قىلىشىغا يوللاش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تۇرسا، ئۇ سايلام بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان مەسىلىلەرنى قانداقمۇ «ئاڭلىمايمەن» دېيەلەيدۇ؟

ئىشلەش لازىم، كۈندۈزى پۈتمىسە كېچىسى، كېچىسى پۈتمىسە ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ بولسىمۇ ئاڭلاش كېرەك. بۇ ئىشلارنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن مۇھىم، ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرى، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن دائىمىي كومىتېت ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نام - ئابرويى بىلەن باغلىنىشلىق، ئەگەر

— بىلدىم، ھەممىنى بىلدىم، — دېدى ھاك
ئەستە كۈلۈپ، — ھەي ئىنغۋاكەر، بىرلا ئىنغۋا بىلە
پۈتۈن ناھىيىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتتىڭىز. مەن سىزگ
ۋەزىپە تاپشۇراي؛ يەنە بىر ئىنغۋا توقۇڭ. شۇندا
توقۇڭكى، بۇ ئىنغۋانىڭ كۈچى بىلەن ياخشىلارمۇ، ياما
لارمۇ ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىسۇن. ھېچكىم ئۆز ماھىيىتىن
يوشۇرالماي قالسۇن.

— ئىنغۋالىقى ئىنغۋا، — دېدى ئازادەم يەرگە قا
راپ، — لېكىن ئۆمەرجان، راستلا ئەخلەت ئىچىدىكى
ئالتۇن، ئۇنىڭ يالتىرىمىغىنىغا ئىچىم پۇشتى. ئۇنى
ئەخلەت - چاۋار ئارىسىدىن چىقالمىغىنىغا ئېچىنىدىم
سىلى ياخشى ئادەم، كىشىلەرگە ئۇۋال قىلمايلا. ئ
بىچارە بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، ئۆزىنىڭ ياخشى ئارزۇلىرى
نىمۇ بىرسىگە ئېيتىشتىن ئۇيىلىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشن
ئۇنىڭ مۇستەقىل، چوڭقۇر قارىشى بار. لېكىن بىرسىگ
ئوچۇقلىقچە ئېيتمايدۇ. تۆھپىسىنى، بىلىمىنى، ئارزۇ -
غايىسىنى يوشۇرىدىغان ئادەمنى كۆرمىگەنىمەن. مانا
ئۆمەرجاننى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن.

ھاكىم كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىدى.

## 10

پۈتۈن ناھىيە خەلقى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان سايلام
پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى. ناھىيىلىك سايلام ئىشخا-
نىسىغا مۇدىر بولۇپ سايلانغان دائىمىي كومىتېت مۇ-

كۆرسىتىپ قويىمەن. بىراق بۇنداق بىر يىل، ئۈچ يىل-
لارمۇ ئاخىرلاشتى. كىشىلەرنىڭ راستلا ھىمايىسىگە،
ھۆرمىتىگە ئىگە، ئىگە ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان چاغ-
لار ئالدىمدا. ھوقۇقتىن ئايرىلغاندا...

ئۇ سالقىن باغدا خىيال بىلەن سەيلە قىلىپ يۈر-
گەندە ئىدارە ھويلىسىدا پارتكوم شۇجىسى پەيدا
بولدى:

— بۇ ئادەممۇ ئۇخلىيالماپتۇ - دە، — دېدى
ياش شۇجى كۈلۈپ قويۇپ، — ئاكا، كەلسىڭىزا، مې-
نىڭمۇ ئۇيقۇم قاچتى، بىردەم گەپلىشەيلى!

مۇدىر ئەسنەپ قويۇپ ئىشخانىسىغا كىردى:

— يەنە نېمە يېڭىلىق، سىزمۇ چۈش كۆردىڭىزمۇ-
يە؟ ھا - ھا - ھا ...

— مانا يېڭىلىق، — دېدى شۇجى، — جوزا ئۈس-
تىگە رەتلىك يېزىلغان ئۇزۇن ماقالىنى قويۇپ، ئوقۇپ
چىقىڭ، ئەيسا ھاكىمنىڭ ئوغلى راستلا تالانتلىق يىگىت
ئىكەن. بۇ يىگىت ناھىيىگە زايا بولۇپ كەتكۈدەك.

دائىمىي كومىتېت مۇدىرى كۆزەينىكىنى تاقاپ ما-
قالىنىڭ ماۋزۇسىنى ئوقۇدى:

— «سالامەت بولۇڭ ئۆمەرجان!» — ۋاھ، قال-
تىسقۇ، دوكلات ئەدەبىياتى دېگىنى نېمىسى؟ ئەدەبىيات
دېگىنىمىزغۇ توقۇغان گەپلەر ئىكەن. «دوكلات» دېگىنى
ئىشىنىڭلار دېگىنىمىزغۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭىز، «دوكلات» دېگەن سۆزنى قو-
يۇپ قويغىنى بۇ ماقالىدە يېزىلغانلار راست بولۇپ ئۆت-

ياخشى ھەل قىلالمىسا دائىمىي كومىتېت مۇدىرى بول
غان ئادەمنىڭ خەلق ئالدىدىمۇ، يۇقىرى رەھبەرلىك
ئالدىدىمۇ ئىناۋەت ـ ئابرويى بولمايدۇ...

يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ بۆلۈمىدىن ئادەم ئايىغ
ئۈزۈلدى. ئۇ خۇددى بىر چوڭ ھەربىي ئوپېراتسىي
نى ئاخىرلاشتۇرغان غالىب كوماندىردەك ئىپتىخارلىن
بىلەن ھۇزۇرلىنىپ كېرىلىپ ساپ ھاۋالىق ھويلىغ
چىقتى. دالا گۈللىرىنىڭ ھىدىغا قانغان ئىللىق ھاۋ
ئۇنىڭ ھارغىن تېنىنى سەگىتىپ، تولا ئىشلىگىنى ئۈچۈ
چاچلىرى چۈشۈپ كېتىۋاتقان يوغان، تاقىر بېشىنى س
لاپ قويدى. ئۇ تەبىئەتنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق پاراغىت
دىن بەھرىمەن بولۇپ قەلبىدە «ھايات قەدىرلىك، تۇر
مۇش لەززەتلىك!» دېگەن سۆزنى يەنە بىر قېتىم ياد
لىدى ـ دە، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. «بىراق ئاخىرلاش
تى، تەبىئەتتىن ئالىدىغان لەززەتمۇ، جەمئىيەتتىن ئال
دىغان ھالاۋەتمۇ پات يېقىندا ئاخىرلىشىدۇ. ھەسرەت
قىلغۇدەك نېمىسى باركەن؟ كىملەردىن قالمىغان مەن
سەپ، كىملەرگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولالىغان تاج ـ دۆ
لەتكەن بۇ؟ ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجى، ۋىلايەتلىك
پارتكومغا بۇجاڭ، باشقارما باشلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا دا
ئىمىي كومىتېت مۇدىرى بوپتىمەن، مېنىڭ ئەۋلادىم
ئىچىدە كىم بۇنچىلىك ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن؟ دائىمىي
كومىتېت مۇدىرى ئەلۋەتتە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىس
دىن تۆۋەن، لېكىن مانا ھازىرچۇ؟ بىر يىلدا بىر قې
تىم ياكى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆزۈمنى

— سىز يېرىم سائەت تەخىر قىلىڭ، مەن مۇنۇ «دوكلات ئەدەبىياتى»نى ئوقۇپ چىقاي، ئاندىن كېيىن پىكىرلىشەيلى.

يېزىدىن ناھىيىگە كېلىدىغان تاشيولدا ئىككى ئادەم مىنگەشكەن ۋېلىسىپىت بوراندەك تېز ئۇچماقتا. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈچ ئادەم كابىنكىسىغا تىقىلىپ ئولتۇرۇۋالغان «گاز» ئارىلاپ - ئارىلاپ چىرىغىنى ياندۇرۇپ قويۇپ جالاقلاپ، توپا توزىتىپ قوغلاپ كەلمەكتە. بايىلا كۆۋرۈكنىڭ نېرىسىدا ماشىنا ۋېلىسىپىتكە يېتىشىپ كېلىپ سوقماقچى بولۇۋېدى، ۋېلىسىپىت مىنگەن پاكار ئادەم چاققان كەلدى، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قاراڭغۇ ئورمانلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ بىر چاقى چەتتىكى سۇلۇق ئېرىققا چۈشۈپ ماشىنا ئۆرۈلگىلى تاسلا قالدى. ۋېلىسىپىتتىكىلەر خەتەردىن قۇتۇلۇپ قايتىدىن يولغا چىقىۋېدى، ماشىنا يەنە ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشتى.

— مېنى چىڭ تۇت ئۆمەرجان. مەھكەم چاپلاش، مەن ئۇلارنى ئۆستەڭگە ماشىنا - پاشىنىسى بىلەن موللاق ئاتقۇزمىسام ھېمىت چاققان بولماي كېتەي. بېلىمنى چىڭ تۇت، ئۇلارنىڭ ماشىنىسى قاراڭغۇدا 30 كىلومېتىر ماڭالمايدۇ. مەن 20 كىلومېتىردىن چاپالايمەن. بېلىمنى چىڭ تۇت، قۇرت دەرىخكە چاپلاشقاندەك چىڭ چاپلاش، دەرەخ بوراندا ئۆرۈلسىمۇ قۇرتى ساق قېلىۋېرىدۇ. مېنى چىڭ تۇت ئۆمەرجان يۆگىلۇق!

ئۇلار كىملەر، نېمىشقا قاچىدۇ، نېمىشقا قوغلايدۇ؟

كەن. ئىشىنىڭلار دېگىنى!

— كىشىلەر چۈشكە ئىشەنگەن پەردە ماقالىگە ئاپـ ھام ئىشىنىدۇ - دە، ھا - ھا - ھا!...

— مەنمۇ شۇ ئىش بىلەن كىرگەن، — دېدى شاـ جى كۆلكىدىن توختاپ، — ئەيسا ھاكىم مېنىڭ يېنىمغا كىرىپتۇ، ھېلىقى ئازادەمنىڭ ئىنغۋاسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئۆمەرجاننى رەسمىي نامزاتلار قاتارىدا پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويساق دەيدۇ ئۇ كىشى. مەن ئۇ كىشىنىڭ كېپىنى زادىلا يېـ رالمىدىم. لېكىن مېنىڭ قوشۇلغۇم يوق. راست مۇنـ ماقالىمۇ راستكەن، مەنمۇ تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ئۆمەرجان راستلا يارامىلىق يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدىن توـ قۇلغان ئەنزىمۇ يالغان ئىكەن. ئۇنىڭغا بەدنام چاپلىـ غۇچىغا ئەلۋەتتە چارە كۆرۈش كېرەك. لېكىن ئۆمەرـ جاننى ھاكىملىققا نامزات كۆرسىتىش مېنىڭچە مۇۋاپىق ئەمەس، ئاساسلىق سەۋەبى ئۇنداق قىلىش قائىدىگە ئۇيـ غۇن كەلمەيدۇ.

— مېنى ئەيسا بىلەن سۆزلىشىڭ، پىكرىدىن يانـ سۇن دېمەكچىمۇ سىز؟

— شۇنداق.

— مەنمۇ ئۇنىڭغا كەپ يېگۈزەلمەيمەن. ئۇنىڭ مىجەزىنىمۇ ياخشى بىلمەيمەن، بىر كەپنى ئوڭايلىقچە ئوتـ تۇرىغا قويمايدۇ. ئەمما ئوتتۇرىغا قويغان پىكرىدىن ئوڭايلىقچە يانمايدۇ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئابرويلۇق.

— قانداق قىلساق بولىدۇ ئەمىسە؟

— ئارزۇلۇق چۈش، بىزنىڭ دەۋرىمىزدىلا راستقا ئايلىنالايدۇ. قاراڭ شەرق يورىدى. سۈبھى كۆتۈرۈلدى. ئەمدى ئۇخلىسىڭىز چەزمەن خەيرلىك چۈش كۆرىسىز. ئاھ، بىزدەك قېرىلارغىمۇ نېسىپ بولسا ئىدى، سەھەردە كۆرگەن ياخشى چۈش!

1986 - يىل، 17 - فېۋرال، ئۈرۈمچى.

نېمە قىلماقچى، نېمە ئۈچۈن؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ-
لارغا ئايان، ئەقىللىك كىتابخانلارغىمۇ ئايان، مانا بۇ
ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى؛ ياشاش ئۈچۈن، كۆكچۆلدىكىدەك
كۈن كۆرۈش ئۈچۈن ئىنسانلار بىر-بىرلىرىنى يوقىتىشى، بىر-
لىرىدىن قېچىشى، يەنە بىر-بىرلىرىنى قوغلىشى، يەنە بىر-
لىرىنى ئالداپ - سالداپ ئىشقا سېلىشى كېرەك. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ساپ، پاكىز ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا
رەزىل، پاسكىنا ئادەملەر ئارىلىشىپ كەتكەن. يەرنىڭ
يۈزى پاكىز-پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى بولغا-
نىدەك، ھاياتمۇ ئالىجانابلىق بىلەن جىنايەتنىڭ بىر-
لەشمىسى!...

— ئەيسا ھاكىمنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلساق بول-
غۇدەك، — دېدى مۇدىر تولۇق بىر سائەتتىن كېيىن. —
ئەگەر مۇنۇ دوكلات ئەدەبىياتى ئىشەنچلىك بولسا خەلق-
نىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈشكە بولىدىكەن. لېكىن قوشۇپ
قوياي، دوكلات ئەدەبىياتى راست بولىدىغان بولسا،
نامزاتلار ئىچىدىن بىر كىشىنى چىقىرىۋېتىشكە توغرا
كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئىمام مۇھەممەتنى دېمەكچىمۇ؟

— ھەم. مېنىڭ مەسلىھەتىم. ئۇنىڭ بىلەن بولغان
دوستلۇقىڭىزنىمۇ ئاخىرلاشتۇرسىڭىز بولارمىكىن!

— خەير خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ مۇدىر.

— سىزمۇ ھەم ئۈمەرجاندەك ياخشى چۈش كۆ-
رۈڭ!

— راستقا ئايلىنىدىغان چۈش دېمەكچىمۇ؟

گى سىياسەتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى توغرىسىدا خەۋەر
يېزىش.

مانا ئۇ يەنە كەلدى. ئەنە ئۇنىڭ كىشىلداق ئاۋازى، ئىنچىق ئارىلاش كۈلكىسى ئاڭلاندى. كۈلگەندە كىچىكلەپ كېتىدىغان بۇرنى، يۇمۇلۇپ كېتىدىغان كۆزلىرى، كۆز قۇيرۇقىدىكى قورۇقلىرىمۇ كۆزۈمگە كۆرۈندى.

— كىرىڭ! — مانا ئۇ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۇخبىر ئەپەندىم، ئوبدان تۇرۇپلىمۇ؟ — ئۇ بۈگۈن يېڭىچە كىيىنگەن: پاكار بويىغا ئۇزۇن كۆڭلەك.

ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلدى، ئەمدى توختىمايدۇ. تۈۋى تۆشۈك تاغاردىن تېرىق تۆكۈلگەندەك ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپ قۇيۇلىدۇ:

— نېمانچىۋالا كانىدەك چاپلىشىۋالدىغاندۇ بۇ ئادەم دەپ ئويلاپ قالغانسىز مۇخبىر ئەپەندىم. بۇ مېنىڭ مەيلىم ئەمەس، كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز، مېنىڭ بۇ ياخشى خۇيۇم سىزگە زىيانسىز!

— ھېچقىسى يوق.

— بۈگۈن مەن ئۆز ماشىنامنى ئېلىپ كەلدىم. ھېلىقى دوتسېنت، يەنە بىر ئارتىس، كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى يادىمدا ساقلىيالمايمەن. ھاراقنىڭ زىيىنى بۇ! ئۇچەڭلارنى ئېلىپ مەن بۈگۈن ئويناتماقچى. بىر يېقىن ئاغىنەم بار، كېپىمنى تىڭشايدۇ، ھاراق ئىچىشىپ بېرىدۇ. كۆڭلى ئېلىشىۋالىمەن. تاماشىمىز مانا ھازىردىن باشلاندى. ياق دېمىسىزا؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن سىزنى چو-

# ئۇيەر شۇنداق خىسلەتلىك



ئىنسان ئاجايىپ، ئارزۇ قىلىدۇ، تەمە قىلىدۇ. ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىرلىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ، بىرلىرىنى رەنجىتىدۇ. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە، بولۇپمۇ ناتونۇش ئادەمگە بىكاردىنلا يېقىنلاشمايدۇ. تەمە بىلەن سېنى ماختايدۇ، ئۆزىگە تارتىدۇ.

مەن بۇ خىل ئادەملەردىن بىزار: ئۇلار سېنى خىجىل قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەمە قىلىشىنى سەن بىلمەيسەن. ئۇ سېنىڭ مۇخبىر ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ سېنى بەكمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان بولمىسا، ئۇ نېمىشقا ئۆز يۇرتىدا ئىشقا ئاشقان-ئاشمىغان ئىشلارنى ساڭا بۇنچىۋالا تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ؟ ئۇ ساڭا ئۆز پىكىرلىرىنى يوقىرىغا يەتكۈزىدۇ ياكى گېزىتكە يازىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭ كۈتكەنلىرىنى ئورۇنلىيالمايمەن. سەۋەبى، مېنىڭ ۋەزىپەم ئۆزۈمگە بەلگىلىك: نۆۋەتتىكى ئەڭ يې-

لىمىسى يوق.

ئۇ گەپ بىلەلمۇ، ناخشىسى بىلەلمۇ، قول، كۆز ھەرىكىتى بىلەنمۇ تىنىمسىز ماختىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھېلىقى ھاراقكەش دوستى — ئۇندىمەس. كۈلكىسى كەم، خىيالچاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئارامخور ئادەم. ئۇ سۇنغان ھاراقنى قايتۇرمايدۇ. يول بويى ساھىبخان ئۇنىڭغا ھاراق سۇنۇپ كەلدى. تاماكا چېكىشىۋېتىپ يەنە بىرسى سۇنغان تاماكىنى ياق دېمەي ئالىدۇ - دە، يا-كى ئۇلاپ چېكىدۇ ياكى قولىقى، تۆش يانچۇقىغا قىس-تۇرۇپ ئالىدۇ. ھازىردىلا ئۇنىڭ ئىككى قولىقى، تۆش يانچۇقلىرى سوۋغا تاماكىلار بىلەن بېزەلدى...

تارىخ پەنلىرىنىڭ دوتسېنتى باشقىچە: خىيالچان، يېشىدىن مىجەزى قېرى — 40 نەچچە ياشلىق بولغى-نىغا قارىماي بوۋايلاردەك مۇلايىم، سىلىق - يۇمشاق. ئارتىسچۇ؟ ماڭا ئۇ دۇنياغا كۈلۈش ئۈچۈنلا يارىتىلغان-دەك بىلىنىدى. ئۇ ھەممىلا ئىشقا مەيلى قىزىقى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ھامان قاقاقلاپ كۈلىدۇ. كۈلگەندە ئۇنىڭ كۈلكىسى رىتىملىق، ئاۋازى مۇنىسىيدەك بىلىنىدۇ. ئۇ ھاياتىدا بەلكى خاپا بولمىغان، سۆكۈتتە قالمىغان، بى-رەر ئىش ئۈستىدە چوڭقۇرراق ئويلانمىغان بولسا كې-رەك، ھامان كۈلگىنى كۈلگەن.

مەن مۇشۇ ئادەملەر ئىچىدە ئۆزۈمنى ھەممىلا جە-ھەتتىن مۇكەممەلرەك ھېس قىلىمەن. مەن شۇنىڭ ئۈ-چۈن بۇ ئادەملەر ئىچىدە ئۆزۈمنى ئەركىن، بىلىملىك كۆرسەتمەكچى بولدۇم.

قوم ئوينىتىمەن. سىز قانچىلىك ئادەم؟ ھەر - ھەر بازىرلارمۇ مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. قېنى ئەمسە ئاۋۇ چاي ئىچىدىغان قاچىڭىزنى بېرىڭ، ئەتە-گەندە سەپىرىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن مېنىڭ مەيدانىمدا ئىشلەنگەن يەرلىك ھاراقتىن بىر قوۋۇزدىن ئىچىپ باقمىز.

ئۇ مېنىڭ ماقۇللۇقىمنى ئالمايلا يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى سومكىسىدىن چىقاردى - دە، قاچىغا قۇيدى.

— كەلمەملا؟ — ئۇ كۆتۈردى. ئۇنىڭ چىرايى قىلچىمۇ ئۆزگەرمىدى. ئۇنىڭ تۈگىمەس گېپىدىن قۇتۇ-لۇش ئۈچۈنلا سۇنغان ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرىۋەتتىم: پاھ، چوغ يۇتۇۋالدىممۇ نېمە، ئىچ - ئىچىمنى ئۆر-تەۋەتتىغۇ!

ئۆزئارا ئىچ - سىر ئېلىشمىغان 4 — 5 ئادەم ئاخىر ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ زىيارەتكە ماڭدۇق. ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ تارىخىنى، ئىسىم - فامىلىسى-نى بىلىشمەي تۇرۇپمۇ بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خۇل-قىنى ئوڭايلا بىلىۋالالايدىكەن. مەن بەش ئادەمنىڭ مىجەزىنى تېزلا بىلىۋالدىم. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ ئادەم-لەرنى پسىخىك جەھەتتىن كۆزىتىشكە ئادەتلەنگەنلىكىم-دىن بولسا كېرەك: ساھىبخان كەپدان، ماختانچاق، ئۆ-زىنى ماختىمىغان بىلەن يۇرتىنى ماختايدۇ. يۇرتىنىڭ تاشلىرىمۇ ئۇنىڭچە ئاجايىپ خىسلەتلىك، ئادەملىرىچۇ؟ كۆكسى - قارنى كەڭ، مېھماندوست، بۇنداق! خەلق ھېچنەدە يوق.... قىسقىسى، ئۇنىڭ ماختايدىغان ھېچ-

قولۇمدىن چىققان، ھاراقمۇ شۇ، گۆشمۇ شۇ.

ئۇ ھەممىلا ساھەدىن سۆزلەيتتى، ماختىناتتى. مەسىلەن، ھاۋا ـ مەنزىدرە توغرىلىق سۆز بولغاندا ئۇ ئۆز يېرىنى ماختاپ:

— دۇنيادا بۇ يەرنىڭكىدەك ساپ ھاۋا يوق، شىنجاڭدا پەقەتلا مۇشۇ يەرنىڭلا ھاۋاسى بۇلغانمىغان، تاغلىرىنىڭ ھاۋاسى شۇنداق خىملەتلىكى. ساقايماس كېسەللەرمۇ بۇ يەردە سەللىمازا بولۇپ كېتىدۇ، — دېسە، تارىخ توغرىلىق سۆز بولغاندا:

— ئۇيغۇر دېگەننىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانى مۇشۇ يەر، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى تۇنجى شەھەر بىزنىڭ تاششا (تاش شەھەر) ئىكەن، راستمۇ تارىخچى ئالىم ؟ — دەيتتى.

تارىخ ئالىمى كۇلۇپلا قوياتتى. ئارتىس تەستىقلاپ قاقاقلاپ كۇلەتتى، مەن بولسام ئۇنىڭ ماختىنىشلىرىدىن بارغانچە بىزار بولماقتا ئىدىم. مېنىڭ نارازىلىقىم بارغانسېرى كۆچەيمەكتە، ئۇمۇ سېزىپ قالدى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇن، ئۈن ـ تىنسىز كۆرەش شەكىللەنگەن ئىدى.

مانا ماشىنىمىز تاش شەھەرگە كەلدى. ئوتلاۋاتقان پىل پادىسىدەك كۆرۈنىدىغان قورام تاشلارنى كۆرۈپ ئۇ ماختاندى:

— بۇنداق تاشلار نەدە بار؟ — دېدى ئۇ ماشىنىنى توختىتىپ، — دۇنيانىڭ ھېچنەرىدە يوق!

مانا نادانلىق، مانا بىلىمسىزلىك، مەن ئۆزۈمنى

— ساھىبخان بىزنى نەلەرگە ئېلىپ بارماقچىسىز؟

— سەپەر ئىككى كۈن، — دېدى ساھىبخان كۈلۈپ قويۇپ، — مەن ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت ئالدىم. بىر مەيداننىڭ پىچىقى كېسىدىغان باشلىقىمەن، لېكىن رۇخسەتسىز ھېچ يەرگە بارالمايمەن، سەۋەبى، قول ئاستىمدىكىلەرنىمۇ بارغۇزمايمەن ئەمەسمۇ. ئەمدى زىيارەتكە كەلسەك، ئاۋۋال بىزنىڭ مەيداندىن باشلايمىز، قالغىنىنى كېيىن دەيمەن.

دېمەك، ئۇنىڭ مەقسىتى چۈشىنىشلىك. مېنىڭ ئۇنىڭغا نېمىگە لازىم بولۇپ قالغىنىم چۈشىنىلدى:

— مەيداننىڭ ئەھۋالىنى ياخشىراق تونۇشتۇرۇڭ، — دېدىم مەن ئۇنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، — گېزىتكە تازا ئوبدان بىر زىيارەت خاتىرىسى يازاي.

ئارتىسنىڭ كۈلكىسى ئاخىرلاشمايلا ساھىبخاننىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نەدە ۋاقىت! — دېدى ئۇ بىردىنلا تىزتۇلۇپ، — ئۇكام، قەغەز - سىيايىڭ زايا بولمىسۇن. بىزدە گېزىتكە يېزىلغۇدەك يېڭىلىق يوق، — ئۇ ئەمدى مېنى «سەن» دېيىشكە باشلىدى. بەللى، ئۇنى خۇشال قىلىمەن دەپ خاپا قىلىپ قويغان ئوخشايمەن. لېكىن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ دادىسىدىن بازارلىق ئالغان بالىدەك خۇشال بولغىنىنى كۆردۈم:

— گۆش يەيلى، ھاراق ئىچەيلى، مەست بولمىساق سەپەر قىزىمايدۇ، — دەيتتى ئۇ بىزنى يەپ - ئىچىشكە زورلاپ، — يەرلىك مەھسۇلات، ھەممىسلا ئۆز

گە كەلتۈرەمدۇ؟ مەن ھازىر بۇ يەرنىڭ خوجايىنى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، مەن بۇ يەرگە خوجايىن، ھېچكىم بۇ يەرنى تارتىپ ئالالمايدۇ. ئۇكام سەن بۇ گەپنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىما، — ئۇ ئەمدى ئۈرۈمچىدىن كېلىپ - كەتكەن مېھمانلارنى ياماندىغىلى تۇردى:

— ئوينايدۇ، كېتىدۇ، ئالدىغا بارساق تونۇمايدۇ. تونۇسىمۇ بىر چىنە چاي قۇيالمايدۇ. ئالدىمىزدا بىزنى خوش قىلىمىز دەپ ساپلا قولاقچا ياقمايدىغان گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

ھە، دېمەك ئۇنىڭ مەقسىتى ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى: ئۇ ئۈرۈمچىدىن ئۆزىگە ئولپەت تاپماقچى، ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسىنى، خىزمەت ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئويۇن - تاماشىسى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىماقچى ئىكەن - دە!

— مەن سىزنى قالتىس كۈتىمەن! — دېدىم ئەمدى ئۇنى خوش قىلىش ئۈچۈن، — بىز تەرەپلەرگە بېرىپ قالسىڭىز ماڭا يولۇقۇڭ.

ئۇنىڭ يەنە قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— بىزگە مېھمانغا كەلگەن قايسىبىر ئۈرۈمچىلىك بۇ گەپنى دېمەيدۇ. مېھمان بولۇپ كېتىسىلەر، لېكىن بىز بارساق تونۇمايسىلەر.

— بىز ئۇنداقلاردىن ئەمەس.

— بىزدەكلەر دۇنيادا تولۇپ يېتىپتۇ. بىزنى ئۇنۇتۇغانغا ھېچنەرسە بولمايدۇ. لېكىن - زە، بىزنىڭ مۇنۇ

ئوتالمىدىم.

— ھەممە يەردە بار! — دېدىم مەن ئاخىر پارتلاپ.

— نېمە، نېمە دەيسىنا؟ — ئۇنىڭ ھاراقتىن قىزارغان كۆزلىرى چەكچەيدى، — سەن بىلمەيسەن، بالىسەن. بۇنداق تاشلار ھېچنەدە يوق، بۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچى قەلئەسىنىڭ تاملىرى بولغان، بىلدىڭمۇ، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز قەدىمكى زاماندا تاشتىن شەھەر سالغان!

مەن تالاشماقچى ئىدىم. لېكىن تارىخچى باش لىڭشىتتى، ئارتىس قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ ھەمراھى بىر تاشنى مىنىۋالدى.

ئارتىم مېنىڭ خاپىلىقىمنى تارقاتتى: تاغ باغرىدىكى بوك دەرەخلىك ئورمانلار، 40 — 50 مېتىر يەرگە قانات يېيىپ تەبىئىي كۆنلۈك بولۇپ تۇرغان ياڭاقلار، ئۇنىڭ ئاستىدىكى چىمەنلىك، زالىم شىڭ شىسەي ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن خان داچىسىنىڭ خارابىسى، تىك تاغ قاپتاللىرىدىكى ئىبادەتخانىلار مەندە بۇ قەدىمكى جايغا ھۆرمەت ۋە قىزىقىش ھېسسى قوزغىدى.

— قالتىس جايكەن، — دېدىم مەن ساھىبخانىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، — بۇ يەرگە راسا ياخشى ئىستىراھەتخانا قۇرسا بولىدىكەن.

— نېمە؟ — دېدى ساھىبخان خاپا بولۇپ، — ئۇنداق قىلسا بۇ يەر بىزنىڭ بولامدۇ؟ بىزنى بۇ يەر-

سول تەرىپى تىك، ئوڭ تەرىپى يانپاش قىيالىق داۋانغا كەلگەندە ئۇ مۇنۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:
— ئارتىپ چىقىرىلىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى «دۇڭفاڭخۇڭ — 28» نىڭ كوزۇپىغا لىق قوي بېسىپ داۋاندىن چىقىپ كېتىپ باراتتۇق. مەن كوزۇپنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ قويلىرىمغا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ كېتىۋاتاتتىم. تازا داۋاننىڭ ئۈستىگە چىقاي دېگەندە كوزۇپ بۇقىدىن ئاجراپ كەتتى. 56 قوي بىلەن كوزۇپتا تۇرۇپ تۆۋەنگە ئۇچتۇق. مانا ئەمدى بۇندىن كېيىن ناخشا ئېيتالمايدىغان بولىسەن دەپ ئويلىدىم ئۆلۈشۈمگە كۆزۈم يېتىپ، ھەي تاغ يولى، قالتىس پەملىك - تە. قاسقاندىن دوبازا تۆككەندەك بىزنى شۇنداق ئەپچىل تۆكتى. بىر ھازادا كۆزۈمنى ئاچسام تىرىككەنمەن، قويلار قاپتالغا قاراپ پىتىرىغىلى تۇرۇپتۇ. كوزۇپ چاقى ئاسمانغا بولۇپ يېنىمدا يېتىپتۇ. مىدىرلىسام ساقمەن. خۇشاللىقىمدا يەرنى سۆيدۈم. ئۇ چاغدا ئۆلگەن بولسام يەنە خۇش بولاتتىم، نېمىشقا دېگەندە، ئۆز يېرىمدە ئۆلەتتىم. ئامان قالدىم، يەرلىرىمنى يەنە كۆرىدىغان، ناخشامنى يەنە ئېيتىدىغان ئوخشايمەن. مانا مۇشۇ يەردە تىكلەندىم، ئەمما مېنى يىقىتقان يەر يەنە مېنى ساقلاپ قالدى. بىزنىڭ يەرلەر خاسىيەتلىك يىقىتىدۇ، لېكىن ئۆلتۈرمەيدۇ. قېنى، قورقماستىن ھاراقنى ئىچىۋېرىڭە.
بۇ قېتىم ھەممىمىز خۇددى ئارتىس بىلەن بەس-

كۆرسەتكەن يەرلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىساڭلارلا بولدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ كېپىنى ئاچچىق تەنە دەپ چۈشەندىم، ئىچىمدە ھامان بىر كۈنى بۇ ئادەمنى مېھمان قىلىمەن دەپ ئويلىدىم.

تاغمىز تاغلاردىن ئېگىز،
باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى.
تۆپىسىگە قار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈلباغلىرى.

ئۇ تىنىك قاپتاللارغا ئويۇپ ياسالغان قورقۇنچلۇق يولدا ئۇن - تىنسىز كېتىپ بارغىنىمىزدا ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ ئاپپاق قارلىق چوققىلىرى كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان باغداش چوققىلىرىغا قاراپ ناخشا ئېيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى تاغ شامىلىدەك يېقىملىق، ناخشا ئاھاڭى سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك مۇلايىم، ئارامبەخش ئىدى. بۇ ناخشا ئارىلىقىدا سۇدانىنى كۆتۈرۈپ ھاراق ئىچەتتى ۋە ھەممىمىزگە ئىچۈرەتتى. ئۇ مانا شۇپۇرغىمۇ ئىچۈردى. مەن نارازى بولدۇم:

— بولمىدى ئاكا، خەتەرلىك! — دېدىم.

— نېمە خەتەر بۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — بۇ يەرنىڭ تاغلىرىدا ئەزرائىل يوق. تېكىلەنگەنگە① ئۆلسەم، مەن نەچچە قېتىم ئۆلگەن بولماسمىدىم. ئالدىمىزدا بىر داۋان بار، ئۇ يەرنى ئويۇپ② تېكىلەندى دەيدۇ، ھازىر كۆرىسىلەر.

---

① يەرلىك تىل — ئۇلىغاندا دېمەكچى.

② ئايۇپ.

بىلەن ناخشا ئېيتىشقان ئاياللار، تىنىمسىز ئۇسسۇل ئويناشقان ئادەملەر مېنىڭدىكى بارلىق زېرىكىش، كۆڭۈل بۇرۇختۇملۇقىنى خۇددى يامغۇر ياپراقلار ئۈستىدىكى چاڭ - توزاننى يۇيۇپ تازىلىغاندەك تازىلىۋەتكەن. مېنىڭ كۆڭلۈم خۇددى سەھەردە يورۇغان قارلىق چوققىدەك يورۇق، شادىمان ئىدى. لېكىن مەن بىرلا نەرسىگە چۈشەنمەيمەن: ساھىبخانىنىڭ زادىلا تونۇمايدىغان ئادەملەرنى بۇنچىلىك مېھمان قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئارتىستىن بۇ سوئالىمغا كۈلكىدىن باشقا نەرسە ئاڭلىمىدىم. ئەمما دوتسېنت مېنى ئويلاندۇرىدىغان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئۇ ئۆز يۇرتى بىلەن مەغرۇرلانماقچى، — دېدى ئۇ خىيالچانلىق بىلەن، — ئۇنىڭ يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنى بىزنى زىيارەت قىلدۇرۇشقا، مېھمان قىلىشقا مەجبۇر قىلغان، ھەممىلا ئادەم ئۆز ئانا يۇرتى بىلەن مۇشۇنداق مەغرۇرلانسا ئىنسانلارنىڭ قەدىر - قىممىتى قانچىلىك ئاشقان بولاتتى. ۋاھالەنكى، ھازىر نەدە قورساقى تويسا شۇ يەرنى ماختايدىغان، ئانا يۇرت غۇرۇرى دېگەننى يامان خىسلەت دەپ بىلىدىغان ئادەملەر خېلى كۆپ!

بىز ئىككى كۈندىن كېيىن قايتتۇق. ماشىنا بىزنى ئېلىپ تۈزلەكلىكتە ئۇچماقتا.

ساھىبخانىنىڭ ناخشىسى ئەمدى بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلانغىلى تۇردى:

دامىگۇ - سەرۋەك ئارا،
تىزدا يېغىپتۇ قارلا.

لەشكەندەك كۆلۈشتۇق.
پاھ، باغداش ئالاھىدە مەنزىرىلىك جاي ئىكەن. قاتمۇ قات چوققىلار، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان سۈزۈك تاغ سۈيى، ئېگىز قاقىراڭ تاغ تاپىنىدىكى سالقىن باغ، مەڭگۈلۈك ئۈيۈقۇغا كەتكەن پىللاردەك كۆرۈنىدىغان 2 — 3 مېتىردەك كېلىدىغان قورام تاشلار ئارىلىقىدىكى ئۆرۈكلەر ... پاكىز ھاۋا، سالقىن شامىلى؛ قاتتىق ئوتۇن چوغىدا پىشقان كاۋاپ، مەززىلىك شورپىلىرى بىلەن چىمەن ئۈستىدە ئېغىناپ، ياتپاشلاپ يۈرۈپ مېھمان بولۇش... مانا بۇلار راستىلا ئۇنتۇلغۇسىز...
— بوۋاي تارتسا غىبجەكنى، موماي ئۇرسا داپنى، تەڭگەيدۇ ناخشا - قوشاق، ئاخىرلاشمايدۇ كۆڭۈللۈك ئۇسسۇل بۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىر ئۆمرىدە نەچچە مىڭ تۈننى تاڭغا ئۇلىغان. شۇڭا بۇ يەردە 100 ياشتىن ئاشقان قېرىلار سايىنىڭ تېشىدىن تولا، شاھمەخسۇت، بىشىرۋاڭلارنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئۆتكەن. بوۋىلار ھېلىمۇ مۇقام توۋلاپ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ!
ساھىبخانىنىڭ بۇ ماختىنىشلىرى ئەمدى مەندە قىزىقىش - ھەۋەس قوزغايدىغان بولۇپ قالدى.
چۈنكى كوش ئۆتەڭدىن تارتىپ سەرۋەك تاغلىرى، ئاقتاش يايلاقلىرىدا قارىغايلىقلار ئارىسىدا ئۆۋى تۈپ مال بېقىۋاتقان داستىخىنى كەڭ مالچىلار، قورايلىق، قىزىلىياردا بىز ئۇچۇن تۈن بويى داپ - غىبجەك



سۇ — ھاياتلىق بىنا قىلغۇچى تۆت نەرسىنىڭ بىرى-
سى. دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ نەرسىمۇ، ئەڭ قىممەتلىك
نەرسىمۇ سۇ. كۆز يېشى، قان — تەر، شەربەت، كەل-
كۈن... ئىنساننى ھەم شادلىققا ھەم ۋەيرانچىلىققا سا-
لىدىغانمۇ سۇ...

مەن سۇغا تەشنا، لەۋلىرىم گەز باغلىغان، بەدى-
نىم سۇسىراپ قاغجىرىغان، ئاۋازىم ئۇسسۇزلۇقتىن بوغال-
غان، كۆزلىرىم چەكسىز تۇغراقلىقتىن بىر يۇتۇم سۇ-
تاپالماي تەكلىماكان باغرىدا «تارىم» دەرياسىنى ئە-
ۋەتكەن سېخى كۇئېنلون، پامىر چوققىلىرىدا؛ سۇ يوق-
لۇقنى كۆرۈنمەس گازغا ئايلاندۇرۇپ مېنىڭ بىلگۈن،
تۇغراقلىرىمنى قاقىر، — قاقشاتقان ئوتلۇق قۇياشقا.
ئۇنىڭ ھەر كۈنى ماڭىدىغان يولى — مىلياردلاپ تونna

بىزنىمۇ ياد لامدىغاندۇ،
ئارقىدا قالغان يارلار.

مەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بەردىم:
— يادلايمىز، ئۇنتۇمايمىز. سىلى خاسىيەتلىك يەرنىڭ ياخشى ئوغلانلىرى، چۈنكى ئەمدى بىلدىم: بۇ يەر شۇنچە خاسىيەتلىك!

1985 - يىل، 10 - ئىيۇن، مەككە.

ياش تۆكىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆز يېشىدىن توغراق بىلەن تېرەك ئۆلانغان جايدا زەردابلىق ھۆررەك پەيدا بولىدۇ. لېكىن توغراق چۆل بورانلىرى ۋىژىلداپ تۇرغان قۇم دۆڭلىرىنىڭ سىلىق، تەكشى قاپتاللىرىدا، ھەتتا ياتقان زور پىلغا ئوخشايدىغان قۇم بارخانلىرىنىڭ چىڭ چوققىلىرىدا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى زاپاس سۇ بىلەن تېرەكنى كۆكلىتىدۇ، ئاسمانغا كۆتۈرىدۇ. مەن بۇ ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن كاككۇك تۇخۇمىدىن چۈجە چىقىرىپ، ئۆز باللىرىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا كاككۇك بالىسىنى ئۇچۇرما قىلىدىغان غورىلايدەك سېخى ئانىنىڭ قانداقمۇ غولىغا تىغ تەڭلىيەلەيمەن؟

مەن نەپسىمنى بېسىش ئۈچۈن قېرى توغراقنى قۇچاقلىدىم. پۇتلىرىمغا قايتىدىن جان كىردى، مەن توغراقلىقنى ئارىلاپ يولۇمنى داۋام قىلدىم. نەدىندۇر پالتا ئاۋازى ئاڭلاندى مەن تىڭشىدىم، شەرقتە، يەكەن دەرياسى ئايلىنىدىغان جايدا مېنىڭ ئورمانلىرىمغا سوغۇق قول تەگمەكتە. يۈگۈرۈشىم، ئەڭ ئاخىرقى ماغدۇرۇمنى سەرپ قىلىپ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشىم كېرەك.

چۈچۈك بۇيا، قومۇش يىلتىزلىرىنى چايناپ ئۆزۈمنى ئالدىدىم ـ دە، يۈگۈردۈم. كۆزۈمگە قىزىللىق تىقىلغىچە، پۇتلىرىم يىلتىزدەك تولغاشقىچە يۈگۈردۈم. بىر تۈپ توغراق كېسىلگەن، لېكىن توغراق ئوغرىسى قېچىپ كەتكەن، مەن توغراق ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا ھارۋا چاقىنى ئىزلاپ قوغلىدىم. لېكىن ھارۋىغا يېتەلمىدىم. غەزەپ بىلەن مىلتىقىمنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتـ

سۇ زەررىچىلىرى ئۈزۈپ يۈرگەن ئاستىدا قارايمەن. لېكىن تەمە، ئارزۇ بىلەن ئۇسسۇزلۇقۇم قانمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەزىم دەريالارنى پەيدا قىلىدىغان بۇ سۇ مەبەلىرى مېنى كۆرمىگەن، زارىمنى ئاڭلىمىغان ئوخشايدۇ.

پېشىۋالار ئاڭلىمىغاننى مېنىڭ ھەمراھلىرىم توغراقلار ئاڭلىغان ئوخشايدۇ. ئەنە ئۇلار ھۇلۇلدەپ يۈزلى ئېچىشتۇرىدىغان شىمال شامىلىدىن قېنىق كۆلرەڭ، ئەتلەك ياپراقلىرىنى چاۋاك چالغۇزۇپ ماڭا تەسەللى بەرمەكتە:

— بىزنى كەكە، پالتاڭ بىلەن غولىمىزدىن چاپا، بىز ھاۋادىن سۇ دانىچىلىرىنى سۈمۈرۈپ ئېلىپ يىغىپ قويغان، بىز ساڭا شەربەت بېرىمىز!

ئايپالتام قولۇمغا چىقتى. «چانا، ئۇسسۇزلۇقۇڭ قانىدۇ»، — دەيتتى ئۇ قولۇمغا چىقىۋېلىپ.

لېكىن مەن ئۆز بەدىنىمنى قانداق چانايمەن؟ ئۈچ يىلدىن بېرى ھەر كۈنى 30 — 40 كىلومېتر يول مېڭىپ ئاسراپ كېلىۋاتقان توغراقلىرىمنى چاناشقا نەپسىم ئۇنىمىنى بىلەن ۋىجدانىم يول قويمايدۇ. مەن دادامنىڭ كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپتە ئون يىل ئوقۇغاندىن سىرت تەبىئەت نابادات — ئورمانچىلىق بىلىمىگە دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۇستازىم بىلەن مۇشۇ 60 مىڭ مو توغراقلىقنى كۆكەرتىشكە بەل باغلىغان يىگىت تۇرسام، توغراقنى چاناشنىڭ قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىمۇ؟ بىز توغراقنىڭ غولىنى كېسىپ ئۇنىڭغا تېرەك ئۇلايمىز. توغراق قانچىلىك

گەسسىۋاتىمدۇ، نېمىشقا مۇزلار ئېرىمىگەندۇ- ھە؟

— بۇ يىل چاغلىمايلا 170 مو يەرگە تېرىقچى-لىق قىپتىكەنمەن، بۇغدايلىرىم سۇ كىرمەيلا پىشتى. كېۋەز، قوناقلىرىم ئۆلىدىغان ئوخشايدۇ. نۆۋەتلىك سۇ-نى باشقىلارغا بەردىم. 20 تۇتۇنلۇك مەيداندا ئىلكى ئوقراقى مەنكەنمەن، مېنىڭ ئۆلسە بېلىم ئۇشتۇلۇپ كەتمەس، باشقىلارنىڭ ئۆلسە چاتاق...

— بۈگۈن باشلىقنىڭ گېلىنى ئوبدان مايلىسىلا پەلكىم ئۆلمەس!...

لېكىن باشلىق كېتىپ قالغان ئىدى.

مەن ياشلاشتۇرۇلغان مەيدانغا كەلدىم. نەچچە يۈز-مو يەردىكى ياش توغراقلار سولاشقان. ئۇلارنىڭ سې-رىق يوپۇرماقلىرى كۆپەيگەن ئىدى، «ياشلاشقىنى نېمە بولدى؟» دېدىم ئۆز- ئۆزۈمگە.— ئانا توغراقتىن بىر-سىنى يىلتىزىدىن چاناپ تاشلىساڭ بىرسىنىڭ ئورنى-دىن ئون نەچچە تال ياش توغراق كۆكلەپ چىقىدۇ. قېرى توغراقلار ئۆز باللىرىنى بىزگە تاپشۇرۇپ ئالەم-دىن ئۆتتى، ئەمدى بىز ئۇلارنى قۇرۇتۇۋەتسەك ۋىجدان ئالدىدا نېمە دەيمىز! ھەي كۇئېنلون، تەبىئەتنى كۆ-كەرتىش سېنىڭ بۇرچۇڭ، دەل- دەرەخ، زىرائەتلەر سېنىڭ بالاڭ، سەن نېمىشقا بىكۆيۈملۈك قىلىسەن، نې-مىشقا باللىرىڭنى قاقشىتىسەن؟!»

مەن شائىرانە ھېسسىيات بىلەن ئۆز-ئۆزۈمچە سۆزلە-دىم.

ھالا، باشلىقنىڭ كېۋەزلىكى ئۇتاقتىن چىققانە

تتىم. ياش توغراقلىق ئارىسىدىن توشقان - تۈلكىلەر
چىقىپ قاچتى.

مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ جەزمەن ھەمراھىم ياكى
يېزىنىڭ مەيدانىنىڭ باشلىقى يېتىپ كېلىدۇ.

مەن كېسىلگەن توغراقنىڭ كۆز يېشى بىلەن مۆڭ-
دىشىپ ئۇزاق ئولتۇردۇم.

— دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن ئىكەن! — دېدى يېنىمغا
ئاتلىق يېتىپ كەلگەن مەيدان باشلىقى ئالدىدا تىپىر-
لاپ تۇرمايۋاتقان پاقلاننى ئىگەرگە ئوبدان جايلاشتۇ-
رۇۋېتىپ، — خاپا بولما ئۇكام، قوغلاپ يېتىپ دەككى-
سىنى بەردىم. 20 كوي جەرىمانىنى تىرىلىدۇرۇپ ئال-
دىم. مە، تالۇنلاشتۇرۇپ قوي.

— مېھمانلىرى بارمۇ - نېمە، پالتەك ئاكا، — مەن
پاقلاننى شەرەت قىلدىم.

— نېمە مېھمان؟ — دېدى پالتەك كۆكۈچ كۆز-
لىرىگە چۈشۈۋاتقان تەرلىرىنى قارا كۆڭلىكىنىڭ پېشى
بىلەن سۈرتۈپ، — غالچىلىق قىلىمەن. قورغاقچىلىق
بولغانسېرى غالچىلىق كۆپىيىدىكەن. يېزىلىق ھۆكۈمەت-
نىڭ باشلىقىنىڭ كېلىنى مايلىمىساق قورۇپ كېتىدىغان
ئوخشايمىز. كۆرگەنسەن، ياشلاشتۇرغان مەيدانىڭ توغ-
راقلىرى قۇرىغىلى تۇرۇپتۇ.

— سىلىنىڭ قوناق، كېۋەزلىرىمۇ قۇرۇپتۇ، — دې-
دىمەن باشلىققا ھېسداشلىق قىلىپ. — يىلدا 6 - ئاي-
نىڭ ئاخىرىدا دەرياغا سۇ تولاتتى. بۇ يىل مانا 7-
ئاينىڭ 12 سى بولۇپ قالدى، دەريا تېخى قۇرۇق، كۆڭ

كىشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. ئۇ پاقلان بىلەن سوۋ-
غا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ پاختىسى بىلەن قونىقىنى ساق-
لاپ قالالماقچى ئىكەن - دە، بوپتۇ. هازىر هەممىلا
ئادەم قىلىدىغان ئىش بولغاندىكىن، بىر قېتىم «غالچىلىق»
قىلغىنى ئۈچۈن بىزنىڭ باشلىقنىڭ مەرتىۋىسى چۈشۈپ
كەتمەس... لېكىن ئۇنداق دېگىنىم بىلەن، باشلىقنىڭ
ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن باشقىلارغا يېلىنغانلىقىنى ئوب-
دان بىلمەيمەن. بۇ ئادەم يۈز خاتىرە قىلمايدۇ، خۇشا-
مەت، ماختىنىشلاردا يوق، دۇرۇس ئادەم. ئۇنى ناھە-
يە، يېزىلىق هۆكۈمەتتىكى بەزى رەهبەرلەرنىڭ يامان
كۆرۈشمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ مىجەزىدىن. بىرنەچچە قېتىم
مەن ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ توغراق كېسىپ كېلىشكە
ئەۋەتكەن ئادەملىرىنى قۇرۇق قايتۇرۇۋەتكىنىنى، نالايىق
ئۇسۇل بىلەن يۇقىرىدىن تەستىقلىنىپ ياغاچ كەسكەن
كادىرلارنى پاش قىلغانلىقىنى، بەزىلىرىنى «تەبى-
ئىي ئورمانلارنى ئاسراش قانۇنى» نىڭ بەلگىلىمىلىرى بو-
يىچە خەلق سوت مەهكىمىلىرىگە يوللىغانلىقىنى،
ئۆزىنىڭمۇ تەبىئىي ئورمانلاردىن بىر شاخقا خىيانەت قىل-
مايدىغانلىقىنى بىلىمەن، بۇنداق ئادەمنىڭ سۇ ئۈچۈن
پاقلان سوۋغىسى ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن ئازابلىق،
شۇنىڭ ئۈچۈن مەن باشلىقنى ئويلاپ ئازابلاندىم، چۈن-
كى مەن باشلىقنىڭ چىرايىدا كۈلكە، كۆزلىرىدە شاد-
لىق بولۇشىنى تولىمۇ خالايمەن.

ئايدىڭ، ئاي مېنىڭ ئۈستۈمدە، مەن ئورمان ئارى-
سىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ساتمىدا ياتىمەن، مىلتىقىم

لېكىن تېخىچە يالتىراق يوپىقى ئېلىنمىغان، كېۋەزنۇخ-
شىغان، «جۇزمىيەت» ① نومۇرلۇق ئېكەن، بۇ كېۋەزنىڭ
تالاسى ئۇزۇن، ئۈچ قېتىم سۇ كىرگەن بولسا جەزمەن
300 جىڭدىن ساپ پاختا ئالغىلى بولاتتى. 20 مويەردىن
شۇنچىلىكتىن ساپ پاختا ئېلىنسا، 6000 جىڭ ساپ
پاختا دېگەن سۆز، بىزنىڭ باشلىق ئۈچۈن 10 — 20
مىڭ يۈەنلىك زىيان ھېچگەپ ئەمەس، ئۇ يەردىن چى-
قىدىغان ھوسۇلغىلا قاراپ قالىغان ئادەم ئەمەس.
ئۇنىڭ 500 — 600 تۇياق قويى، 50 — 60 مىڭ تۈپ
ئورمىنى، مېڭىۋاتقان ماشىنا - تىراكتور، زاۋۇتلىرى
بار. 20 — 30 مىڭ يۈەنلىك زىيان ئۇنىڭ بۇرۇتىنى
تەۋرىتەلمەيدۇ، لېكىن قىلغان ئەجرى، مېھنىتى ھۆ-
كۈمەتكە قىلغان لەۋزى بىكارغا كېتىدۇ - دە. ئۇ بۇ
يىل بۇلتۇرقىدىن 20 مىڭ جىڭ ئاشلىق، پاختىنى ئار-
تۇق سېتىپ بېرىپ، يېزا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتار-
دىكى رىقابەتچىلەردىن ئۆتۈپ كېتىشكە سۆز بەرگەن
ئەمەسمۇ؟!

ئۇنىڭ ۋەدىسى بىلەن مەرتىۋىسىگە جاۋاب بېرى-
دىغان مۇشۇ ئالدىمىدا قاقجىرەپ ياتقان يەر ئىدى. لې-
كىن بۇ يەر قىشتىن ئارانلا چىقىپ ئەتىيازنىڭ سېرىق
ئاپتىپىغا ئۆزىنى سېلىپ ياتقان تۈك تاشلىغان قوتۇر
كالىغا ئوخشاپ قاپتۇ. بۇ يەر مۇشۇ تۇرقى بىلەن بىز-
نىڭ باشلىقنىڭ يۈزىنى يەرگە قارىتىدىغان ئوخشايدۇ.
باشلىقنىڭ كېچىكىردەك مايلاشقا پاقلان ئېلىپ مې-

① «مەرىپىلەر كېۋىزى» — يېڭى سورت.

— ئوسمان، تۇر،— دەيتتى باشلىق ھاياجانلانغان ھالدا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ساتمامنى لىڭشىتىپ،— ياش توغراقلىرىڭنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈۋال!

— نېمە بولدى پالتەك ئاكا؟

— سۇ، ھېلىقى باشلىق بىر پاقلاننى يەپ ئىككى سوتكا سۇ بېرىشكە ماقۇل دېدى. مەن ئادەملەرنى باشلاپ باشلىق بىلەن بىللە بېرىپ سۇ قېناپ كەلدىم. بىر سوتكا توغراقلارغا ئاقسۇن، يەنە بىر سوتكىدا بىزنىڭ كېۋەز، قوناقلارغا...

— ئاۋۋال كېۋەز، قوناقلارنى سۇغىرىدىغان گەپ ئىدى پالتەك ئاكا، توغراق ئۆلمەيدۇ، لېكىن كېۋەز بىلەن قوناق ئۆلىدۇ - يا؟

— باشلىق پاقلاننىڭ كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆچرەتلىك سۈيىنى بىزگە قېناپ بەردى. ناۋادا سۇ ئىگىلىرى بىر سوتكىدىن كېيىن سۇنى ئېلىپ كەتسە ياكى باشلىق يەنە بىرسىگە ۋەدە بەرسە؟...

مەن «باشلىق» نىڭ ئاق كۆڭلەك كىيىپ گىلەم سېلىنغان خادىكتە ئولتۇرسا ھارۋا بىلەن تەڭ سىلكىنىدىغان ھەددىدىن زىيادە يوغان قورسىقىنى، چىخ قالپاق ئاستىدا سالپىيىپ تۇرىدىغان گۆشلۈك يۈزىنى، پولۇ ياكى گۆش يېگەندە بىر - بىرلەپ يالاپ، شۇمۇپ چىقىدىغان دىقماق، بۇدرۇق قوللىرىنى ئەسلىدىم. بۇ قوللارنىڭ تەستىق سالمىقىمۇ، تەستىقىنى يىرتىپ تاشلىمىقىمۇ شۇنچىلىك تېز، ئاسان.

مەن ھەم خۇشال، ھەم مەيۈس ھالدا ساتىمدىن

چەتلەكلىك، ئىتلىرىم قويۇۋېتىشكىلىك. تەكلىماكاننىڭ
قۇرۇق - ئىسسىق شاملى ماڭا ھەمراھ. شۇنىڭ ئۈچۈن
مەن قورقمايمەن، ئەمما نېمىشقىدۇر ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.
سالقىن شامالدا توغراقلىرىم پىچىرلىشىدۇ، نەدىدۇر
توشقان ئۇۋۇسىنى تاپقان تۈلكە «خىرت - خىرت» قى-
لىدۇ، قىرغوۇل خورازلىرى چىللايدۇ... لېكىن مېنىڭ ئۇي-
قۇم قاچقان. ساتىمنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ئۆرە تۇرۇ-
ۋېلىپ ئەتراپقا قارىدىم. ئاق سېرىق قۇم دۆڭلىرى
ئۇ يەر - بۇ يەردە چوقچىيىپ تۇرغان توقايلىق قارام-
تۇل يېشىل يوپۇق ئاستىدا ئۇيقۇدا. نېرىدا شەرق تە-
رىپىدىكى گىرىمسەن كۆرۈنىدىغان چەكسىز قۇم، پەقەت
ھال گۈللۈك يۇلغۇن، ھەم سۇدا، ھەم قۇملۇق چۆلدە
ئۆسەلەيدىغان قومۇش. تەكلىماكانلا ئويغاق، ئۇ مې-
نىڭ يېشىل ئورمانلىقىمنى يۇتۇۋېتىش كويىدا، ئۇ
ئۆزىنىڭ بوران - قۇملىرى بىلەن تىنىمسىز ھالدا بىز-
گە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. لېكىن ئەمەلدە ئۇ ھۇجۇم بى-
لەن چېكىنىۋاتىدۇ، بىز ھەر يىلى ئاز - ئازدىن يەر
ئېچىپ، كۆچەت تىكىپ، ئۇنىڭ باغرىغا ئىچكىرىلەپ كى-
رىپ كېتىۋاتىمىز. دېمەك، ئۇ خالىغاندەك قىلغان بىلەن
مېنىڭ توقايلىقىم ئەمەلىيەتتە سەگەك، ئۇ، قۇملۇققا
ھۇجۇم قىلماقتا.

مەن تەكلىماكان باغرىغا «كەشتە بېسىش» تا سىڭ-
دۈرگەن ئەمگىكىم ھېسابىغا ماڭا كېلىدىغان شان-شە-
رەپ، مەرتىۋىلەرنى ئويلاپ شېرىن خىيال بىلەن ئۇخ-
لاپ قاپتىمەن. ساتىمنىڭ سىلكىنىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم.

— كەسكىلى؟— دېدىممەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىردىنلا تۇتۇلۇپ.— بۇ يەردە ئاسراش، تىككىشتىن باشقا ۋەزىپە يوق، بىلدىڭما؟

— باشلىقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلدۇق، ساڭا ئاسراش، تىككىشنى ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن ئادەممۇ شۇ، مانا ئەمدى كېسىشنى ۋەزىپە قىلىپ بىزنى ئەۋەتكەن ئادەممۇ شۇ، بىلدىڭما؟

— بىز باشلىققا بويسۇنىمىز، ئەمما توغراقلار بويسۇنمايدۇ، بىلدىڭما؟

— بىزنىڭ ھەرە - پالتىلىرىمىز توغراقلىرىڭنى ئوڭايلا ياۋاشلىتىدۇ جۇمۇ.

— ھەرە - پالتىلىرىڭنى «ئورمان ئاسراش قانۇنى» ئوڭايلا گال قىلىپ قويىدۇ جۇمۇ!

ياغاچ كەسكىلى كەلگەنلەر ھەرە - پالتىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مېنى قىلچىمۇ كۆزگە ئىلماي ئورمانلىققا قاراپ مېڭىشتى. مەن ئۇلارنى توستۇم:

— بولمايدۇ ئاغىنىلەر!— دېدىممەن ئۇلارغا ۋارقىراپ،— بۇ تەبىئىي توغراقلىقنى كېسىشكە بولمايدۇ. ئورمان كەلگۈسى ئۈچۈن، پۈتۈن تەكلىماكاننى كۆكەرتىش ئۈچۈن كېرەك. ئورمان — تەڭشىگۈچ، ئۇ ھاۋا تەڭشەيدۇ، ئورمان يەرنىڭ كىيىمى، يەرنى يالىڭاچلىۋەتسەك، يەرمۇ بىزنى يالىڭاچلايدۇ.

لېكىن مېنىڭ ھاياجانلىنىپ ئېيتقان «ئىلمىي» گەپلىرىم ئۇلارنىڭ قانچىلىكىنىڭ قۇلىقىغا كىرگىنىنى بىلمەيمەن. مەن ئۇلارنى توسۇيالمىدىم: «باشلىق»نىڭ

چۈشتۈم. شەرقتىكى سارغۇچ قۇم دۆڭلىرىنىڭ چوققىلىرىغا قىزغۇچ ھەل بېرىپ قۇياشمۇ ئۇپۇق سىزىقىدىن باش كۆتۈردى. مېنىڭ ياش توغراقلىرىم بۇدرۇق يوپۇرماقلىرى بىلەن قۇياش نۇرىدىن چىمىرلاپ كۆزنى چېقىپ تۇرغان سۇ بېتىدە شادلانماقتا. ئۇلار خۇددى داستىكى يىلمان سۇنى بەھۇزۇر ئويناۋاتقان بەختلىك بوۋاققا ئوخشايتتى. ياش توغراقلىرىم سۇنىڭ كۈچى بىلەن ئەمدى شۇنچىلىك تېز چوڭىيىدۇ. خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىلگەن يېسىۋىلەكمۇ ① ئەمدى ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ.

مەن چۈشكىچە سۇ كېچىپ يۈرۈپ قاپتاللار، دۆۋىلەرگە سۇ ئاچتىم. سۇ چىقالمىغان يەرلەرگە چېلەك بىلەن توشۇدۇم. خۇددى ئۆز ئەجرىسى بىلەن ھەممىلا باللىرىنى رازى قىلماقچى بولغان بالىجان ئانىدەك بىرمۇ كۆچەتنى سۇسىز قويماسلىققا تىرىشتىم.

— ئوسمان توغراق! — دېدى بىرسى تۇيۇقسىز يېنىمدا پەيدا بولۇپ لەقىمىنى سوزۇپ توۋلاپ، — قېنى بىزنى ئەڭ ياخشى توغراقلىرىڭغا باشلا.

— ساتىمامغا باشلاي، — دېدىمەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ «جىپنىڭ» ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان چاقچاقچى شوپۇرغا لايىقىدا چاقچاق قىلىپ، — ساتىمدىن قارىساڭ ئەڭ ياخشى توغراقلارنى كۆرەلەيسەن.

— بىز كۆرگىلى ئەمەس، كەسكىلى كەلدۇق جۇمۇ!

---

① بەدەي.

ئاكا، — ئات ئۈستىدە سىڭايان ئولتۇرۇپ، — سۇ بەرگىنىڭگە رەھمەت، لېكىن بىر تالمۇ ياغاچ بېرەلمەيمىز. زورلۇق بىلەن كەسسەڭلار بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قوراللىرىنى ئىشقا سالىدۇ. قانۇن ئالدىدا مەن جاۋابكار!

— ياخشىلىققا يامانلىقمۇ بۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى بايىقى كىشى چېچىلىپ، — ئالسەن، بەرمەيسەن، ھېچ بولمىسا ئون تال خا بەرگىن. باشلىق ئۆي سالىدىكەن، قورۇق قول كەتمەيلى، بۇ توغراقلارنى يا سىلەر تىكمىگەن، ئۆزى ئۈنگەن، خەلقنىڭ ياغىچى بۇ.

— بىلمىدىكەنسەنغۇ! — دېدى پالتەك ئاكا «گەپ تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ قولىنى كەسكىن سىلكىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تالمۇ بېرەلمەيمىز!

لېكىن پالتەك ئاكا بۇ كەسكىنلىكى بىلەن پۈتۈن كېۋەز - قوناقلىرىنى قۇرۇتۇۋالدى. چۈنكى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن سۇ توختىدى.

مەن ئازابلاندىم: مېنىڭ باشلىقىمنىڭ بۇنداق زىيانلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ، ناھايىتىمۇ تولا، ئۇنىڭدىن تۇرغۇن ئادەملەر نارازى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ماختاش، مۇكاپاتلاشلاردىن مەھرۇم. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن دائىملا قىلغان خۇشامەت، ياخشىلىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئۇنىڭدىن پەقەتلا تەكلىماكان قوينىدا ياشىرىپ تۇرغان، گويا سارغۇچ داستىخاننىڭ بىر تال پېشىل - غان يوپۇرماق گىلەمدەك كۆرۈنىدىغان مېنىڭ توغراقلىرىم — مەن ھەر كۈنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدىغان توقايلىقلار رازى.

ئۇ ئاجايىپ ئادەم: ساپ تەرى قۇمغا سىڭگەن، ھالال ئەمگىكى ھاۋاغا كەتكەن!...

1985 - يىل، 6 - ئىيۇن، مەكىت، تۈمەنتال.

بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى بۇ كوللېكتىپنىڭ پالتىلىرى
توغراقلارنىڭ غولىغا تەگكەندە مېنىڭ تاقىتىم تۈگە
دى - دە، مىلتىقىمغا يۈگۈردۈم. ئەمدى مەنمۇ «ئىل
مىي» لىكتىن ۋەھشىيلىككە ئۆتمىسەم بولمايدىغان بولدى.
— توختا! — دېدىمەن پالتا كۆتۈرگەنگە مىلتىق
تەڭلەپ.

— پالتاڭنى چۈشۈر، بولمىسا ئېتىۋېتىمەن.
ئۇ كۈلۈپ قويۇپ پالتىسىنى توغراق غولىغا ئۇردى.
توغراق ياش تۆكتى. «پاك» قىلىپ بىر پاي ئوق
ئاتتىم. ئوق پالتا تۇتقۇچىنىڭ بېشىدىن ۋىژىلداپ ئۆت
تى. ئۇنىڭ قولىدىن پالتىسى چۈشۈپ كەتتى. باشقىلار
پىتىرلاشتى. مەن قوراللىق دوستلىرىمغا تەڭلەپ تۇ
رۇپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:
— ياخشىلىقچە قايتىڭلار، بولمىسا ئاتىمەن! — ئۇلار
قايتمىدى، لېكىن توغراقلارغا پالتا ئۇرالمىدى. ئاخىرقى
ھېسابتا توغراقلارنى يەنىلا پالتەك ئاكا قۇتقۇلدۇردى.
ئۇ ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى - دە:
— بۇ نېمە بۇلاڭچىلىق؟ — دەپ سورىدى.
— باشلىق ئاخشام 15 كىلو مېتىر يولنى خادىك
بىلەن بېسىپ يۈزۈڭلارنى قىلىپ مېھمانغا كەلدى، —
دېدى ياغاچ كەسكۈچىلەردىن بىرسى قوللىرىنى ھاۋادا
پۇلاڭلىتىپ، — ئوسمان توغراق باشلىقنىڭ يۈز - خا
تىرىسىنى قىلمىدى. بىزگە ياغاچ كېسىشكە يول قوي
مىدى!

— باشلىققا بېرىپ ئېيتىڭلار، — دېدى پالتەك

ئەمەنجانغا قول ئۇزاتتى. ئەمەنجان يىگىتنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭ سىقتى:

— بەلەن، چىرايلىقكەنلا، راست ھەممىدىن چىرايلىقكەنلا!

نىجات چاڭ-توزانغا مىلەنگەن، ساقال-بۇرۇتىغا ئاق كىرگەن، لېكىن ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىدە ئۇيغۇر گۈزەللىكى ساقلانغان ئادەمنىڭ ماختاشلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ قولىنى ئەمەنجانىنىڭ مۈرىسىگە قويدى:

— ماڭا ھارۋا ئەكەلدىڭىزمۇ؟ ئاۋۇ چامىدانىمۇ مېنىڭ.

خوجايىنلىق قانداق راھەت. باشقىلار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يۈك-تاقىڭنى ھارۋىغا باسىدۇ، سەن خادىكىنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ، بالدىقىنى دەسسەپ، يۇمشاق گىلەم ئۈستىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرىسەن. ئويناق ئاتلار تومۇزدىمۇ شامال پەيدا قىلىپ ساڭا ئارام بېرىدۇ ۋە سىلىق يورغىلاپ ئىككى قاسىنقى قويۇق دەرەخلىك يوللار بىلەن ئېلىپ ماڭىدۇ. ئايرىلغىنىڭغا ئۈچ يىل بولغان يېزا يوللىرى ساڭا باللىق چاغلىرىڭنى، ياشلىق خاتىرەڭنى بىر يولىلا ئەسلىتىدۇ. يېزاڭنىڭ ئىللىق شامىلى، تونۇش پۇرىقى سېنى سېغىنغان ئانىدەك ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيىدۇ. ياپراقلىرى ئۇپىدەك توپىغا مىلەنگەن سۆگەت، جىگدە نوتىلىرى خۇددى سېنىڭ چۆرە-دېدەكلىرىڭدەك باش ئېگىپ تۇرىدۇ. يېشىل ياپراق، سېرىق، ھال گۈللۈك، تاۋۇز دۈمبىسىدەك يول-يول كۆرۈنىدىغان چەكسىز كېۋەزلىكلەر خۇددى



# ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە

1

ئېغىر چاق – توزاندىن بىرلىرى سەتلەشكەن، بىرلىرى چىرايلىق بولۇپ قالغان يولۇچىلار يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ئالدىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈشتى.

ئەمەنجان يالڭاياق توپا كېچىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشكۈچىلەرگە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى – دە، خوجايىن ئايالنىڭ «ھەممىدىن چىرايلىقى مېنىڭ ئوغلۇم شۇ!» دېگەن تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن يالاڭباش، چاقماق كۆڭلەككلىك يىگىتنىڭ ئالدىغا باردى.

– سىلى، نىجاتجان بولاملا؟ – دەپ سورىدى ئۇ ھودۇقۇپ تۇرۇپ.

– مەن نىجات! – يىگىت كۈلۈمسىرىدى ۋە

قىزاردى، نىجات قىزنى كىلەمگە ئولتۇرغۇزدى - دە، قىزدىقىش، زوقلىنىش نەزەرى بىلەن سىنچىلاپ قارىدى: قىز گۈزەل ئىدى، ئۇ ئېچىز كونا ياغلىق ئاستىدا خۇددى قويۇق ياپراقلار ئاستىدا ئېچىلغان، قاتلىرىدا شەبنەم يالتىراپ تۇرغان كەرسىز قىزىل گۈلگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. نىجات ساۋاقداشلىرى ئارىسىدىمۇ. ھەتتا ئۇرۇمچى، قەشقەر كوچىلىرىدىمۇ ئۇچرىتىپ باقمىغان ساھىبجامال قىزدىن كۆزىنى ھېچ ئالالمىدى.

— سىڭلىم، ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزنى «سىز»لەپ، قىز ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن كۆكسىگە قاراپ ئۈيىلىۋاتقاندەك قورۇنۇپ، بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى.

— ئىسمى گۈلسارە! — دېدى دادىسى جاۋاب بېرىپ، — ئۆيدىمۇ شۇنداق، گەپ قىلمايدۇ.

— ئوقۇغانمۇ سىز، سىڭلىم؟

— بەشىنچى سىنىپنى ئاران ئوقۇيالىدى، — يەنە ئەمەنجان جاۋاب بەردى، — ئوقۇتۇلى دېسەك، بۇ قىزىم بالىلىرىمنىڭ چوڭى، ئالتە ئۇكىسى بار، ئانىسى يالغۇزچىلىق تارتىپ ...

نىجات ھېسسىياتچان، خەيرخاھ، ئوچۇق پىكىرلىك يىگىت ئىدى.

— ئېسىت، ئېسىت! — دېدى ئۇ قىزغا ئېچىنىپ، — بۇ قىزنى قانداقمۇ ئۆي ئىشى، ئېتىز ئىشىغا زايا قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنداق چىراي، بۇنداق گۈزەللىك ئوقۇشتا، سەھنىگە، مىللىتىمىزنىڭ شان - شەرىپىگە سەرپ

ساڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك، يىراقتا سايرىغان كاككۇك سېنى كۈيلەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

ئۆزىنى ئاشۇنداق تاتلىق تۇيغۇ، شېرىن ھىسياتقا ئىگە قىلغان ھارۋىكەشكە ئىجاتىنىڭ زوقى كەلدى-دە:

— نېمانچە تېز، نېمانچە سىلىق ھەيدەيسىز؟ ئېتىڭىز نېمىدى ئاكا؟ — دېدى.

كىر كۆڭلەكلىك، گۈللۈك چىت بەلباغ باغلىغان. گەدەنلىرى كۆيگەن ھارۋىكەش ئۇنىڭغا قايرىلىپ، شالاڭ. سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى:

— ئېتىم ئەمەنجان، دادام رەھمەتلىك قورايچى ئىدى. ئەمەنجان دەپ ئىسىم قويۇپتىكەن، ئەمەندەك كۈن كۆرۈۋاتىمىز، ئەمدى.

— سىز كەنتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھارۋىكىشىمۇ. دادامىنىڭمۇ؟

— ئىككىسى بىر گەپ، سىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئادىمى بولۇپ قالدىم، ۋاھ، ۋاھ! ياندىق شوخراق، كۆۋرۈكتىن ئۆركۈيدۇ. ۋاھ، ۋاھ! بول، چىق قىزىم، ئۆيگە بارغىچە چىقىۋال، نېمىگە تارتىنىسەن، ئۆز داداڭ. ئۆز ئاكاڭ!

ھارۋا توختىدى، ھارۋىنىڭ كەينىگە بىلىكىگە كىچىك سېۋەت سېلىۋالغان بىر قىز ياماشتى.

— ما يەرگە، گىلەمگە چىقىڭ، سىڭلىم!

ئىجات قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ گىلەمگە تارتتى. قىز خۇددى گۇناھلىق ئادەمدەك يەرگە قاراپ ئۇچىسىدىكى ياماق چۈشكەن قىزىل ئەڭگىلىشىن كۆڭلەكىدەك

قارىسىڭىز، ئىچىدە زەي، تاقىر يەردىن باشقا ھېچنېمە يوق، ياپيالىڭاچ، ئۈستى - بېشى مەينەت بەش بالا كىر يۈزلىرىگە زىننەت بېرىپ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا، چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن كىرگۈچىگە مۆلۈلدەپ قاراپ تۇرۇشماقتا. ئېتىكى جۇل - جۇل، دولىسىغا ياماق چۈشكەن كۆڭلەك كىيگەن ئايال خۇددى «نېمىشقا ئۇياتلىق مېھمان باشلاپ كەلدىڭ؟» دەپ نارازى بولۇۋاتقاندەك ئېرىگە ئالىيىپ قارىماقتا.

— باللار نېمىشقا يالىڭاچ؟ — نىجاتنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى.

— ئۈچ ۋاخلىقىڭلارغا نېمە يەيسىلەر؟ — نىجات گۇناھكاردەك يەرگە قاراپ تۇرغان ئەمەنجاندىن سورىدى.

— ئاش - نان! — دېدى ئەمەنجان ئېغىر خورسىنىپ، — باللار ئىش قىلىپ، ئاچ قالمايدۇ.

— باللار ياخشى يېيىشى، خۇشال بولۇشى كېرەك. بولمىسا بۇلارنىڭ ئەقىل - ئىدرىكىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. ئەمەنجان ئاكا، باللار يەيدىغان ناندىن ئەپچىقىڭا!

ئەمەنجان ئايالىغا قارىدى، ئايالى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ خېلىدىن كېيىن بىر پارچە بازار نېنى ئېلىپ چىقىپ نىجاتقا سۇندى.

— ياق، بۇ بازار نېنى، ئۆيدە ياققان ناندىن ئەپچىقسىلا!

— مۇشۇ نان ئۆي نېنى يا!

قىلىنىشى لازىم ئىدى، ئىسسىت! زايا قىلىپسىز ئاكا!

نىجاتنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. قىز شۇ چاغدا نىجاتقا «لاپ» قىلىپ بىر قارىدى. ياق قارىمىدى، كۆز ئۇچقۇنلىرى بىلەن نىجاتنىڭ بەدىنىگە ئوت چاچتى. قىز ئۆتكۈر كۆز نۇرلىرى بىلەن نىجاتقا يۈرىكىگە تولغان ئارمان، ئەلەملىرىنى بايان قىلدى. نىجات قىزنىڭ بۇ قارىشىدىن ئارمان گۈللىرى سولاشقان، كۆز ئالدىدىكى كاتتا ئاقلىق يولدىن باشقا يولنى خىيال قىلىشتىن ئاللىقاچان توختىغان يۈرەكنىڭ نالىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ خۇددى قىزنىڭ پۈتۈن ھال - مۇڭىنى ئاڭلاپ بولغاندەك ھەسرەت چەكتى - دە، ئاشىقىغا ئىنتىزار ئادەمدەك ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى.

— بىزنىڭ ئۆيگە كەلدۇق! — دېدى ئەمەنجان ئىككىنچى قېتىم ھارۋىنى توختىتىپ، — قېنى قىزىم، چۈشكىن!

— مەنمۇ چۈشەي! — دېدى نىجات ھاياجان بىلەن، — قىزنى ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن مەھرۇم قىلغان ئۆينى بىر كۆرەي!

## 2

بۇ قانداق ئۆي؟ ھويلىنىڭ پاكار كۆملاچ تاملىرىغا جۇل - جۇل، مەينەت يوتقان - كۆرپىلەر، توغرىراقى، بىر پۇلغا توختىمايدىغان لاتا - پۇتا ئارتىلغان، ئىپىتى ئۆڭكۈرىدەك كۆرۈنىدىغان ئۆي ئىشىكىدىن

— قېنى، ساڭزا - پوشكال!؟
— ھېيت قىلالمىدۇق، ئۇكام ...
نىجاتنىڭ لەۋلىرى تىترىدى. ئۇ خۇددى بىرسى-نى سوراققا تارتىۋاتقاندەك ۋارقىراپ سۆزلىدى:
— باللار نەدە ياتىدۇ، ھويلىدىمۇ؟ قىشتىچۇ؟ ئۆيۈڭلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن يۇلتۇز كۆرۈنىدۇ، تاملىرى لېمانداق ئۆتمۈتۈشۈك؟ نېمىشقا سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە يېڭى سىياسەتنىڭ نۇرى چۈشمىدى؟
— مىڭ قەتلى شۈكرى! — دېدى ئەمەنجان كۈلۈپ قويۇپ، — يېڭى سىياسەتنىڭ كۈچى بىلەن كونا قەرزلەردىن قۇتۇلدۇق، بۇ يىل 18 مو يەرگە بۇغداي، قوناق تېرىۋىدۇق، خۇداغا شۈكرى، 6500 جىڭ بۇغ-داي ساتتۇق، كېۋەزمۇ يامان ئەمەس، ئوڭلىنىپ قالىمىز، ئۇكام.
— يەنە قانچىلىك قەرزىڭلار بار؟
— 300 كويدەك قالدى.
— مۇشۇ تۇرمۇشقا رازىمۇ سىلى؟ نېمىشقا گۆش-مايسىز، باللار يالىڭاچ، ئۆيىمۇ قۇپقۇرۇق تۇرسا، يەنە شۈكرى دەيلا؟ سىلىگە باي ئائىلىلەر قاراشامدۇ؟ مېنىڭ دادام ئۆيلىرىگە بىرەر قېتىم كېلىپ كۆردىمۇ؟
— جامال شۇجى جىق ياردەم قىلدى، — دېدى ئەمەنجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھالىمىزغا يېتىمدۇ. ئۆيى-مىزگە كەلگىنى بىلەن ياخشىلىقى كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.
— دادام پارتىيە ئەزاسى، ياچېيكا شۇجىسى، سىلەردەك ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى،

— ياق، راست گەپ قىلىسىلا.
شۇ چاغدا بالىلارنىڭ چوڭى — ئون ياشتىن ئا
قان ئوغۇل ئۆيگە كىرىپ بىر زاغرا كۆتۈرۈپ چىقتى
نىجات بالىدىن زاغرىنى ئېلىپ بىر بۇردا ئۇشتۇپ يېدى
لىمان يىرىك ۋە تەمسىز ئىدى.
— ئۈچ ۋاخلىقنىلارمۇ شۇمۇ؟
— ياق، ئاش ئىچىمىز.
— نەچچە ۋاخ؟
— ئىككى ۋاخ.
— گۆش - يېغى بارمۇ؟
— يوق.
— چامغۇر - پۇرچاقلىرىچۇ؟
— ئۇ نېمىلەرمۇ يوق ...
ئەمدى ئەمەتجاننىڭ ئايالى تارتىنماي جاۋاب
بەرمەكتە ئىدى. ئۇ خۇددى بىر قۇتۇلدۇرغۇچىغا يولۇق
قاندەك ھال ئېيتىشقا باشلىدى:
— خۇدانىڭ سۆيى، خېمىر، تۇز! بالىلار مۇشۇنىڭغىمۇ
خۇشال بولىدۇ.
— تېخى روزى ھېيت ئاخىرلاشمىدى، — دېدى
نىجات ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — مەن ھېيتلايمەن.
قەيەردە ئولتۇراي، قېنى ئەمسە، ماڭا داستىخان سېلىڭلار.
ئەمەتجان ئۆيدىن بىر جۇل - جۇل شىرداق
ئېلىپ چىقىپ قاپقارا ئىسلاشقان ئوچاقنىڭ ئالدى
غا سالدى - دە، نىجاتنى تەكلىپ قىلدى. لېكىن نى
جات ئولتۇرمىدى.

بېشىنى سىلاپ، — كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار، ئوماقلىرىم.

بالىلار دۇنياغا كېلىپ تۇنجى قېتىم پۇل تۇتقان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ھويلىدا قىيقىتىشتى: نىجات زاغرىدىن بىر پارچىنى قەغەزگە ئوراپ يانچۇقىغا سالدى — دە، مۇشۇ خارابى ئۆيدە چوڭ بولغان گۈزەلنى ئىزلەپ ئەتراپقا قارىدى، گۈلسارە ھېچنەدە كۆرۈنمىدى. دېمەك قىز نومۇس قىلغان، ئازابلانغان.

ئۇ نەدىكىن، ئۇ ھازىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن.

3

نىجات بۇنىدىن ئۈچ يىل بۇرۇن كەلگىنىدە يېڭىدىن سېلىنغان بەش ئېغىزلىق ئۆي ھازىر ياشلىق گۈزەللىكىنى ئۆز قىزىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئانىغا ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇ يەردە قازناق، يېپىقلىق ھويلىسىدا خىزمەتچىلەر بىلەن يېزىلىقلارنىڭ پاراڭلىرى تۈگىمەيدىكەن. ھويلا بىلەن سىرلانغان سالاسۇن ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان مېۋىلىك باغدا ئىيۇن ئېيىنىڭ غۇرۇرى بولغان جانانە ئۆرۈكى شاخلار ئارىسىدا مارجاندەك يالتىراپ — قىزىرىپ تۇرۇپتۇ. باغقا قارىتىپ يېڭىدىن خىش بىلەن سېلىنغان ئۈچ ئېغىزلىق، ئاستى-ئۈستى تاختايلىق يېڭى ئۆي پېشايۋىنىغا ياماشقان ئۈزۈم، پېشايۋان ئەتراپىدىكى ھەر خىل گۈللىرى بىلەن تويغا ياسانغان قىزدەك كۆركەم تۇرۇپتۇ. نىجاتنى ئاتىسى شۇ ئۆينىڭ ئالدىدا كۈتۈۋالدى، ئانىسى شۇ

دادامنىڭ 100 مىڭ يۈەنلىك ۋەجى بار، سىلەرگ ئېمىشقا پۇل، كىمگىز، مال، ئاشلىق ياردەم قىلمايدۇ؟

— ھەر ئايدا 40 كويدىن پۇل بېرىۋاتىدۇ - يا.

— ئۇ سىلىنىڭ ئىش ھەققىلىرىدۇ؟

— شۇمۇ ياردەم.

ئېھ، قانائەتچان دېھقان، تۇرمۇشنىڭ لەززىتى بىرلا خاتىرجەملىك دەپ قارايدىغان سادda ئادەم! بۇ دۇنيادا ئىنسان بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك راھەت - پاراغەتنىڭ تۈرلىرى نەچچەمىڭ، نەچچە مىڭ! سېنىڭ مۇنۇ پاكار جىگدىلەر ئارىسىدا مۇساپىر مومايدەك مۆكۈلىنىپ ئولتۇرغان پاكار، قاراڭغۇ ئۆيۈڭگە نېمە ئۈچۈن نەچچە مىڭ خىلنىڭ بىرەرسى يولاپ قويمايدۇ؟ باشقىلارنىڭ باللىرى پاكىز، توق؛ ئۇلار كىچىك تۇرۇپلا چەت تىل، ئىلىم - بىلىم ئۆگەنمەكتە، تەبىئەت، جەمئىيەت سىرلىرىنى بىلىشكە قىزىقماقتا. سېنىڭ مۇنۇ توپىغا مىلەنگەن يالىڭاچ باللىرىڭ بولسا نان غېمىدە. ئۇلارنىڭ مۆلۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرى مايلىق، ئىسسىق تاماققا ئىنتىزار. ئۇلار ياخشى كىيىشنى، ساياھەت قىلىشنى، ئويۇن كۆرۈشنى ئارزۇمۇ قىلمايدۇ. بەخت مانا مۇشۇلارغا تازا زۆرۈر ئىدى، لېكىن قېرىشقاندەك بەخت بۇلاردىن بۇتنۇۋالغان.

نىجات شۇلارنى ئويلىدى - دە، يانچۇقىدىن بىر يۈەنلىك پۇللارنى چىقىرىپ باللارغا بىردىن تۇتقۇزدى.

— سىلەرگە ھېيتلىق! — دېدى ئۇ باللارنىڭ

ئالدىرايتتى.

— بىرئاز ئارام ئېلىۋالامسەن - يا؟

— ياق دادا، چارچىمىدىم.

— ئۇنى - بۇنى كۆرەمسەن - يا. يېڭىلىق كۆپ، ھەممىنى ساڭا خەت بىلەن يېزىپ بولغىلى بولمىدى. ئەمدى كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىن، ناھىيىدىن، ۋىلايەتتىن ئالغان تەقدىرنامىلەر ئەنە، ئاۋۇ تۆۋەندىكىسى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن بېرىلگىنى، ئاۋۇ 400 نەچچە كويلۇق ئۇن ئالغۇنىمۇ مۇكاپاتقا بەردى.

نىجات ھەممىگە سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ كۈلۈپ قويدى.

— قانداق؟ — دېدى جامال ئوغلىنىڭ كۈلكىسىدىن خۇشال بولۇپ، — ئۆيىمىز شەھەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاپتىمۇ؟

— ئېشىپ كېتىپتۇ دادا، بۇنداق تاختايلىق ئۆيلەردە ھازىر نازىرلارمۇ ئولتۇرالمايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى جامال ئۆز ئىشىدىن پەخىرلىنىپ، — ساڭا ئاتاپ كۆل بويىغا تامامىلا ياغاچتىن ئىككى قەۋەتلىك ئۆي ياساتسەن، خانىمىڭ بىلەن كېلىسەڭ ئولتۇرىسەن، بالام.

نىجات قىزىرىپ يەرگە قارىدى:

— نېمە دەيدىغانلا، دادا!

— قىزارغىنىنى، قىزمىتىكى؟ ئۆيلىنىسەن، بالىلىق بولىسەن، سىلەرنى دەپ دۇنيا توپلاپ، پۇل يىغىۋاتىمىز - يا، ئاناڭ نەۋرىنىڭ جىدىلىنى قىلغىلى نەۋاخ!

يەردە ئېسلىپ تۇرۇپ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئاتا - ئانىسى، ئۈچ ئۆكىسى مۇشۇ بىنانىڭ خىلمۇ خىل ئۇستەل، كامۇت، ئىشكاپ، دىۋان، گىلەم - زىلچىلار بىلەن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسىدا تۇنجى ئوغلى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ بولغان نىجاتنى خۇشال ھالدا ئورۇۋېلىپ خىلمۇ خىل مېۋىلەر، يېمەكلىكلەر بىلەن كۈتۈشتى. لېكىن نىجات خىيالچان، كەمسۆز، ئىشتىھاسىز ئىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا ھازىرلا سويۇلغان بەررى ئوغلاق جىگىرىنى پىياز، دورا - دەرمەك بىلەن چاۋامايغا ئوراپ پىشۇرغان ئەتىۋارلىق مېھمان تامىقى ياغ بەررى ئېلىپ كىرگەندىمۇ، دادىسى شورلۇق يەرنىڭ ئوتىنى يېگەن، قىرقىلمىغان ئوغلاقنىڭ مەززىلىك گۆشىدىن نان ئۇستىگە قويۇپ، ھۆرمەتلىك ئوغلىغا «ئۇچا» تارتقاندىمۇ نىجات پەقەتلا كۆڭۈل ئۈچۈنلا غىزاغا ئېغىز تېگىپلا قويدى. ئانىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى:

— ساقسىزمۇ سەن بالام نېمە؟

— ياق ئاپا، ساقمەن.

دادىسىنىڭ ئەندىشىسى كۈچەيدى:

— بىرسىدىن خاپىمۇ سەن، بالام؟

— ياق دادا، ناھايىتى خۇشالمەن.

كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سىردىشى بولۇپ كەلگەن ئوغلىنى يېڭىلىقلار بىلەن تېخىمۇ خۇش قىلىش كېرەك. جامال شۇجى ئوغلىغا ئىگىلىكىنى كۆرسىتىشكە، بايلىقى بىلەن پەخىرلىنىشكە

— رەڭلىك تېلېۋىزور، رادىئو ...

باللار ئۆز بايلىقى بىلەن ماختىنىۋاتقاندا ئەمەنجاننىڭ يالىڭاچ باللىرىنىڭ كۆز مۇنچاقتەك قاپقارا كۆزلىرى ئىجاتنىڭ خىيالىدىن گۆتتى.

دادىسى ئوغلىنى ئويناپ تۇرىدىغان ئاتقا مىندۈردى - دە، ئۆزى ھەمراھ بولۇپ چەكسىز كەتكەن توغراغلىق، يايلاقلارنى ئارىلىدى، ئىجات دادىسىنىڭ 70 — 80 مىڭ بېلىقى بار، قويۇق قومۇشلۇق بېلىق كۆلىنى، تۆت قوروغا ئايرىلغان 600 تۇياق قويىنى، مال بېقىۋاتقان، كېۋەز ئوتاۋاتقان، ئورمانلىقتا شاخ چاتاۋاتقان، خامان تېپىۋاتقان، خۇمدانلاردا خىش پىشۇرۇۋاتقان خىزمەتچىلىرىنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆكسى - قارنى ئېچىلىپ ئۆز ئاتىسىنىڭ چېۋەرلىكىگە، بايلىقىغا قايىل بولدى.

— دادا، — دېدى ئۇ ئاتتا سىڭايان ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، — راستلا باشلامچى بولۇپ بېيىپلا جۇمۇ، باشلامچى بولۇپ بېيىش بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ، بولۇپمۇ سىلىدەك بىر كەنتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى، مەنمۇ مەكتەپتە پارتىيىگە كىردىم، بىز دادا - بالا، شۇنداقلا بىر پارتىيىنىڭ ئەزاسى، بىز ھەم يولداش، شۇڭا دادا، سىلىگە مەسلىھەت بېرىپ قوياي: تېخى بېيىيالمايۋاتقانلارغىمۇ يار - يۆلەك بولۇپ قويسىلا، بىرەرمىڭ كوي، 5 - 6 قوي، بىرەرمىڭ جىڭ ئاشلىق دېگەننىڭ كۆزىگە قارىمىسىلا،

نىجات يەركە قاراپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىدىن گۈللارنىڭ يالڭاياق پۇتلىرىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرغان نومۇسچان قىياپىتى يالت قىلىپ ئۆتتى.

دادىسى ئۇنىڭغا يېڭى سېتىۋالغان «جېيفاڭ» ماركىلىق ماشىنىسى بىلەن «دۇڭفاڭخۇڭ — 28» ماركىلىق تراكتورى تۇرۇۋاتقان ئارقا قورۇنى، نەچچە يۈز كەپتەرلەر بۇغۇلدىشىپ يۈرگەن، كەڭرى مال قورۇسىدا بوردىلىۋاتقان 24 تۇياق چوڭ كالىسى بىلەن 40 تۇياق قويىنى كۆرسىتىپ ماختاندى:

— ماشىنا بىلەن تراكتور بىر يىلدا 15 — 20 مىڭ كوي كىرىم قىلىدۇ. كالىلارنى 300 كويدىن 600 كويغىچە، تازا مال باھاسى چۈشكەندە ئەرزان سېتىۋالدىم. كۆزگىچە باقىمەن، كۆزلۈككە ھەر بىرسى 1000 كويدىن 1500 كويغىچە باھاغا يارايدۇ. نېمە، يەم - خەشەك دەمسىنا؟ كۆنجۈرە ماي زاۋۇتىمىزدىن، ئوت - چۆپ، سامان - پاخال ئۆز ئېتىزىمىزدىن چىقىدۇ. 30 مىڭ جىڭ بۇغداي، 20 مىڭ جىڭ قوناق، 7000 يۈەنلىك كېۋەز، قوغۇن، تاۋۇز، ئوتياش بولۇپ ...

نىجاتنىڭ ئۈكىلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىۋالغان، ئىنىسى ھەدەپ قوشۇمچە قىلىپ ماختىناتتى:

— ئىككى سەيپۇجى بار، بىرسى 15 ئات كۈچى، يەنە بىرسى 24 ئات كۈچى ...

سىڭلىسى قوشۇمچە قىلدى:

دىم، ئۈن، گۈرۈچ، گۆش ـ ياغ، ئۇنياش ئۆزىمىزدىن بولغانلىكىن ئۇقىتىمىز ياخشى بولار ئىدى. كەمبەغەللەر-دىن بىرنەچچىنى ئاشخانىغا ئىشقا تىقساقمۇ هال ـ ئوقىتى ياخشى بولۇپ قالار ئىدى.

— ئاھىيىنىڭ يېڭى شۇجىسى بىلەن مەن ياخشى دوست، — دېدى نىجات خۇشال بولۇپ، — ئورۇن توغرىلىق مەن سۆزلىشىپ كۆرەي، ئاشخانىلا ئەمەس، ھېلىقى ماڭا سالدىغان ئىككى قەۋەت ئۆينىمۇ بازارغا سالدى. مېھمانخانا، مۇھىمى مۇنچا، ئاشخانا قاتارلىقلارنى بىراقلا قۇرايلى، قەددىمنى چوڭراق تاشلايلى. بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە، دادا!

— بەلەن، ـ بەلەن، بالام. بىكار ئوقۇماپسەن جۇمۇ، مېنىڭ ئەقلىمگە ئۈچ يىلدىن كېيىن كېلىدىغان ئىشلارنى بىردەمدىلا ئويلاپ بولدۇڭ، ماقۇل يولداش نىجات، سىلى دېگەندەك بولسۇن!

نىجات كەچتە ئىشتىھا بىلەن غىزا يېدى. ئاتا ـ ئانا خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتمىدى، لېكىن ئۇلار ئوغلىنىڭ يېڭى بىر كېسىلىنى تېخى بىلمىدى؛ ئوغلى لېمىشقىدۇر، بۇگۈن كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

4

ئوغۇل ئارزۇسى، ئاتىسىنىڭ مۇرادى، مېۋىلەر ئۈچۈن شاخلار ئېگىلىدۇ، خەمەك ئۈچۈن پىلەك قۇرۇيدۇ. ئاۋادات ئۈچۈن توپراق ھالسىرايدۇ. ھاياتلىق

پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى پۈتۈن دۇنيادى-
كى ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىپ، دۇنيادا كوممۇنىزمنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش، زاغرىدىن ئازاد بولالمىغان، قەرز-
دىن قۇتۇلالمىغان، گۆش - ماي كۆرمەيدىغان، بالىلى-
رى يېلىڭ - يالىڭاچ دېھقانلارمۇ باردۇ - ھە؟ شۇ-
لارنى «ئازاد» قىلغاچ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىسىلا!

جامال ئوغلىنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇ خېلىدىن
بېرى بۇ خىل سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان، ئۆزىمۇ باشقىلار-
غا بۇ خىل گەپلەرنى خېلىدىن بېرى قىلىپ باقمىغان.
ئۇنىڭ خىيالى 300 مىڭ، 500 مىڭ، ھەتتا بىر
مىليون يۈەن پۇلى بار دېھقانلارغا يېتىشۋېلىش، ئۇلار-
دىن ئۆتۈپ كېتىش، ھازىرقى ۋەجى بۇرۇنقى بىر باي
شياۋدۇيىنىكىدىن كۆپ، لېكىن بۇرۇنقى باي دادۇيىدىن
ئاز. ئۇ باي دۇيىنىڭ، باي گۇڭشېنىڭ، ھەتتا بىر
ناھىيىنىڭ ئومۇمىي بايلىقىچىلىك بايلىققا ئىگە بولۇشى
كېرەك. جامال مانا مۇشۇنى ئويلىغان، لېكىن زاغرى-
دىن، قەرزدىن قۇتۇلالمىغان دېھقانىنىڭ بارلىقىنى ئۇ
بىلمەيدۇ، بار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى «ئازاد»
قىلىشنى ئۇ ئويلاپ باقمىغان. شۇڭا بۈگۈن ئوغلىنىڭ
گەپلىرى ئۇنىڭغا يېڭى تۇيۇلدى. ئۇنىڭ يۈرەك تارلى-
رىنى تىترەتتى. ئۇ خىجالەتتىن پېشانە تەرىنى سۈرتتى.

— ئوبدان دېدىڭ، بالام. شىزنىڭغا ئىشتىھايىڭ
تۇتۇلغان ئىكەن - دە، ئەمەمجان ھال ئېيتقان ئوخشىما-
دۇ؟ بولىدۇ، مەن تەكشۈرۈپ كۆرەي، ياردەم قىلاي.
بالام. ناھىيىدىن تورۇن بەرسە، ئاشخانا ئاچاي دېۋې-

ۋېلىپ، بىر نەچچە دوستى بىلەن دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ كاككۇكتەك قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈردى. لېكىن ئاخشاملىرى ئۇ غەمكىن، خىيالچان، كەمسۆز بولۇپ قالاتتى، تۈن بويى بولسا ئۇيىقىسى ئۆرۈلۈپ – بۇيىقىغا ئۆرۈلۈپ تۈزۈك ئۇخلىيالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، جانانىدەك سۈزۈك يۈزى سارغىيىپ قالدى. ئاۋۋال ئانا بۇنى بايقىدى. بىر كۈنى چۈشلۈكى ھېلىدىن – ھېلىغا ئۇھ تارتىپ دىۋاندا ئېغناپ ياتقان ئوغلىنىڭ يىرىك چاچلىرىنى ئوپناپ ئولتۇرۇپ ئانىسى ئىنجاتتىن سورىدى:

— بىر دەردىڭ بارمۇ، بالام؟

— ياق ئانا، نېمە بولدى؟

— ئۇيقۇڭ يامان، يېگەن – ئىچكىنىڭ ھېچ چىرايىڭغا چىقمايۋاتىدۇ – يا؟

— تىنچىق، كۆرۈپ تۇرۇپلا، كېچىچە تەرلەپ – پىشىپ چىقىمەن، ئانا.

لېكىن سىنچى ئانا بۇ جاۋاب بىلەن قانائەت قىلمىدى. ئۇ ئوغلىنى تېزراق ئۆيلەش كويىغا چۈشتى.

ئۇ بىر كۈنى ئىنجاتنىڭ ئاغىنىسىدىن:

— پۈتۈشۈپ قويغان لايىقى نەدىكەن، سوراپ باقسىلا، قانچىلىك دۇنيا كەتسىمۇ ئەكەلدۈرەيلى، — دەپ سورىدى.

ئاغىنىسى لايىقى يوقلۇقىنى ئېيتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئانىنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. مانا بۈگۈن كەچ ئوغلى ھارغىن ئەمما خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

ئۇچۇن مۇزلۇق چوققىلار ئېرىيدۇ. جانلىقلارچۇ؟ با
ئۇچۇن كىچىككىنە غورالداي ئۆزىدىن نەچچە يۈز ھە
ـسە قاۋۇل، ۋەھشىي بولغان ئىنسانغا ھۇجۇم قىلىدۇ.
نىجاتنىڭ ئارزۇسى ئۇچۇن جامال مۇھەممە
ـتنېمىسىنى ئايىسۇن؟ ئوغلىنىڭ كۆڭلى ئۇچۇنلا ئۇ دېگ
ىنىنى قىلدى. ياچېيكا يىغىنىدا 2000 يۈەن نە
پۇل، 200 جىڭ ئاشلىق ئاجرىتىپ قىيىنچىلىقى با
ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىشنى ئېلان قىلدى. بىر ھەپ
تىدىن كېيىن ئۇنىڭ مەردانىلىقى ئېغىزلاردا سۆزلەندى
گېزىتلەرگە يېزىلدى، رادىئولاردا ئاڭلىتىلدى. 7 - ئايـ
نىڭ 1 - كۈنى تەقدىرلەنگەن «نەمۇنىلىك پارتىيـ
ئەزالىرى» قاتارىدا جامال مۇھەممەتنىڭ ئىسمى تىزىمـ
ىنىڭ بېشىغا يېزىلدى ...

ئەمدىكى ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىككى ناھىيە خەلقىگە
چاي قۇيۇپ ئوغلىنىڭ توينى ئۆتكۈزۈش بولۇپ قالـ
دى. ئۇ تەرەپ - تەرەپكە ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى، ئاخىر
يىراق بىر يېزىنىڭ پارتكوم شۇجىسىنىڭ قىزى
ئۇنىڭ دىتىغا ياقتى، قىز چىرايلىق، ئالىي مەلۇماتلىق
ئوقۇتقۇچى ئىدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ جامال
مۇھەممەتنىڭ ئوغلىنى كۈيئوغۇل قىلىشقا تېزلا رازى
بولۇشتى. ئەمدىكى گەپ نىجاتتا قالدى.

نىجات بىر مەھەل خۇشال يۈردى. بولۇپمۇ
كەمبەغەللەرگە ئۆز قولى بىلەن پۇل تارقىتىپ ھال
سوراپ يۈرگەن كۈنلىرى تولىمۇ خۇشال، ھاياجانلىنىپ
يۈردى. ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىمۇ باغقا گىلەم سېلىـ

ھەيرانلىقتا قاراپ، — ۋايىيەي، شۇمىدى؟ ئۇنى ئال-
ساڭمۇ ئال ئىگەكسىم، كىمگە بېرىسەن ئۇنى؟
— ئەمەنجان ئاكىنىڭ بالىلىرى داق يەردىلا
ياتىدىكەن، شۇلارلى ئويلاپ كېلىمىدىن غىزا ئۆتمەيۋا-
تىدۇ، ئانا.

چۈشتىن كېيىن نىجات كىگىز ۋە كونا يوتقان-
كۆرپىلەرنى بېسىپ، ھارۋىنى ئۆزى ھەيدەپ ئەمەنجان-
نىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى.

ئەمەنجاننىڭ بالىلىرى بىر قۇردىن كىيىم كىيگەن.
ئۇلار نىجاتنى كۆرۈپ ھارۋىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.
نىجات ئۇلارغا بىر سېۋەت جانانە ئالغاچ كەلگەن.
بالىلار سېۋەتنى كۆتۈرۈپ پاكار جىگدىلىك باغقا يۈگۈ-
رۈشتى، نىجات ھاياجانلانغان، ھودۇققان، ئۇنىڭ
قوللىرى تىترىدى، يۈرىكى تېپچەكلىدى. ئۇنىڭ كۆزى
يېڭى سۇۋالغان ئۆينىڭ ئىشىكىدە، ئۇ گۇلسارىنى كۆ-
رۈشكە ئىنتىزار ئىدى: «ھېسسىياتنى يوشۇرۇش — ئۆزى-
نى ئالداش، مەن بۈگۈن قىزغا ئېيتىمەن، مەن ئۇنىڭ-
غا ئاشىق، مەن ئۇنى ئېلىپ يىراق شەھەرگە كېتىمەن.
ئۇ ماڭا بۈگۈن رازىلىق بېرىشى لازىم» دەپ ئويلىدى ئۇ
كۆزىنى ئىشىكتىن ئۈزمەي يۈتىلىپ قويۇپ، بىراق
نە قىز، نە ئانا كۆرۈنمىدى. ئۇ ھارۋىدىكى كىگىز-
كېچەكنى چۈشۈرۈپ ئۆيگە توشۇشقا باشلىدى. ئۇ تەقەز-
زا بولۇپ كىگىزنى ئېچىپ داق يەرگە سېلىۋاتقاندا
كەينىدىن ھاياجانلىق كۈلكە ئاڭلاندى.

— ئاللا، بۇ نېمە كارامەت! ھى ... ھى ...ھى! ...

— نەلەردە يۈردۈڭ، بالام؟ — ئانا خۇشال بولۇپ سورىدى.

— بۈگۈن قىزىل ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئىشلىدىم.

— نەدە، بالام؟

— ئەمەنجاننىڭ ئۆيىنى سۈۋاپ، ياساپ بەردۇق.

— ئوبدان قىپسەن، پۈتتىمۇ؟

— ياق ئانا، ئەتە يەنە ئىشلەيمىز! — نىجات يالغان ئېيتتى، ئۆي پۈتكەن ئىدى.

ئانا كۆردى: نىجات بۈگۈن خۇشال، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتلۇق، ئاۋازى ھېسسىياتلىق، جۇشقۇن ئىدى.

— بۈگۈن خۇشال ئوخشايسەن، بالام. كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلغىنىڭغا خۇشمۇسەن؟

— ھەئە، ئانا!

ئانا ئوغلىنى خۇددى بۇۋاق ۋاقتىدىكىدەك ئەركىلەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— كىچىككىنىلا خەقنىڭ ئىشىغا ئامراقتىڭ، ئەمدى پارتىيە ئەزاسى بولۇپسەن، كىشىنىڭ ئىشىنى قىلىپ تېخىمۇ خۇشال بولىدىغان بوپسەن - دە.

نىجات ئانىسىنىڭ مېھرىبان قولىنى تۇتۇپ يىلىندى:

— ئانا، مېنى خۇش قىلىشنى خالامسەن؟

— خالىمامدىمكى، ھى، دەۋاتقان گېپىنى.

— ئۇنداق بولسا ماڭا تۇتۇلغان كىگىزدىن ئىككىنى، ئىككى يوتقان، ئىككى كۆرپە بەرگىن ئەمسە.

— نېمە قىلىسەن، بالام؟ — دېدى ئۇ بالىسىغا

چىقىپ قىزغا يەنە قول سوزدى. قىز باغقا چىكىندى.

— ئاۋۇ ھارۋىدىكى ئورۇن — كۆرپىلەرنى ئۆيگە ئەكىرگىن، گۈلسارە! — قىز كۈلۈپ قايرىلىپ قاراپ قويدى.

قىز يوتقان — كۆرپىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. نىجات ئۇنىڭ كەينىدىن كىردى — دە، قىزنىڭ ئاۋۋال قولىدىن، كېيىن نازۇك بېلىدىن تۇتۇشقا سازاۋەر بولالىدى، قىز تېپچەكلىمىدى، غالىلداپ تىترىدى، ئۇ مۇھەببەت يالقۇنىدا ئېرىگەن؛ ئۇنىڭ روھىمۇ، جىسمىمۇ ھازىر يىگىتنىڭ قۇچىقىدا ئۆز — ئۆزىنى باشقۇرۇشتىن مەھرۇم بولغان، ئۇ پۈتۈن ئىختىيارى بىلەن تۈنجى مۇھەببەتنىڭ بەختلىك ئەسىرىگە ئايلانغان ئىدى. نىجات ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن سىلىق كۆتۈرۈپ كۆزىگە قارىدى. قىزنىڭ نېپىز، نوماق لەۋلىرى گۈلگە يېڭى قونغان كېپىنەك قانىتىدەك تىترەيتتى، قىزنىڭ كۆزلىرى سۈزۈك ئاخشام ئاسمىنىدا تۇنجى پەيدا بولغان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، سىرلىق ئىدى، نىجات ھاياجان بىلەن خۇددى ئىلھامى كەلگەن شائىردەك كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى ۋەزىن بىلەن بايان قىلىشقا باشلىدى.

— گۈلسارە، مەن سېنى ئاجايىپ ياخشى كۆرۈمەن. كەلگەن كۈنىمدىن باشلاپ سېنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم، بىلەمسەن، سېنى ئويلىمىغان بىرمۇ مىنۇت يوق، سەن مېنىڭ، مەن سېنىڭ، سەن مېنىڭ جېنىم، مەن سېنى ئېلىپ كېتىمەن، رازىمۇ سەن، گۈلسارە؟

قىزنىڭ كۈلكىسى يىگىتنىڭ قۇلىقىغا شۇنچىلىك يېقىملىق ئاڭلاندى، نىجات بۇ خىل كۈلكىنى تۈنجى قېتىم ئاڭلىماقتا. بۇ كۈلكە ئەمەس، بىر ئېلېكترونلۇق مۇزىكا، مۇزىكا بولغاندىمۇ بىۋاستە بېرىپ يۈرەكنى تىترىتىدىغان سىرلىق مۇزىكا ئىدى، نىجات كەينىگە قايرىلدى:

— گۈلسارە! — دېدى ئۇ بۈگۈن بۆلەكچىلا چىرايلىق كۆرۈنگەن 17 ياشلىق زىلۋا قىزغا قاراپ ھاياجانلىنىپ، — نېمانچە چىرايلىقسەن، ھويلىدا كىم بار؟

قىز يىگىتكە «لاپ» قاراپ قويۇپ لەۋلىرىدەك قىزاردى - دە، يەرگە قارىدى. بۈگۈن ئۇ پۇتىغا يېڭى ئاياغ، يېڭى كۆڭلەك كىيگەن، خۇددى سەھنىگە ياسىنىپ چىققاندەك خۇش پىچىم، نازلىق ئىدى.

— سەنلىسەم خاپا بولامسەن؟ — نىجات قىزغا يېقىنلاشتى، قىزلارنى «سەن» دېيىش بۇ يەرنىڭ ئادىتىدە ئەيىبلىك بولمىسىمۇ ئەتەيلەپ سورىدى. قىز كەينىگە داجىدى. ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرى بويىنىدىكى كەھرىۋا مارجان ئۈستىدە تىنىمسىز تىترەپ ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى.

— نېمىگە قاچىسەن، گۈلسارە؟ — نىجات قولىنى سوزدى، قىز ھويلىغا چېكىندى، نىجات ئېھتىياتنى ئۇنتۇدى، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئۆيلىرى يىراق - يىراق، قولۇم - قوشنىلار كىرمەيدۇ. بالىلار ئۆرۈك بىلەن، ئاتا - ئانا ئېتىزدا. نىجات قىزغا ئەگىشىپ ھويلىغا

ئەتىگەنلىكى ئۈستى چىرايلىق يېپىلغان «جىيفاڭ» ماشىنىسى جامال مۇھەممەتنىڭ چىرايلىق كېيىنگەن، ھەممىسلا قول سائىتى تاقىغان بالا ـ ۋاقىسىنى ئېلىپ يىراق يېزىغا قاراپ يولغا چىقتى. جامال مۇ-ھەممەت ئايالى بىلەن كابىنكىدا ئولتۇرۇپ ئەگرى قاشلىرى ئاستىدىكى خۇمار كۆزلىرىنى ئويناتسىپ ئايالىغا شۇنداق دېدى:

— قۇدىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر جۇمۇ، بىزنىڭ نىجات ئەھۋالدىن قارىغاندا، ناھىيىمىزگە ھاكىم بولارمىش، ياش، ئالىي مەلۇماتلىق، ئەقىللىق يىگىتلەرنىڭ ھازىر بازىرى ئىتتىك. قۇدا ئۆزى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجى-سىگە پىكىر قىلىپ قويغان ئىكەن. شۇجى ئورۇم-چىگە بېرىپ بىزنىڭ نىجاتنى ئالماشتۇرۇپ كېلىدىغان بوپتۇ.

— بالا سىلىنى دورىدى جۇمۇ، — دېدى ئايالى خۇشال بولۇپ، — سىلىمۇ 24 ياشلىرىدا شۇجى بولغان، مانا 26 يىلدىن بېرى شۇجىلىقنى بەرمەي كېلىۋاتىدىلا.

— مەن كىم، نىجات كىم؟ — دېدى جامال مۇ-ھەممەت خاپا بولۇپ، — دېگەن گېپىنى، نىجات كەلگۈسىدە ۋىلايەتكە، ئاپتونوم رايونغا باشلىق بولىدۇ.

— شۇڭا كېلىن تاللىدۇق ـ دە، چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقسىمۇ ئايالكەن دېگۈچىلىكى بولمىسا بولماس ـ ھە؟

جامال مۇھەممەت بىر نېمە دېمەكچى ئىدى،

قىز بېشىنى ئېگىتتى. يىگىت بۇنىڭغا قانائەت قىلماي خۇددى تىرىك يېۋىتىدىغاندەك ئاچكۆزلۈك بىلەن قىزنى سۆيدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قىزنىڭ كۆز، يۈز، لەۋ، بويۇنلىرىنى ئالا قويمىدى. ئۇ يەنە سورىدى:

— رازىمۇ سەن، گۈلسارە؟ مەن سېنى ئوقۇتىمەن. بىز ئۆمۈر بويى بىللە بولىمىز.

— ئاتا - ئانىلىرىدىن سورىسىلا! — دېدى قىز ئاخىر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — بىزدەكلىنى يارىتامدۇ؟ ...

— يارىتىدۇ جېنىم، ئۇلار مېنى خاپا قىلمايدۇ! — ئۇ قىزنى قايتا قۇچاقلىغاندا ھويلىدىن يېنىك يۆتەل ئاڭلاندى.

5

جامال مۇھەممەت بولغۇسى قۇدىسىنىڭ مېھماندارچىلىقىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇ بىر كۈن بۇرۇن سوۋغا - سالام، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، پاقلان - ئوغلاق، توخۇ - ئۆردەك، كەپتەر قاتارلىق «ئائىلە مەھسۇلاتلىرى»نى تەييارلىدى. بۇ ئىشلار يېزا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، يېقىنچىلىقنىڭ بەلگىسى قىلىپ ئۆزىچە ئويلاپ تاپتى. ئايالى بولسا ئۆز بايلىقى ۋە ئوچۇق قوللۇقلىقىنى كۆرسىتىشنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بەرمىدى. ئاياللار قائىدىسى بويىچە يېتەرلىك ئادىمەتچىلىك تىلىدى.

بۇ كەپەنۇ جايىدا بولدى، يول ياساشقا پۇل خەجلىمىگىنىم راست، يەنە قانداق كەمچىلىكىم بار يولداش نىجات!

— سەتلىكىنى!— دېدى ئايالى دومسىيىپ،— ئوغلىنى يولداش دەپ!

— سەن نېمە بىلەتتىڭ، بىز ئىككىمىز پارتىيە ئەزاسى، ئۆيدە ئاتا ـ بالا، تالادا يولداش بىز!

ئۇلار كۆكۈلدۈك كۈلۈشتى.

جامال مۇھەممەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئوغلىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئېيتىپ قويماقچى بولدى. جامالنىڭ قارىشىچە، نىجات يۈگۈن مېھماندارچىلىقتا ئۆزىنى ياخشى تۇتمىدى.

يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى بىر قىسىم يېزا كادىرلىرى، يېقىنلىرى ۋە دولان مۇقامى ئېيتىدىغان پېشقەدەم قالۇن، راۋابچىلارنى چاقىرغان ئىكەن. دېمەك داستىخاندا كادىرلار، دېھقانلار بار ئىدى. قالۇنچىلار يەگاھتىن ئورۇن ئېلىشىپ، نىجات ئۇلارنىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرىدىكى توپىغا قارىماي يەكەندازغا زورلاپ ئەچىقتى. مۇقامچىلار ئاپئاق ساقاللىق، كىر يەكتەكلىرىدىن ئاقارغان مەيدە تۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بوۋايلار بولغاچقا، يەگاھقا كۆنۈك، ئۇلارنى يېزا كادىرلىرىنىڭ يۇقىرىسىغا ئەچىقىش بۇ يەرنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. جامال مۇھەممەتكە نىجاتنىڭ بۇ ئىشى كادىرلارنى ھۆرمەتلىمىگەنلىك بولۇپ تۇيۇلدى، بوۋايلار تەرلىرىنى بېلىدىكى چىت بەلبېغى ياكى يەكى

ماشىنا توپىلىق كاتاڭدا قاتتىق سىلكىنىپ كابىنكا ئىچى توپىغا تولدى.

— كۆزۈڭ يوقمۇ، ئېلىمەك؟ — دەپ شوپۇرغا ئالايدى ئۇ، — يالاڭ چوكقۇرغا ھەيدەيدىكەنسىنا؟

بېشى پاكىز چۇشۇرۇلگەن ياش شوپۇر خىجىللىقتىن گەدىنىنى سىلىدى ۋە:

— تۇزدەك قىلىۋېدى! ... — دېدى ئۇ بىر كۆزى دۇگلەك، بىر كۆزى قىيغاچ يۇزىنى يەرگە قارىتىپ.

— ھەيدىيەلمىسەڭ جۇۋازچىلىق قىل، — دېدى جامال مۇھەممەت خاپا بولۇپ، — 23 مىڭ 283 كويلۇق ماشىنىنى ئىشىنىپ تۇتقۇزۇپ قويسام، ھە دېسە جالداق-جۇلدۇق ھەيدەيسىنا. ياخشى ئىشلىسەڭ خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن، بولمىسا ئايلىقىڭنى ئازايتىمەن!

بۇ گەپلەرنى ماشىنا ئۈستىدىكى ئىنجاتىمۇ ئاڭلىدى. ئۇ كابىنكىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— دادا، گۇناھ ھەرقايسىلىرىدا، يول ياسىمابسىلەر، قايسى يوللۇڭلاردا كاتاڭ يوقكەن، شەھەردىن يېزىغا چىققىچە ھەرقانداق ماشىنا مىڭ كاتاڭغا چۈشۈپ چىقىدۇ، يېزا بايلىرى پۇل يىغىش قىلىپ يول ياساتساڭلار بولمامدۇ؟

— ئىنجاتجان راست دەيدۇ زادى، بۇ ئەدەم يولغا پۇل خەجلىمەيدىكەن، ئىشىك ئالدىدىكى كۆۋرۈكتىمۇ نەچچە قېتىم ھارۋا ئۆرۈلدى. مېنىڭ پۇتۇممۇ مېتىكوت چىقىپ...

— ھىم! — دېدى جامال مۇھەممەت كۈلۈپ قويۇپ. —

نېمىشقا بۇ ئىشلارغا ئارىلاشتى؟

ئۇنى ئاز دەپ نىجاتنىڭ ھە دېسىلا كادىرلارنى تەنقىد قىلىشى، چوڭلار ئالدىدا دۇنيادىكى، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئىشلار، ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى توغرىسىدا خۇددى بالىلارغا سۆزلىگەندەك سۆزلەشلىرى، كۆلكىسى، قول ھەرىكىتى... پارتكوم شۇجىسى بىلەن ياچېكا شۇجىسى — بۇ يېزىلارنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بولغان سايلاملار، سۇ مەسىلىسى، يوللار، ئەزالارنىڭ تۇرمۇشى... توغرىلىق سۆزلەشكەندە بىزنىڭ نىجات خۇددى مەجلىستە ئولتۇرغاندەك ئۇلار بىلەن تالاشتى. ئۇلارغا خۇددى يېقىن دوستلىرىدەك تەكلىپلەرنى بەردى، ئۇ يەنە:

— نېمىشقا سۇ ئامبارلىرىغا ئىشلىمەيسىلەر؟ دېھقانلارنىڭ بىر يىللىق ئىشلەش ئاۋۇنى نېمانداق كۆپ؟ يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىدە بىر ئايدىن ئاشمىسۇن، دېسە سىلەردە ئاۋاك نېمىشقا 100 كۈندىن ئېشىپ كېتىدۇ؟ — دېگەندەك شۇجىلارنى خىجىل قىلىدىغان سوئاللارنىمۇ سورىدى، بۇ سوئاللار ئاۋۇ دېھقانلاردا قانداق تەسىر قوزغايدۇ؟

كۈيئوغۇل بولغۇچى تارتىنچاق، كەم سۆز بولۇشى، قېيىن ئاتا - قېيىن ئانا بولغۇچىنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشى، ئۇلار ئورنىدىن قوپقاندا تەڭ قوپۇشى، قولغا سۇ بېرىلگەندە، ئاپتۇۋا - چىلاپچىنى قولغا ئېلىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ قائىدە - يوسۇنلارنى قايرىپ قويدى. ئۇنىڭ يېكەنداز ئۈستىدە پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇشى، تۇرۇپلا خاتىرىسىگە بىر نېمىلەرنى يېزىپ كېتىشى، ھەت-

تەك پېشى، ئاق دوپپىسى بىلەن سۈرتۈپ ئادەتلەنگەن ئۇلار بار ئاۋازى بىلەن مۇقام تووۋلاپ چېپىلداپ قار تەرگە چۆمۈلگەندە نىجات جامال مۇھەممەتنىڭ ئالدىغ قويۇلغان پاكىز لۆڭگە بىلەن بوۋايلارنىڭ ئاچچىق تەرلىرىنى سۈرتتى. بۇ ھال جامال مۇھەممەتنىڭ ئىنا- ۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەمدىكەن؟

بۇ يەرنىڭ مېھمان كۈتۈشى گۆش يېيىش بىلەن باشلىنىپ، گۆش يېيىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. داستىخانغا قورۇغان توخۇ، كەپتەر باچكىسى، بېلىق، قوي گۆشلىرى، تونۇر، زىخ كاۋاپلىرى قويۇلغان، دېمەك، داستىخاندى- كىلەر گۆشكە تويۇق دېگەن سۆز. ئاخىرىدا تارتىلغان ئۈچا — پۈتۈن پىشۇرۇلغان پاقلان بىلەن قىرقىمىغان ئوغلاقنى بوكەل پارچىلايدۇ. ئالدى بەلگىلەنگەن يېزا كادىرى ھەربىر مېھماننىڭ ئالدىدىكى قاتلىما ئۈستىدە مېھماننىڭ ھۆرمىتىگە قاراپ گۆش قويۇپ چى- قىدۇ. جامال بىلەن نىجات ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمان، باشقا كادىرلارنىڭمۇ ئۆز ئورنى بار، نىجاتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىككى كىلودەك گۆش بىلەن دادىسىنىڭ ھۆر- مىتىگە لايىق بولغان ئۈچ كىلودەك گۆشنى ئىككى مۇقام- چى بوۋاينىڭ ئالدىدىكى ئىككى تال قووۇرغا بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى، ھەتتا ساھىبخانىنىڭ نارازىلى- قىدىن خاپا بولۇپ:

— قاملاشمىغان گەپ! — دەپ چالۋاقىشى جامال مۇھەممەتنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرگەنلىك ئەمەسمۇ! بوۋاي- لار ئاشۇ بىر تالدىن قووۇرغىمۇ رازى ئىدىغۇ، نىجات

— يەنىما؟ پارتكوم شۇجىسىدىن سوراپتىم...

— نېمىنى؟

— يا تۇغقان، يا ئاغىنە بولمىسا، سېنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ھەشەمەت بىلەن چايغا چاقىردى زادى؟ مۇشۇنى سوراپتىم.

— بەللى، بەللى، سەنزە؟ — دېدى جامال مۇھەم-مەت دۇدۇقلاپ، — نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن، بالام؟

— نېمىشقا شۇجىلار يوقسۇل دېھقانلار بىلەن دوست - ئاغىنە بولالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئەمەلى بارلار ئەمەلى يوق پۇقرا بىلەن دوست بولۇپ مېھماندارچىلىق قىلىشمايدۇ، تەڭسىزلىكنى پارتىيە ئەزالىرى تۈگەتمىسە يەنە كىم تۈگىتىدۇ، دادا؟

— بەللى!..

— دىققەت قىلغانلا دادا، — دېدى نىجات ھاياجانلىنىپ، — ھويلىدا، باغدا، ئون نەچچە دېھقان يۈگۈ-رۈشۈپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇجىلار بىلەن بىر جوزىدا ئولتۇرۇپ گۆش يېيەلمەيدۇ. پۇقرانىڭ مال سويۇپ گۆش پىشۇرۇش، ئوتۇن يېرىش، سۇ تو-شۇش، ھارۋا ھەيدەش، خۇيزالىق قىلىشلىرى قانۇنىي ئىشمۇ؟ سىلەرنىڭ بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ يۈزۈڭلار چى-مىلدىمامدۇ زادى؟

— ئاستا بالام، ئاستا! — دېدى جامال مۇھەممەت نېمە دېيىشىنى بىلمەي خىجىل بولۇپ، — باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن.

— ھەق گەپ ئوغرىلىق مال ئەمەس، ئۇنى يو-

تا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ يېشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، قاچان پېنسىيىگە چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئەيمەنمەي سوراشلىرى جامال مۇھەممەتنى ھەم خىجىل ھەم خاپا قىلدى. ئۇ ئەمدى تاقەت قىلالمىدى - دە، «يولداش نىجات»نىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئېيتماقچى بولۇپ ئوغلىنى باغقا چاقىردى.

— يولداش نىجات،— دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ،— چوڭلارنىڭ ئالدىدا جىق سۆزلىمە، تارتىنچاق بول. قانداق، بۇ كەمچىلىكىڭنى تۈزىتەمسەن؟

— ھېچ كەمچىلىك ئۆتكۈزمىدىم، دادا.

— تارتىنچاق بولمىسىڭىچۇ؟

— ئارتۇقچىلىقىم ئاتا.

— بەللى!

— سۆزۈمني قىلىق، يالغان مىجەز پەيدا قىلىدىغان بولاتتىم، ئەمسە؟ ئاتا، يەنە سىلى خاتالىشىۋاتىدىلا. ئادەم دېگەن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچى ئالىي دەرىجىلىك مەخلۇق. ئەركىن سۆزلىگەنلىك، ئەركىن ئويلىغانلىق، ھەق بىلەن ناھەقنى، راست بىلەن يالغاننى ھەرقانداق جايدا ئايرىلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىق بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ياخشى پەزىلىتى، سىلى نېمىشقا بۇ پەزىلەتنى ياقتۇرمايلا؟

— بەللى، بالام سەنزە...!— جامال مۇھەممەت چېچىلدى.

— تېخى جىق گەپ قىلاتتىم، تارتىندىم، دادا.

— يەنە نېمە دەيتتىڭ؟

ئوخشايمىز. ئىككى بالىلىق بولغۇچە بىر - بىرىمىزگە تىكىلىپ قارىيالمايتتۇق.

بولغۇسى قۇدىلار يەنە كۆڭۈللۈك كۈلۈشتى.

6

لېكىن جامال مۇھەممەت شۇندىن كېيىن كەمسۆز، خىيالچان بولۇپ قالدى. ئۇ قانداق قىلىپ ۋە نېمە ئۈچۈن ئۆز ئوغلى ئالدىدا ئېھتىيات قىلىدىغان ۋە چۆچۈيدىغان بولۇپ قالدى؟ ئۇزاقتىن بېرى ھېچكىم ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتمىغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى بىلىممىسىزلىكى ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتامدۇ؟ كىچىكىدىن مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ چوڭ قىلغان تۇنجى ئوغلى بىلەن ئۇ قانچە پەخىرلەنگەن؟ بۈگۈنمۇ ئوغلى ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك قەدىرلىك؟ يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى «نىجات يېڭى دەۋرگە لايىق رەھبەر بولالايدىكەن...» دېگەن سۆزنى ئېيتقاندا جامال مۇھەممەت قانچىلىك خۇش بولدى؟ ئەلۋەتتە، بۇنى ئۆزىلا بىلىدۇ، لېكىن ئوغلى نېمىشقا ھە دېسىلا ئادەم بار، ئادەم يوق دېمەي دادىسىنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر تېپىۋېرىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن جامال مۇھەممەت مۇشۇ كەنتنىڭ رەھبىرى، ئۇ ئوغلى ئالدىدا بىلىمى چولتا، ئەيىبى كۆپ ئادەم بولغىنى بىلەن يۇرتداشلىرى ئالدىدا دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، گېپى قانۇن، ھەرىكىتى مىزانغا ئايلانغان پارتىيە ئەزاسىغۇ. ئوغلىدىن باشقا كىم ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېيتالايدىكەن؟ ياق، ئوغلىغىمۇ

ھۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق!

نىجات شىۋىنداق دېدى - دە، نېرىسىدا — بالىلا[ر] ئارىسىدا تۇرغان ئوقۇتقۇچى قىزنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

جامال مۇھەممەت بالىسىغا قاراپ ئويغا پاتتى. ئۇنىڭ يېنىغا پارتكوم شۇجىسى كەلدى، ئۇ قولىنى جامالنىڭ مۈرىسىگە قويدى. جامال خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى.

— ھەممىنى ئاڭلىدىم، — دېدى پارتكوم شۇجىسى كۈلۈپ تۇرۇپ، — گەپلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق، كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ!

ئىككى ئاتا بالىلىرىغا قاراشتى. نىجات بىلەن ھۆججەتنىڭ قىزى ياندىشىپ ئورمان ئىچىگە ئىچكىرىلەپ ماڭماقتا. ئۇلارغا زوقلانغان جامال مۇھەممەت ئۆيدىن بىللە چىقىشقان بولغۇسى چىشى قۇدىلارنى كۆرۈپ، ئەگرى قېشى ئاستىدىكى خۇمار كۆزلىرىنى قىسىپ قويدى:

— ئەمدى توي تەييارلىقىغا كىرىشسەك بولار؟

— بىزنىڭ نىجات بەك چىقىشقاق، ۋاييەي، قىزلىرىغا نېمانچە يېقىن ماڭىدىغاندۇ، مەن نومۇس قىلىۋاتىمەن! — دېدى جامالنىڭ ئايالى يۈزىنى سىپاپ.

— بىزنىڭ قىزچۇ؟ قارىسىلا، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلىشىنى، ئوغۇللىرىنى خاپا قىلىپ قويارمۇ؟

— ھازىرقى زاماننىڭ ياشلىرى ۋارقىرىشىپ، تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرۈپ تېپىشقىدەك، — دېدى جامال مۇھەممەت كۈلۈپ قويۇپ، — ئاخىرقى تارتىنچاقلار بىز

— شۇ بىزنىڭ نىجات قىزى بىلەن سۆزلەشكەننى ئانىسى ئاڭلاپ...

— كىمنىڭ قىزى؟ نېمانداق بەز چاينىغاندەك سۆزلەيدىغاندۇ!

— مەن بېرىپ قىزنى كۆردۈم، ئەجەب بەلەن، پاكىز بالىكەن...

— كىمنىڭ قىزى؟

— جانادە ئۆرۈكتەك سۇزۇك، تال چىۋىقتەك زىلۋا...

— ئەستاغپۇرۇللا! كىمنىڭ قىزى؟

— ئا... ئاياغ... — ئانا گۇناھكاردەك دۇدۇقلىدى، — ئاياغ مەھەللىدىكى ئەمەتجاننىڭ...

— نېمە؟! — جامال مۇھەممەت تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دوپپىسىنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭ قاش، بۇرۇتلىرى خىرىس قىلىۋاتقان مولۇننىڭ بۇرۇتلىرىدەك دىڭگايدى.

— ئادەم تېپىلماي مۇشۇ سېسىق قېرىنىڭ قىزىنى تېپىپتىمىز؟ ئەمەن كىم؟ ھەق دېمەيدىغان دىۋانە، كېپەنگە كىرمىگەن مۇردا، ئۇنىڭ بىلەن تويلىشىش دېگەن گەپ دۇم يېتىپ لاينى سۆيگەن بىلەن ئوخشاش گەپ! ھىم، بالاڭ تېخى ئېغىزلانمىغاندۇ؟

ئايال ياشلىق كۆزىنى ئېيتقاچ بېشىنى ئېگەتتى.

ئۇ ۋارقىرىغىنىچە كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن جامال مۇھەممەت شوپۇرنى مېھمانخانىسىغا چاقىرتتى. شوپۇر كىرگەندە ئۆيدە جامال مۇھەممەت بىلەن ئەمەتجان ئولتۇراتتى.

— سالام قىل، ئىلەك، — دېدى جامال كۈلۈپ

ئەمدى چەك قويۇشى كېرەك، بولمىسا ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ – دە.

— خوتۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ سەككىز پارچە كىگىز سېلىنغان كېمە سۈپىسىدەك چوڭ كارىۋات ئۈستىدە يالغۇز خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ يەرگە كەل.

ئايالى كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى:

— چاي ئەكېلەيمۇ؟

— ھەئە، ياق، توختا، ئوغلىڭ بىز تاپقان لايىققا زادى نېمىشقا ئۇنىمايدىكەن؟ خەقنىڭ ئىشىكىگە قەدەم باستۇق، ئۇ ئادەم كەمدەك ئادەممۇ؟ بالاڭ نېمىشقا بىزنىڭ سۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ئويلىمايدۇ؟ بۇ توينىڭ گېپى پۈتۈن ناھىيىگە پۇر كەتتى. بۇ گەپنى ئەمدى قانداق يىغىۋالغۇلۇقكەن؟

ئۇ پۈتۈن ئىشنى بۇزغان مۇشۇ ئايالدەك گۇناھسىز ئايالىغا كۆلەيدى:

— تۇغۇپ قويغان گۇناھىمىدى؟ — دېدى ئايال يىغلامسىراپ، — بالىنىڭ كۆڭلى چۈشمىسە ماڭا ۋارقىرايتتىڭىزمۇ؟

— بالاڭغا ئاسماندىن پەرىشتە ئېلىپ چۈشەيلىمۇ ئەمىسە؟ يا چوڭ شەھەردە، يا يېزىدا قىز ياقمىسا؟

— راست گەپ بولسا، — دېدى ئانا تىرىنىشقىنىنى ئاتلاپ، — نىجاتجاننىڭ كۆڭلى چۈشكەن قىزمۇ بارغا ئوخشايدۇ، قىزنىڭ ئانىسى قولۇم – قوشنىلىرىغا دەپتىكەن، بۇ گەپ كوچىغا چىقىپ مېنىڭ قۇلىقىمغا يەتتى...

— نېمە گەپ؟ ئەزمىلىك قىلماي دەڭلا!

بىرسى دۆگىلەك، بىرسى قىيغاچ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ. مانا بۈگۈن نىجاتنىڭ بويىنىغا تىزىق مېغىز ئاسقان گۈزەل قىز ئۇنىڭ ئايالى. بۇ قانداق مۇمكىن؟ شوپۇر نېمە دېيىشنى بىلمەي دۇدۇقلىدى.

— نېمە دۇدۇقلايسەن، ساڭا ئىككى كۈن رۇخسەت، بۈگۈن ئاخشام تويۇڭ بولىدۇ. ماڭ يۈگۈر، چىرايلىق كىيىنگىن، ئەمەنجان سىلىمۇ تەييارلىق قىلسىلا، مانا 300 كوي پۇل. مانا نىكاھ خېتى، مە، بىرىنى سەن ئال ئىلەك.

شوپۇر قەغەزنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئالدى. نىكاھ قەغەزىگە ئىلەك - گۈلسارە دېگەن ئىسىملار يېزىلغان ئىدى. شوپۇرنىڭ قۇلىقىغا نىجاتنىڭ «گۈلسارە» دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى، خەتلەر بىر - بىرىگە قو- شۇلۇپ نىجاتنىڭ بويىنىدىكى بىر تىزىق مېغىزغا ئايلاندى.

ئۇنىڭ قولىدىن قەغەز چۈشۈپ كەتتى:

— بۇ، بۇ...— كەينىگە داجىدى شوپۇر،— ئە بۇ!...

— نېمە بۇ!— دېدى جامال مۇھەممەت بىردىنلا سۈرلۈك تۈسكە كىرىپ،— ماڭ يۈگۈر، خوتۇنۇڭنىڭ يېنىغا بار، قالغان «بۇ»نى ئەمەنجاننىڭ ھويلىسىدا دېگىن!

ئۇ ئەمەنجانغا بۇرۇلدى. ئەمەنجان تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن، چىرايلىق كۆزلىرى ياشلىق، ئاغزى ئۈمچەيگەن ھالدا يەرگە قاراپ بىر قولىدا پۇل، بىر قولىدا نىكاھ قەغەزىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. جامال مۇھەممەت ئۇنىڭ دولىسىغا قاقتى:

— خاپىمۇ سىلى؟ ئاتىدارچىلىق قىلادىم. ئىلەك

تۇرۇپ،ــ ئاتا ـ ئانام يوق، قارا يېتىممەن دەپ ها
ئېيتاتتىڭ، مانا ئەمدى ئەمەنجان سېنىڭ ئاتاڭ، داد
دە، ئىسلەڭ!

شوپۇر ھودۇقتى، ئۇ نېمە، قىلارىنى بىلمەي تىر
لىقىنى تاتىلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ يادىغا تۇنۇگۇنك
ئىش كەلدى: تۇنۇگۇن ئۇ نىجاتنى قورۇلۇش ئىشى ب
لەن ناھىيىگە ئېلىپ ماڭدى.

... نىجات گۇلسارە بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن يو
ئۇستىدە شوپۇرنى توختىتىپ قويۇپ ئەمەنجاننىڭ ھوي
لىسىغا كىردى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ماشىنىنىڭ يېنىغ
قايتىپ چىقتى. نىجاتنىڭ بويىنىدا بىر تىزىق مېغىز
ئېسقلىق ئىدى. شوپۇر بالا مېغىزغا كۆز قىرىدا قاراپ
قويۇۋېدى، نىجات مېغىزدىن بىر تالنى شوپۇرغا چىش
لەتتى:

— قىزنى كۆرگەنمىز سەن؟

— ياق.

— خوش ئەمىسە، گۇلسارە!— دېدى نىجات قوش
نىلارغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ،— ئون كۈندىن كېيىن كۆرۈ
شىمىز!

باغنىڭ بىر بۇرجىكىدە قىزنىڭ بېشى كۆرۈندى.
قىز شوپۇرغا خۇددى ئاسماننىڭ ئەڭ نېرىسىدىكى
يۇلتۇزدەك چوغ بولۇپ كۆرۈندى.

— قايسىسى چىرايلىقكەن؟— دېدى نىجات كۈ
لۈپ،— مۇئەللىم قىزمۇ، مۇنۇ سەھرالىقمۇ؟

— سەھرالىق چىرايلىقكەن،— دېگەن ئىدى شوپۇر

دەك ئەركىن ئىدى: ئۇ كەلگۈسىنى، گۈزەللىكنى، ئەمەلگە ئاشىدىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى خىيال ئېكرانىدا روشەن كۆرۈپ، ئۆزى تۇغۇلغان، ئۆسكەن ۋە كەلگۈسىمۇ ئۆزىگە، ئەۋلاد - باللىرىغا مەنسۇپ بولغان زېمىننىڭ كۆكسىدە تۇرۇۋاتقىنىغا، ئانا يەرنىڭ يۈرەك تېپىشىنى تىڭشاۋاتقىنىغا ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك، ئىپتىخارلىق ھېس قىلاتتى.

مانا ئۇنىڭ ئۆيلىرى شالاڭ، يوللىرى كاتاڭ، دەرەخ - بوستانلىرى قويۇق، ئادەملىرى ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان مەھەللىسى. ئۇرۇمچىدە يۈرگەن بەش يىل ئىچىدە بۇ تەكلىماكان قوينىغا يوشۇرۇنغان يېزىسىنى بۇنچىلىك سېغىنىشقان ئىدىغۇ، ئۇ بۇگۈن نېمانچە ھاياجانلىنىدۇ، يۇرتىنى كۆرۈشكە نېمانچە ئىنتىزار؟

مەھەللىنىڭ چېتىدىكى پاكار جىگدىلىك ئۆيلەر كۆرۈنگەندە ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى باغلاقتا تۇرۇپ ئانىسىنى كۆرگەن شوخ موزايدەك تېپچەكلىدى. يۈرەك ھېسسىياتى تاش كۆمۈر چوغى ئۇستىدىكى ئاليۇمىن چۆگۈندەك تېز قاينىدى.

ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ كابىنكا توسقىنى ئۇردى ۋە ماشىنا توختاش بىلەن قومساقچۇ يولغا سەكرەپ چۈشۈپ، يەمەنجانىنىڭ مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ ئېتىز ئارىلاپ يۈگۈردى. ئۇ شۇ تاپتا كىشلەرنىڭ تاپا - تەنىسىدىن، مازاق - زاڭلىقلىرىدىن قورقمايتتى. ناۋادا بىرسى «نېمىگە شۇنچە ئالدىراپسەن يىگىت؟» دەپ سوراپ قالسا، ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ: «گۈلسارىنى

ئۆمۈر بويى سىلىنىڭ، كالىدەك ئىشلىتىدىلا، ياردەم د
گەن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولماس.

## 7

نىجات ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلماقچى بولغا
ئىككى قەۋەتلىك 20 ئېغىزلىق ئۆي، يېنىدا ئاشخانا
ئارقىسىدا مۇنچا، قۇرۇلۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زالنى
پېشانىسىغا ئالاھىدە خەتتاتنىڭ قولى بىلەن «جامال
مۇھەممەت بىرلەشمە شىركىتى» دېگەن ۋېۋىسكا ئويۇ
غان قۇرۇلۇش لايىھىسىنى دادىسىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن
ناھىيىدىن يېزىغا قايتتى. ئۇ يولدا كەلگىچە ئاپتوبۇس
ئولتۇرۇپ ناھىيىگە يۆتكىلىپ كېلىۋېلىش، گۈلسارە بى
لەن ئۆزىگە ناھىيىگە جاي سېلىش... ئوخشاش شې
رىن خىياللار بىلەن بولدى. ئۇ، ناھىيىدىن گۈلسارىگە
ئاتاپ سېتىۋالغان قول سائىتىنى ھېلىدىن - ھېلىغا
يانچۇقىدىن چىقىرىپ قاراپ قويۇۋاتتى. گۈلسارە بەرگەن
بىر تىزىق مېغىزنىمۇ پات - پات ئېلىپ چىشلەپ -
پۇراپ قويۇپ، چەكسىز دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىكى قومۇش-
لۇق ۋە چۈچۈك بويىلارغا قاراپ «سارىگۈل» ناخشىسىنى
ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ھېسسىيات، ئىلھامغا تولغان يۈرىكى
ئۆزىنى دەھشەتلىك زەربىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن
بىخەۋەر ئىدى.

شۇڭا ئۇ ئىسسىق بەلباغدىن باغ - بوستانلارغا قا
راپ كېلىۋاتقان قۇشتەك خۇشال، ئۇنىڭ خىيالى شامال-

ئانا نىجاتقا قارىدى. نىجات تۆمۈردەك قارايغان، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ئۇنچە بولاقتەك مەرۋايىت تۆكمەكتە، خەت تارتقان بۇرۇتلىرى بىلەن يېقىملىق كۆرۈنىدىغان لەۋلىرى كەچكۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى بىلەن ئېلىشىۋاتقان يالغۇز ياپراقتەك تىترىمەكتە ئىدى.

ئۇ شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۆز هويلىسىدا پەيدا بولدى. ئۇنى كۆرۈپ جامال مۇهەممەت چۆچۈپ كەتتى. ئوغلى تونۇغۇسىز بولۇپ ئۆزگەرگەن: قارايغان، جۈدىگەن، كۆزلىرى قىزارغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى توپا-چاڭغا مىلەنگەن...

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟— دېدى ئانا.

— تاياق يېدىم! — دېدى ئوغلى ئۇمچەرەپ.

— بالام!...— ئانىسى نىجاتقا هەيران قالدى.

— كىمدىن بالام؟— جامال مۇهەممەت ئالدىراپ سورىدى.

— كىمدىن؟— نىجات دادىسىغا ئالايدى. ئانا ئوغلىنىڭ مەستلىكىنى بىلدى،— كىمدىن بولاتتى، دادامدىن...

— بالام بەللى، بەللى!...

نىجات دادىسىغا يەنە بىر قارىدى- دە، خۇددى بوۋاق ۋاقتىدىكىدەك ئانىسىغا تاشلىنىپ، سىلكىنىپ هۆركىرەپ يىغلىدى، ئانا ئوغلىنىڭ چاچلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن نەمدەپ باغرىغا مەهكەم باستى ۋە دادىسىغا قاراپ:

— بالىنىڭ كۆڭلىگە قارايدىغان كەپ ئىدى...— دېدى.

جامال مۇهەممەت بېشىنى چاڭگاللاپ كېمە سۇپىسىدەك چوڭ كارىۋىتىنىڭ لېۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇردى.

كۆرۈشكە!» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا تەييار ئىدى.

مانا ئۇ تەرلەپ - پىشىپ ئەمەنجاننىڭ ھويلىـ
كىرىپ كەلدى، كۆرۈمسىز ھويلا ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك د
چىدەك بىلىندى.

— گۈلسارە! — دېدى ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى خۇشا
لىق بىلەن ئاشكارىلاپ، — گۈلسارە!

قىزنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئالدىغا ئانىسى چىقتى.

— ئانا! — دېدى نىجات ھاياجان بىلەن ئانىـ
يېقىنلاپ، — گۈلسارە قېنى؟

ئايال ئاۋۋال كۈلدى، ئاندىن كىر كۆڭلىكىنىڭ
ئېتىكى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتىپ يىغلىدى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى نىجات چۆچۈپ، — گۈل
سارە، ئۇ؟...

— گۈلسارىنىڭ، — دېدى ئانا ئېسەدەپ، — تويىنى
قىلىۋەتتۇق!

— نېمە؟! — نىجاتنىڭ ئاۋازى سۇنغان قورۇق
شاخنىڭكىدەك كاراڭ - كۇرۇڭ چىقتى.

— شۇنداق بولدى بالام، — دېدى ئانا ھازىدار
ئادەمدەك ئېسەدەپ، — ئەمدى ئۇنى ئۇنتۇسىلا!

— دادامنىڭ ئىشىمۇ بۇ؟

— جامال شۇجىنىڭ غەمخورلۇقى!...

نىجات قول سائىتىنى ناھايىتى تەسلىكتە يانچۇقىـ
دىن ئالدى ۋە غالىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن
ئىككى قوللاپ ئانىغا سۇندى:

— ئۆز قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىگە تاقاپ قويسىلا!

نىجات داۋزىدىن چىقىپ كەتتى. جامال مۇھەممەت خـۇددى بەرسى يۈرىكىنى كۆكرىكىدىن يۇلۇپ كېتىپ بار-غاندەك ئازابلاندى، ئۇنىڭ ماڭاي دېسە ماغدۇرى، ۋار-قىراي دېسە ئاۋازى يوق ئىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كەلدى - دە، ئارقا قورۇدىكى شوپۇرنى ئويغىتىش ئۈچۈن يۈگـۈردى.

شوپۇر توپىلىق ئۈستىگە قـۇرۇلغان كات ئۈستىدە ئۇخلىماقتا، يېنى كېلىن - گۈلسارە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ شوپۇرنى ئويغاتتى:

— ئىلەك قوپ، نىجاتنىڭ كەينىدىن ماشىنا بىلەن چاپ، ئۇ پىيادە!...

ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ بالىسى كەتكەن يولغا باغ بىلەن يۈگۈردى. ئۇ قويۇق جىگدىلىك بىلەن چىتى-لانغان يەرگە كېلىپ توختاپ قالدى: گۈلسارە بىر ياش جىگدىنى قۇچاقلاپ يولغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ قىز-نىڭ نازۇك مۇرىسىنىڭ سىلكىنىشىدىن ئۇنىڭ ئوغلىنى كۆز يېشى بىلەن ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— بالام!— دېدى جامال مۇھەممەت زارلىنىپ،— ئۆز قولۇم بىلەن سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلارغا قاداق سالدىم، ئۆز يۈرىكىمگىمۇ قاداق چۈشتى. مەن بۇ نادانلىقنىڭ زىيىنىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

ئۇ بويىنىنى سوزۇپ يولغا قارىدى. ئوغلى توپىلىق يولدا كېتىپ باراتتى.

ئەنە نىجات كەينىگە بۇرۇلدى. شۇ چاغدا يىراق-تا بىر كاككۇك سايرىدى، كاككۇكنىڭ ئاۋازى خـۇددى نىجاتنىڭ مىسكىن سۇنغان ئاۋازىدەك ئاڭلاندى.

— خەير - خوش، ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە!

نىجات خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى ۋە سو
كىسىدىن قۇرۇلۇش لايىھەسىنى چىقىرىپ دادىسىنىڭ ئالدى
قويدى. جامال مۇھەممەت رەسىمى قۇرۇلۇش سۈرىتى سىزىلغا
قەغەزگە قاراپ ھاياجانلاندى ۋە بالىسىنىڭ بايىقى دەردلى
كۆزيېشىنى تېزلا ئۇنتۇدى. چۈنكى قۇرۇلۇشنىڭ پېشانىسىدە
«جامال مۇھەممەت بىرلەشمە شىركىتى» دېگەن خەت بار ئىدى
دېمەك، جامال مۇھەممەتنىڭ ئىسمى ناھىيىنىڭ پېشانىسىدە

ئەتىسى سەھەردە نىجات چامادىنىنى كۆتىرىپ
يولغا چىقتى. چوڭ قورۇدا يالغۇز دادىسىلا ئورنىدىن
تۇرغان ئىدى.

— نەگە بالام؟

— ئۈرۈمچىدىن تېز كەلگىن دەپ تېلېگرامما كەپ
تىكەن، قايتاي.


— ئاپاڭ چىقسۇن، توختا!

— ياق، ئاپام كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىمىدى...

— بالام! — دېدى دادىسى ئازاب بىلەن، — بىل
مەيتىمەن، بىلگەن بولسام، — يا ئېغىزلانمىدىڭ...

— ھازىرمۇ ئېغىزلانمىدىم، ئېيتىشقا يىغلىغانلىقىمنى
بىلىپ بوپسىز غۇ، نېمىگە خۇشال بولغىنىمنىمۇ بىلىپ بول
غانسىز، دادا. ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلدىڭىز. بىلى
تۇرۇپ گۈزەل نېمىلەرنى كۆرمىدىڭىز، بىلىپ تۇرۇپ باشقى
لارنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى ئۆلتۈردىڭىز. لېكىن ئۇ
ئارزۇلىرىڭىز ئۈچۈن خوش بولدىڭىز، ھەقىقىي ئىنسان
باشقىلارنىڭ ئارزۇسى قانغاندا خۇشال بولىدۇ. بولۇپم
كوممۇنىستلار شۇنداق. مەن بۇدور قېتىم كەلگەندە ئەيىب
لىرىڭىزنى ئاز سۆزلەيدىغان بولاي دادا، خوش!

لى تومۇز ياكى جۇدۇن بولسىمۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك بەر نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيلىرىدىن مۇشۇ چايخانىغا كېلىشىدۇ - دە، سالاملىشىش، تەكەللۇپ - تۈزۈت قىلىشلاردىن كېيىن، يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن يىپ ئەدىياللار ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇشۇپ، ھۇزۇر-لىنىپ چاي ئىچكەچ ئۆزلىرىگە ئوخشاش چايخورلار بى-لەن دىلكەشلىك قىلىشىدۇ. بۇ دىلكەشلىكنىڭ ئەڭ ئاك-تىپ ئىشتىراكچىسى ھېلىقى بۇتيا ئىسىملىك بىلەن زىمىن ئىسىملىك ئىككىسى. بۇتيا ئۆز جىسمانىي قۇرۇلۇشىدەك قوپال، خۇددى قول تراكتورىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدى-غان ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئاڭلىغان يېڭىلىقلىرىنىڭ بىرىنى ئون قىلىپ سۆزلىگىلى تۇرغاندا، ئاڭلىغۇچىلار بىرىنچىدىن ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، ئىككىنچىدىن ئۇنىڭ-دىن ئاۋازدا ئۈستۈنلۈك تالىشىشتىن ھېيىقىپ، ئۇنىڭ تولا ئاڭلىغان گەپلىرىنى زېرىكمەي قايتا ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئادەملەر بىرلەپ - ئىككىلەپ چىقىپ كېتىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كېيىنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ زېرىكمەي زېھىن قويۇپ گەپ تىڭشايدىغان ئادەم ئۇنىڭ دوستى — زىمىن ئىسىملىك ئورۇق، ۋىجىك ئادەم بولۇپ قالىدۇ. بۇتيانىڭ سۆزلىگەن يېڭىلىقلىرىنى ئالدىنقى كۈنىلا مۇشۇ زىمىن كۆپچىلىككە دەپ بەرگەن، بۇتيامۇ شۇ چاغدا ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئىككىنچى كۈنى بۇتيا بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ كېپى قىلىپ سۆزلەۋېرىدۇ. زىمىن بۇتيانىڭ مەجنۇنتالدەك شاخ - شۇمبىسى جىق سۆزلىرى ئىچىدىن ئۆزىگە زۆرۈر بولغان يېڭىلىقلارنىمۇ



# چايخورلار

چايخورلۇق غەلىتە ئىش، توققۇزى تەل ئادەملەرمۇ، زاغرا بىلەن ناشتا قىلىدىغانلارمۇ ئەتىگەنلىك چاينى چايخانىدا ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىرى نانلىرىنى بەللىرىگە تۈگۈپ پىيادە، بىرلىرى ئات - ئېشەك بىلەن ئېرىنمەي بۇ چايخانىغا كېلىشىدۇ - دە، قىزغىن كۆرۈشىدۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇتياخان!

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم زىمىن بەگ!

ئۇلار بىر - بىرىگە «ۋەئەلەيكۇم» سۆزىنى زادى قوللانمايدۇ. چۈنكى بۇ ھۆرمەتسىزلىك، ئۇلار ئۈچۈن گوياكى گۇناھ. ئۇلار چاي دەملەنگەن چەينەكلىرىنى پەتنۇسلىرى بىلەن بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپ:

— قېنى كەلسىلە!

— چايغا باقمىلى! — دېيىشىدۇ. لېكىن يەنىلا ھەركىم ئۆز چېيىنى ئىچىشىدۇ. ئۇلار قىشۇ - ياز، مەي-

گەندە ئالتىسىنى سۇ قىلدىم. ئون قويىنىڭ پۇلى بىلەن دىرى تىرىلگەندەك. يەتتە قوي بىكارغا قالدى ھا، ھا، ھا...

چايخورلار بىر - بىرىگە قاراشتى.

بۇتياخان ئەمدى خوتەندىن 500 كويغا سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن ئالا ئىتىنىڭ تۈنۈگۈن ياقۇپ قاساپنىڭ سېرىق ئىتىنى قانداق تالىغانلىقىنى دوراشقا باشلىدى. ئۇ پۈتۈن مېھرىنى ئۆز ئىتىغا بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چايخانا سۈپىسىدا تۆت پۇتلۇق بولۇۋېلىپ قوللىرىنى، ئېغىزىنى خۇددى غالجىرلاشقان ئىتتەك ھەرىكەت قىلدۇرۇپ سۆزلىگىلى تۇرۇۋېدى، چايخورلار ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى.

— بىر پىيالە خام قايماق، ئىككى تۇخۇم بىلەن بىر چىنە قايماق چاي قىلىپ بەرگىنە! — دېدى ئۇ ئاخىر ھېرىپ - تەرلەپ خۇددى ساپايىدىن بوشىغان ئۈيدەك پۇشۇلداپ، — تېز بول، بۈگۈن قىلىدىغان ئىش كۆپ.

— يەراققا ماڭامىلا بۇتياخان؟ — زىمىن ئىنىسىلىك ۋىجىك، قىزىل ساقال، مۇلايىم ئادەم ئۇنىڭغا قارىدى.

— بۈگۈن سېرىق بۆيىغا بارىمەن، — دېدى بۇتيا خۇددى سولاقسىز قالغان بۇقىدەك ھۆركىرەپ، — بارامىلا؟ بارسىلا موتورۇمنىڭ كەينى بوش.

— سودىلىقىم بارتى پىشكى.

— كىتابىمۇ؟ — دېدى بۇتياخان دەرھاللا، —

ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ بۇتىيانىڭ گەپلىرىنىڭ شېخىنى يېرمايدۇ.

— مانا، بۇتىيانىڭ موتسىكلىتىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، توختىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى چايخانا ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى: تىزىغا كېلىدىغان سارغۇچ كۆڭلىكى سۇغا چىلاپ ئالغاندەك ھۆل، تىزىغىچە تۈرۈكلۈك پۇشقاقلىرىدىن چىقىپ تۇرغان بۇقىنىڭ ئالدى پۇتىدەك توم، مەزمۇت پاقالچاقلىرى تۇپا - تەردىن خۇددى چالا ئۆكلەنگەندەك بولۇپ قالغان، ئوچۇق مەيدىسىدىكى قويۇق يۇڭ، تۆت چاسا يۈزىدىكى ساقال - بۇرۇتىدەك بۇرغاي، قىيغاچ كۆزلىرى ئۈستىدىكى چوتكىدەك قاشلىرىنىڭ مىدىرلىشى ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسىدە بىر خۇشاللىقنىڭ بۈرگىدەك سەكرەپ يۈرگەنلىكىدىن بېشارەت. ئۇ سالاممۇ قىلماي ھىجايدى:

— ۋايجان، نېمانچە دىمىق، موتورۇممۇ جۇۋازغا قاتقاندەك تەرلەپ كەتتى!

چايخورلار كۈلۈشتى.

— بەللى بۇتىياخۇن، سىلى ماڭغىلى تۇرسىلا يولمۇ تەرلەپ كېتىدۇ - يا!

— ھى، ھى، مېنى كۆرۈپ سەنمۇ تەرلەپسەن ئاينا!

— بەك خۇشقۇ ئۆزلىرى؟

— تۈنۈگۈن ئون ئالتىنچى يېزىنىڭ بازىرىدا قوي كاساتلاشتى. مانا ئەمسە دەپ بار پۇلۇمغا سېتىۋالماي قالمىغان قوينىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدىم. بۈگۈن ئەت-

قولنى شىلتىپ، قوۋزىغا تولدۇرۇۋالغان قايماق ئارـ
لاش ناننى تەستە چايناپ سۆزلەپ، — تەييارغا ھەيـ
يار - دە. ئەكە 50 كوي، بالاڭغا كىتاب ئەكىلىپ
بېرىمەن. بولمىسا زىمىنبايغا پۇل تۆلە!

— زىمىنكام پۇل دېسە بېرىمىز، — دېدى بايـ
قى ئادەم كۆلۈپ، ئۇ دىمىق ئۆيدىـمۇ تەلپەك بىلەن
ئولتۇرغاچقا، پوكانىدەك قىزارغان، ئىنچىكە، كىچىك بۇرـ
نىدىن تەپچىپ چۈشكەن تەر ئىنـچىكە بۇرۇتىنىڭ ئۇـ
چىدا پىلدىرلايتتى، — لېكىنزە بۇتيا ئاكا، سەن پۇل،
پۇللام دەيدىكەنسەن، مەسچىتكە 100 كېسەك ئېلىپ
بەرەيمۇ دېمەيسەن.

— ماۋۇ خوتەكنىڭ گېپىنى، ۋاي خوتـەك، سەن
قالچىلىك نېمىتىڭ. خوتۇنۇڭ خەقنىڭ ئۆيىدە ئوسما
قويىدۇ. ھەر ھېيتتا مېنىڭ جايناماز نىمدا ناماز ئوقۇيـ
سەن، بازارغا بارساڭ ۋەجەڭنى مېنىڭ ھارۋامغا سېـ
لىۋالىسەن، مېنىڭ كۆلۈمدىن سۇ توشۇپ لاي چىلاپ
كېسەك قۇيدۇڭ، پۇل تۆلىدىڭمۇ خوتەك؟ نوپۇسكىنى
ماڭا ئۆتـكۈزمىگىنىڭ قالدى شۇ. يوغـان گېپىنى تېخى
بۇنىڭ. مە، ماۋۇ يېرىم ناننى يە خوتەك، قاچانغىچە
زاغرا كۆشەيتتىڭ!؟

بۇتيا ئۇنىڭغا يېرىم ناننى تاشلىدى. ساقىلىغا
چاپلاشقان قايماق، نان ئۇۋاقلىرىنى يوغان قوللىرىغا
يېپىشتۇرۇپ يۈزىنى سىپىدى، ئاندىن كېيىن قوللىرىنى
پاكىز يالىۋەتتى - دە. زىمىنبايغا قاراپ بىر كېـ
كىرىۋەتتى.

بۇگۇن سېرىق بۇيا قىزىيدۇ. ئۇ چېتى خوتەن، بۇ چېتى قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ، ھەممە يەرنىڭ ئوقەتچىلىرى كېلىشىدۇ. ھەممە ئوقەتچى كەلگەندىكىن، ھەرقانداق مالىنى كېلىدۇ. سىلى ھەقىچان كىتاب بۇيرۇيلا، بولىدۇ، يېڭى كىتابلار بولسا ئېلىۋېرەمدىمەن؟ 200 كوي- نىڭ كېلىشىگە دەملا؟ بەلەن گەپ. لېكىننزە زىمىنباي، يېڭى كىتابلار ھۆكۈمەت دۇكىنىغا چىقماي تۇرۇپلا كى- تابپۇروشلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئۆتكەندە سىلىگە ئون كويدىن ئەكىلىپ بەرگەن ھېلىقى رومانلار ھازىر 15 كويغا چىقىپتۇ جۇمۇسىلا، شۇغىنىسى كىتابپۇروشلار ئىسچوت بەرمەيدىكەن. بولاپتۇ سىلى ئۇ- چۇن بىزەچى زىيان تارتساممۇ مەيلى، سىلىنى كىتابخانا ئېچىپ پۇل تاپىمدىلا، زىيان تارتىلا، يە بولمىسا، بې- لەت ساتسىلا بولارمىكىن؟ كىتابلىرىنى بىكارغا ئوقۇي- دىكەن، ئۇنى ئاز دەپ يىرتىۋېتىدىكەن، ئوغرىلايدىكەن. لېكىننزە، زىمىنباي «سوپەك» ① تاپقان پايدىلىرىنى ئاشۇ كىتابخانىلىرى يەپ كەتتى جۇمۇ؟ سىلىگە بەك زىيان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— زىمىنبايغا زىيان بولغىنى بىلەن ياشلارغا پايدا. بىزنىڭ بالا ھازىر يامان يولدىن ياندى. زى- منبايىنىڭ كىتابخانىسىدىن چىقمايدۇ. ھە دېسىلام ئانىسى- نى تىللايتتى. مانا ھازىر تىلىنى يومشاپ، ئاۋازىنى سىلىقلىشىپ قالدى.

— سەن خوتەك، — دېدى بۇتيا سۆزلىگۈچىگە

---

① قول تراكتورى

— راستىما؟ — بوتيانىڭ كىچىك كۆزلىرى پىلدىر-
لاپ، ياپىلاق بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېرىلدى، — قا-
چان بولغۇدەك؟

— ئۇن ئىككىنچى چىسلا.

— بۈگۈن چىسلاغا قانچە؟ كۈنگە نىمە زىمىنباي؟

— چىسلاغا سەككىز، يەكشەنبە، — دېدى زىمىن-
باي كۈلۈپ. — ئۆزلىرىنى سىناپ باقامدۇ بوتياباي؟

— سىناپ باقماي سىچۇ؟ — دېدى بوتيا ئورنىدىن
تۇرۇپ، — ئالقاندىكى پۇل بۇ دېسىلە. پايدا نەدە،
بوتيا شۇ يەردە.

— زىمىنباي، بۈگۈن سىلىدىن يېڭىلىق ئاڭلاشقا
ۋاقىت چىقمايدىغان بولدى. كۆرۈشكىچە سالامەت بولايلى.

— ئىگىسىگە ئامانەت بوتيابەگ!

چايخورلار بوتيانىڭ كەينىدىن دۇئا قىلىشتى. موت-
سىكلىت بوتيانىڭ ئاۋازىدەك قوپال ۋارقىرىدى-
دە، يىراقلاپ كەتتى.

— ئەمدى قولاق تىنچىدى، — دېدى بىر مۆتى-
ۋەر ساقىلىنى سىيپاپ، — قېنى زىمىنباي، گېزىت يې-
ڭىلىقلىرى، كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىنى سۆزلەپ بەرسىلە.

— يېقىندا قولۇمغا بىر كىتاب چۈشۈپ قالدى، —
دېدى زىمىنباي، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — بىرلا قو-
لۇمغا ئالدىم - دە، ئوقۇپ تۈگىتىپ بىراقلا توختايمى-
مەن. لېكىنزە ئاجايىپ كىتابكەن.

زىمىنباي كىتابقا يېزىلغان ئىشلارنى خۇددى بوتيا
ئىت تالىشىشنى ئەيىنەن دورىغاندەك، زوق - شوخ بىلەن

— كىتابلارنىڭ ئىسمى يازدىلىما؟ — دېدى ئۇ
ئۆزۈن تىزىملىك يېزىلغان قەغەزگە قىسىغاچ كۆزلىرى
بىلەن سىنچىلاپ قاراپ، — ماۋۇ نېمە بۇ، «قۇتادغۇ
بىلىك»... نېمە دېگىنى بۇ؟

— كىتاب، — دېدى زىمىنباي كۈلۈپ، — ئونبەش-يىگىرمە كوي، ئالسىلا!

— بەللى، بىر ئوغلاقنىڭ پۇلىكەن بۇ، — دېدى بۇتىيا قەغەزنى كىر كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، — ئەمسە ئىسچوت سورىسىلا زىمىنباي، ماقۇل ئەمسە سودىلىقلىرىنى ئالغاچ كېلەي، ئۇنتۇپ قالمىسام ئالىمەن. مەن بۈگۈن سېرىق بۇيا بازىرىدا كىرگەن مىدە ئېشەكنىڭ ھەممىسىنى ئالىمەن. بىر خەنزۇ بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم. سۇۋارىسىدا 800 كويدىن ئالىدىغان بولدى. مەن 300 كويدىن 500 كويغىچە باھادا ئالالايمەن. لېكىنزە جاپاسى جىق. دەريادىن ئۆتكۈزگىچە ئېشەكلەرگە مىڭ پەشۋا ئاتىدىغان گەپ. مەندىن باشقا كىم ئېشەك بىلەن مۇشۇنى ئىشلالايدۇ؟ جاھىللىرىنى باغلاپ سۇدىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزىمەن. يامانلىرىنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ تۇمشۇقلىرىنى قانىتىپ ياۋاشلىتىدىغان گەپ. ھەي پۇل تاپماقنىڭ تەسلىكى.

— ئاسان پۇل تاپىدىغان ئىش قىلسىلا بولمامدۇ؟ — دېدى يەنە بىر بومبا ساقاللىق دېھقان ئاشقان بۇردا ناننى يېشىل تاۋار بەلبېغىغا تۈگۈۋېتىپ، — ناھىيىدە ئوغلاق بولارمىش، بىرىنچى بولغان ئادەمگە 500 كوي نەق پۇل بېرەرمىش.

ئاق - سېرىق پوقاق ئادەم ئالدىراپ چىقتى:
— ئۆيگە كىرەيلى بۇتياباي!
— خوشە، ئېتىڭ بارمۇ؟
— ئوغلاق بولامدىكەن، بەيگىمۇ؟
— ئېيتە نۇرەك، ئېتىڭنىڭ بىر كۈنلۈكىگە نەچچە ئالىسەن؟
— بەيگە بولسا، 100، ئوغلاق بولسا، 150 نى بېرەرسەن؟
— نېمە؟ — بۇتيانىڭ قىيغاچ كۆزلىرى پىرقىرىدى، — ئوغلاقتا چاپىمەن، بىر كۈنلۈكى 50 كوي. ئىگەر - توقۇمى بىلەن بۈگۈن كەچكىچە ئۆيگە ئاپىرىپ قوي، بولمىسا رەنجىشىپ قالىمىز - ھە!

بۇتيا «گەپ تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ موتىكلىتنى ئوت ئالدۇردى. نۇرەكنىڭ ئېغىزى كاماردەك ئوچۇق پېتى تۇرۇپلا قالدى. ئۇ بۇتيانىڭ دېگىنىنى قىلماسلىققا ئىلاجىسىز - دە!

بۇتيا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ، ئەتراپتىكى ئېتىزلارغا، باغلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى تەڭدىشى يوق دانا، كۈچلۈك، ھۆكۈمران ھېسابلىماقتا. ھازىر ئۇنىڭغا ھە دېسىلا جەرىمانە قويىدىغان شۇجەمۇ ياۋاشلىغان، پات - پاتلا بۇتيانىڭ «ئېپادىسى» نى ئىگىلەشكە كېلىدىغان يېزا ساقچىسىمۇ كەلمەيدىغان بولدى. ئەمدى بۇتيانىڭ ئەقلىنى، قارا كۈچىنى راسا ئىشقا سالىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئەقلىدە، قارا كۈچتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇتيادەك

دوراپ سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ يەرگە يىراق يەرلەر-
دىن مۇشۇنداق كەپلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئەتمىگەنلىك
چاي ئىچىشكە توپلىنىشقان يېشى ھەر خىل، چىرايلىرى
خىلمۇ خىل، كىيىنىشلىرى، ئولتۇرۇشلىرىمۇ پەرقلىق
بولغان دېھقانلار قىزىقىش، ھەۋەس ۋە زېھنى بىلەن
زىمىنباينىڭ ئاغزىغا قاراشقان. تورۇسلىرى قارايغان،
دىمىق چايخانا شۇ تاپتا ئۇلار ئۈچۈن ھۇزۇر - ھالا-
ۋەتنىڭ بۆشۈكى. زىمىنباينىڭ ئىنچىكە، ساپ ئاۋازى
ئۇلار ئۈچۈن يېتىلگەن قارىنىڭ قىرائەتىدەك تەسىرلىك.
چۈنكى بۇ ئۆي، بۇ ئاۋازدا يېڭىلىق — دەۋر
ئاۋازى، يېڭى دۇنيانىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى بار.

2

بۇتيا زىمىنباينىڭ 200 يۈەن پۇلىنى ئارقا يانچۇ-
قىدىن ئېلىپ 100 يۈەننى ئايرىپ كىتابلار تىزىملىكى
يېزىلغان قەغەزنىڭ يېنىغا سېلىپ قويدى - دە، قالغان
100 يۈەننى ئۆز پۇللىرىغا قوشتى: «100 يۈەنلىك
كىتاب ئالساممۇ ئۇ مەندىن مىڭ رازى بولىدۇ. ھەر
قېتىم سودا بۇيرۇغاندا شۇنچىلىك پايدا ئالسام زىمىن-
نىڭ تاپقان پۇلىنىڭ يېرىمى مېنىڭ!» دېدى ئۇ موت-
سىكلىتنى بىر چوڭ قورۇ ئالدىدا توختىتىپ:
— ئۇرەكباي! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ خۇددى
ھاڭگا ھاڭرىغاندەك يۇقىرى ئاۋازدا. دەرۋازىدىن شا-
ھاق دوپپا، ئاق يەكتەك كىيگەن. مەيدىسى ئوچۇق،

بىلەن ئىتنىڭ قورسىقىغا ئولتۇرۇۋېلىپ ئىتنىڭ بېشىنى يەرگە ئۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىر ئىت ھوشسىزلىنىپتۇ. بۆتىيا بىر ئىشتان زىيان تارتقىنى بىلەن 500 كوي ئۇتۇۋاپتۇ.

— كىم مۇشۇ شوخا تىكەن ئۈستىدە يالىڭاچ ئېغىناپ ئۇ باشقا چىقالىسا 100 كوي دەپتۇ بىر بىدىڭگە 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەرنى كۆرسىتىپ.

بۆتىيا دەرھال كىيىمىنى سالىپتۇ ۋە گەپمۇ قىلماي ئېغىناپتۇ. بەدەنلىرى سوقۇشقان خوزازىنىڭ تاجىسىدەك قان تەپچىرەپ تۇرغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ بەڭگىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە 100 كويىنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئاپتۇ.

بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ. بۆتىيا بۇ «نوچىلىق»لىرى بەدىلىگە نام چىقىرىپلا قالماي، پۇلمۇ تاپتى. «بىر كۈن ئۆلۈم بىلەن تىركىشىپ بىر ئاي بىكار يۈرسەم بۇنىڭ نېمە زىيان؟» دەيدۇ ئۇ زېمىنبايدەك نەسىھەتچىلىرىگە مەغرۇر غادىيىپ.

ئەتىسى بۆتىيا باي چايخانىدا موتىسىكلىت بىلەن ئەمەس، ئات بىلەن كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تىڭشامەت بۇرادەرلەر! — دېدى ئۇ تۈنۈگۈن قىزىلبۇيا بازىرىدىن ئۆگىنىۋالغان سۆزىنى ئىشلىتىپ، — سالامەت قوپاشتىلىمۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئامەتلىك بېگىم! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — سودا - سېتىق بەلەنمۇ؟

— قۇرۇسۇن! — دېدى بۆتىيا تامغا يۆلىنىپ بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — ئېشەك دېگەن تېجى-

ئادەم ھەرقانداق قارامىلىقتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ - دە، بىرلا شەرت شۇ: پۇل تاپسىلا بولدى. پۇللا ئۈندىكەن بۇتيا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار. بۇ ئىش چوڭ-كىچىك، ئوڭاي - تەس بولسىمۇ مەيلى، بۇتيانىڭ قىلىشقا كۆزى يەتسىلا ئۇ ئىشتىن باش تارتمايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇتيا داڭلىق، نامى ھەممە يەرگە مەلۇم ئادەمدۇ!

يالغان بولسا، خەلق ئېغىزىدىكى ھېكايىلەرگە قۇلاق سېلىڭ:

... بۇتيا بىر كۈنى راسا مەست بولۇۋېلىپ ئىت تالاشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، تۆت پۇتلۇق بولۇۋېلىپ يېڭىپ چىققان قارا ئىتقا قاراپ بىردە ھاۋشىپ، بىردە خىرقىراپ خىرىس قىلغىلى تۇرۇپتۇ، كۆپچىلىك قىزىقچىلىق قىلىپ ماختىنىۋاتقان ئىت ئىگىسىنى دەيدەيگە ساپتۇ:

— بۇتيا جەزمەن 500 كويدىن دو قويۇپ ئىتىڭ بىلەن تالىشىدۇ!

— تالىشىمەن! — دەپتۇ بۇتيا ئىتقا ئېتىلىپ.

— پۇلۇڭنى چىقار! — دەپتۇ ئىت ئىگىسى. بۇتيا يېنىنى كولاپتۇ. قىزىقچىلار بىردەمدىلا يىغىش قىلىپ 500 كوينى غەملەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇتيا ئىتقا ئېتىلىپتۇ. ئىت بۇتيا بىلەن ئۆرەدىشىپتۇ. بۇتيا قارا ئىتنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنى زادىلا چىشلەتمەپتۇ. ئىت بىلەن ئۆرەدىشىپ - چىرماقلىشىپ ئاخىر بۇتيا قارا ئىتنى بېسىۋاپتۇ - دە، ئېغىر گەۋدىسى

ئوغرى. «ئەستاغپۇرۇللا» دەيمەن. زىمنىباي بىر قېتىم
ھېيت ئوغرى بىلەن 50 كويدىن كېكىرىشىۋاتقانىنى
ئۈستىگە كېلىپ تەنقىد قىلىلا ئەمەسما. شۇ تەنقىدلىرى
قۇلىقىمدا تۇرۇپ قاپتىكەن، ھېلىقى ئوغرىنى «ياق» دەپ
ساپتىمەن. قارىسام ئۇ ئوغرى قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرىدۇ.
جۇدۇنۇم تۇتتى — دە، ماڭ جوغۇ ئەۋەدە تۇرۇپ تۇر
دەپ ئوغرىنى كەتكۈزۈۋەتتىم. خام لەغمەندىن ئىككى
تەخسە، ئۈرۈكتىن ئەللىكنى يېۋېتىپ ئىسگەكىم ھېلىقى
ئوغرى بىلەن تازا زوڭ ئولتۇرۇپكىم ...

— بولدى بۇتياباي، — دېدى زىمىن تەرىنى
تۇرۇپ، — باشقا گەپ قىلىسلا.

— ئۇتتىلىما — دېدى «خوتەك» ناننى قۇرۇق
يەۋېتىپ قىزىقىپ.

— ئۇتمامدىغان، — دېدى بۇتيا ئەتراپىقا مەغ-
رۇر قاراپ قويۇپ، — ھېلىقى ئوغـرى يەتمىشنى كەل-
تۈرۈۋېدى. پېقىر مانا ئەمىسە دەپ تۇقساننى...

— ئەمدى بولار بۇتياباي، — دېدى مويسىپىت
ئادەم تەتۇر قاراپ، — غىزا ۋاقتىدا بىئەدەب گەپ
قىلىش گۇناھ بولىدۇ بۇتياباي.

— شۇنىداقما؟ — دېدى بۇتيا تەنە بىلەن موللا
چىراي مويسىپىتكە ئالىيىپ قويۇپ، — ئاشۇ 100 كوي-
نى نەزىرگـە خەجلەپ ئالدىلىرىغا پوشكال قويسامچۇ؟

— ئازار بەرمىسلە بۇتياباي، — دېدى بايىقى
مويسىپىت يىغلامسىراپ، — ناشتىدا ياخشى گەپ، مۇ-
ھەببەت ئىزلەپ بۇ چاي-خانىغا كېلىمىز غوجام، ئازار

مۇ ھارام بولۇپ كەتسۇن، بىر پۇڭلۇق پايدا يوق،
ھېلىقى خەنزۇمۇ يېنىۋاپتۇ. ئېشەك بازىرىغا مېدە دېگەن
تۇشۇپ كېتىپتۇ. يائاللا، بۇ خەقنىڭ قۇلىقى ئېشەكنىڭ
قۇلىقىدىنمۇ ئۇزۇن جۇمۇ. ئېشەك ئالىدىغانلارنىڭ شىڭ-
شىڭشاغا كەلمەي تۇرۇپ بىزنىڭ سودىگەرلەر ماللىرىنى
تەييارلاپ بولۇشىدىكەن!

— پايدا ئالالماپلىدە، ئاپلا، يامان بوپتۇ.

— نېمىشقا ئالالمايدىكەنمەن؟ — دېدى بۇتىيا
ئىچ ئاغرىتقۇچىغا قىيغاچ كۆزلىرىنى پىرقىرىتىپ قاراپ
قويۇپ، — ئېشەكتىن پايدا ئالالمىغان بىلەن تاۋۇكادىن
ئالدىم.

— نېمە دېدىلە؟ — دېدى زىمىنباي خۇددى چا-
يان چاققاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بۇ، بۇ...

— بۇ، بۇنى ئازراق دېسىلە زىمىنباي، — دېدى
بۇتىيا كۈلۈپ.

— سەت گەپ بولسىمۇ دەپ بېرەي، تۇۋا، سىلى-
گە كىتاب ئالىمەن دەپ كىتابپۇرۇشنىڭ ئالدىدا شۇن-
داق زوڭ ئولتۇرۇۋېدىم، خۇددى خادانى يىرتىلغاندەك
«تارت - تارت - تارت» قىلىپ بىرنەچچىسى چىقىپ
كېتىپتۇ. بىر كەمدە قارىسام، بىر ئاداش مۇرەمگە
ئۇرىدۇ.

— نېمە دەيسەن ئاداش، گەپ بارما؟ دېسەم، —
نوچى ئوخشىمامسەن؟ — دەيدۇ تېخى.

— ھە، نوچى بولسام قانداق قىلماقچىدىڭ؟ —
دېسەم: «يۈز كويدىن ئوسۇرۇشامسەن؟» دېمەمدا!

دۇتار، تەمبۇر راۋابلىرىنى مەن ئېلىپ بەرگەن. مۇنۇ كىتابلارنى مانا بۈگۈن ئالدىم. زىمىن بىلەن خوتۇنى 10 - سىنىپنى تۈگەتكەن دېھقان بولغىنى بىلەن بىر دۆلەتكە زۆرلۈك قىلىپ قويسا تەمتىرىمەيدۇ. ھەرقاي- سىلىرى ئەپەندى بولۇشقانلىرى بىلەن تېخى زىمىنباي- دىن جىق دەرس ئېلىشىدىلا» دېدىم جۇمۇسلا. لۇدىن باللىكەن، يېگەن مانتامىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ ئىككى چىنە پىۋا قۇيۇپ بەردى دېسىلە. مەدەنىيەتلىك دېھقان، 80 - يىللارنىڭ ئەمگەكچىسى دەپ مېنىمۇ ھە دەپ ماختاپ يۈرىدۇ تېخى!

كۆپچىلىك ھۇزۇر، زوق بىلەن كۈلۈشتى.

— ھېلىقى مۇسابىقىلىرىنى كۆرگەن بولسا مەدە- نىي دېھقان دېمەيتتى جۇما؟

— بولدى، ۋاي خوتەك، بىر گەپنى ئاغزىڭغا ئې- لىۋالساڭ ھېلىلىمدەك كەچ كىرگىچە شورايدىكەنسەن، جۇرە تالاغا چىقىلى!

بۇتياباي خۇددى سا چۆجىنى ئېلىپ ماڭغاندەك «خوتەك»نى تالاغا ئېلىپ ماڭدى.

چايخورلار قىزىقچىلىقنى كۆرگىلى تالاغا چىقىشتى. چايخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كونا خامان ئورنىدا بۇتيا ئات ئوينىتىپ بايىقى «خوتەك»نى بىر قولى بىلەن يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتنى بولۇشىغا چېپىپ دۆۋىلەكلىك پاخالنىڭ ئۈستىگە ئاتماق- تا. «خوتەك» ئۈستىبېشى پاخالغا مىلىنىپ يەرگە چۈش- سىلا بۇتيا يەنە ئۇنى بىلىدىن تۇتۇپ يەردىن يۇلۇپ

بەرمەسلە.

— ماقۇل ئاتا، ماقۇل! — بۈتياباي قوغۇنلۇقتا قاغا قورىغاندەك ۋارقىرىدى، — زەمىنباي، ئوغلاقتا ئىككى كۈن قالدىمىز؟ ئات تاۋلاشنى سىلى ئوبدان بىلىدىلا. ئۇرەكباينىڭ ئىيتىنى 50 كويغا بىر كۈن مىنىشكە ئالدىم. ئاتنى تاۋلاپ بەرسىلە؟

— بولىدۇ بۈتياباي، مانا بۇ سەنئەت. ئوغلاق تارتىشتا بىرىنچى بولسىلا سىلىگىمۇ، بىزگىمۇ پايدا. ناھىيىدىن تاللانسىلا ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىدىلا. پۈتۈن ناھىيىمىزنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن بەلەن ئىش قىلىغان بولىلا. نامىلىرى تېخىمۇ چىقىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، بەلەن، بەلەن! -- دېدى بۈتيا بۇقا بوينىدەك توم بوينىدىكى قەرىنى كىر لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ، — زەمىنباي، ئەما ئېيكىن سىلىنىڭمۇ نامىلىرى چىقىپ بوپتۇ. ھەممىلا كىتابپۇرۇش، سىلىنى تونۇيدىكەن. مانتىپەزىنىڭ دۇكىنىدا ئىككى ئەپەندى سىلىنىڭ گەپلىرىنى ھە دەپ قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بىر ـ يازغۇچى دەمدۇ، مۇخپۇر دەمدۇ سىلىنىڭ كىتابخانىلىرىنى، سىلىنىڭ ھېلىقى تېخىسكا ئۆگىنىدىغان مەكتەپلىرىنى ماختاپ ماقالە يازغان چېغى، سىلىنى بەلەن ماختىدى جۇمۇسلا، ئاخىر چىدىماي ئۇلارنىڭ گېپىنى تارتىۋالدىم جۇما. «زەمىن دېگەن مېنىڭ دوستۇم، ئۇنىڭ سەيگۈيەنى① مەن. ئۇنىڭ ھەممە كىتابلىرىنى،

① مال سېتىۋالغۇچى

دەك تېپىلىپ تۇرىدۇ. مىسالى بىرسىنىڭ قويى ئۇچىنى قوزىلايدۇ، بىرسىنىڭ ئايالى قوشكېزەك تۇغسا، يەنە بىرسى ئايالىنى ئۇچ تالاق قىلىپ قويۇپ قايتىدىن نىكاھلىنىشقا پەتىۋا ئىزلەيدۇ، بەزىسى قول تراكتور سېتىۋالسا، يەنە بىرسى ماي زاۋۇتى قۇرىدۇ. بىرسى مەھەللىنى توك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن سىم تارتىشقا كىرىشسە، يەنە بىرسى يوشۇرۇنچە ئۆسۈمگە قەرز تار-قىتىدۇ.

لېكىن مەيلى قانداق بىر يېڭىلىق بولسىمۇ، ئۇ چايخورلارنىڭ ناشتىلىقى بىلەن بىللە چايخانىغا كې-لىدۇ - دە، ئۇ يەردە بىردە سەمرىپ، بىردە پەرداز-لىنىپ، يەنە بىردە بۇزۇلغان سائەتتەك قايتا توغرىلى-نىدۇ - دە، قايتىدىن كوچىغا، ئۆيلەرگە، خامان - ئېتىزلارغا تارقايدۇ. مانا بۇلار يېزا قىزىقچىلىقى.

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق، دالا شاماللىق. چايخانا دى-مىق، تورۇسنى بويلاپ كۆكۈچ ئىس لەيلەپ يۈرمەكتە. لېكىن پەتنۇسلاردا سۇنۇلغان مەززىلىك چەينەكلەر بى-لەن، ئۇشتىمساق ھورى چىقىپ تۇرىدىغان مەگزى قى-زارغان نانلارنىڭ پۇرىقى چايخانىغا كۆڭۈللۈك، تە-لىك ھاۋا تارقاتقاچقا، چايخورلارنىڭ چىرايلىرى ئې-لىق، كەيپلىرى سىلىق، سالاملىرى قىزغىن.

— ئەسسالام داستىخىنى كەڭ ئۇلپەتلىرىم!

بۇتياباي ئېغىر قەدەم، كۆڭۈلسىز سالام، تۇتۇق چىراي بىلەن كىرىپ كەلدى.

— يۇقىرى ئۆتسىلە بۇتياباي، — دېدى مويسىپىت

ئېلىپ قىيناماقتا ئىدى.

— بۇ قاملاشمىغان مەشق! — دېدى زىمىنباي گاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ، — بۇتىياباي لازىم بولسا مەن سىلىگە بىر ئۆچكە سويۇپ بېرەي، شۇنى مەشق قىلسىلا.

— قويۇپ بەرسىلە، مۇنۇ «خوتەك» تولا چىشىمغا تېگىدىغان بولۇپ قالدى.

— مەيلى! — دەپ چىرقىرىدى ئەسەبىيلەشكەن «خوتەك»، — قويۇپ بېرىڭلار، يولۋاستىن قورقمايدىغان «خوتەك» مەن!

— بىچارە! — دېدى مويسىپىت ياقىسىنى تۇتۇپ، — تۇۋا، تاپقان قىلىقىنى قاراڭلار بۇتىيابايىنىڭ. 20 يىلدەك سەركەردان بولۇپ بۇ بىچارە ئەمدى يېزىسىغا كەلگەن تۇرسا، شۇنى بوزەك قىلمىسا نېمە بولار ئىدى.

زىمىنباي خامانغا قاراپ يۈگۈردى.

— بۇتىياباي، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئوغلاق قىلسىلا!

بۇتىيا ئىتىنى توختاتتى. پاخال - سامانغا مىلەنگەن، كىيىملىرى يىرتىلغان، بۇرنى قانىغان «خوتەك» ئۇنىڭ قولىدىن سىرىلىپ چۈشتى.

3

كىچىككىنە يېزا ئۈچۈن يېڭىلىق ھەر كۈنى دېگۈـ

لۇغ كىچىك تىنىپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا ماڭاتتى. بۈتىيابايى قاقاقلاپ كۈلىسچۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممە چىرايلاردا كۈلكە، چايخانىدا ھارارەت پەيدا بولۇپ، چايخانىچى ئىككى سۇپا ئارىلىقىدىكى پەگاھتا يورغىلاپ، ساماۋەر-لەرنىڭ ئوتلىرىنى چوغلىنىپ كېتەتتى.

بۈگۈن بۈتىيانىڭ كەيپى يامان، شۇڭا پاراڭ قىزىمىدى. بۈتىيا ئەتراپىغا قارىدى:

— زىمىنباي كۆرۈنمەيدۇ - يا؟

— خوتەكنى ئىككى كۈن بولدى كەلمىدى، — مويسىپىت بۈتىياغا قاراپ قويدى، — بۈتىيابايىنىڭ چاقچىقى ھار كەلگەن چېغىشۇ!...

— شۇ خوتەكنىڭ كاساپىتى، — دېدى بۈتىيا قايماقلىق چايغا ناننى ئۇششاق توغراپ سېلىۋېتىپ... شۇ كۈنى خوتەك ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇچ قېتىم ئۇسسۇ-ۋەتكەن، ئات چام ئېلىپ قاپتۇ. ئوغلاقتىن ئۇرۇكۈپ يېقىن كەلگىلى ئۇنىماي ئۇچ قېتىم يەردىن ئوغلاقنى ئېكەشىپ ئالالمىدىم. شۇڭا، ھېلىقى ئالا ئاتلىق توققۇز قېتىم تاشلىدى. مەن يەتتە قېتىم پەللەككە ئوغلاق تاشلىيالىدىم.

— گەپ ئاتتىكەن!

— «خوتەك»نىڭ كاشىلىسىكەن راست!

— بۈتىيابايى ئىككىنچى بولالىتتىڭ، ئات ئىككىنچى بولغان گەپ!

ئەمدى بۈتىيانىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئۇ ماختىنىشنى باشلىدى:

بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، مېيىغىدا كۈلۈپ
قويۇپ، — بۈگۈن ھاۋا ياخشى ئەمەس.

— نېمىگە خاپىسەن بۇتىيا دەيلىغۇ ھەقاچان.—
دېدى بۇتىيا بوۋاينىڭ كۈلكىسىدىكى تەنىنى چۈشىـ
نىپ، — خامىنىمغا ئوت كەتكىنى يوق، يا بولمىسا
خوتۇنۇمنىڭ تۇغۇتى تەتۈر كەلگىنى يوق، يۇرتقا
نام - ئاتاق ئەكىلىمەن دەپ ئوغلاق تارتتىم، قانداق
بوپتۇ تەقسىر؟

— ناھايىتى بەلەن، ئۇلۇغ ئىش بۇتىياباي !—
بوۋاي يەنە كۈلدى.

— بىرىنچى بولالمىدىڭ بۇتىيا دەۋاتىلىغۇ دەيمەن؟

— يوقسۇ، بەلەن تارتىپلا غىرجام.

— يوقسۇ، تەقسىر سىلىدەك تەقۋادارنىڭ چىشىـ
غا تېگىپ قويماي دەپ ئاتنى تاۋلىغان بىلەن ئۆزۈمـ
نى تاۋلىماپتىمەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرىكىن؟

— ئىچەلمىدىم، — «گىزچىڭ داچـۈي»دىن بىر
بوتۇلكىنى بوشىتىۋېتىپ ئوغلاققا چۈشكەن بولسام، بىرىنـ
چى بولاتتىم. شۇنىسى كەم بولۇپ قېلىپ ئۈچىنچى
بولۇپ قالدۇق، ئارانلا 100 كوي مۇكاپات ئالدۇق.
ئاتقا تۆلەپتىمەن، قالدى قېتىقىنىڭ بەش پۇلى. خاپا
بولماي خۇشال بولسام بولاتتىمۇ ئەمەسە؟

گويا بۇتىيابايىنىڭ كەيپى بۇ چايخانىنىڭ ھاۋاـ
سىنى ئۆلچەيدىغان تېرمومېتىردەك ئۇنىڭ قاپىقى تۈـ
رۈلسە پۈتۈن چايخانا سوۋۇيتتى، چايخانا ئىچىمۇ تۈـ

ماستىن بۇغدىيىكىگە بېرنى تۇرتۇپ ئېشەكنى ئېلىۋال-
دىم! مانا مۇشۇنداق قىلىپ داڭ چىقارغان مەشھۇر
ئادەممەن!
— ئامەتى بار، بۇتىيابايىنىڭ ئامەتى بار، — دې-
دى بىر چايخور.
— مۇشۇنداق قىلىپ بېيىۋاتىدۇ. قارا كۆچىنى
پۇل قىلىۋاتىدۇ، — دېدى يەنە بىرسى.
چايخانىغا زىمىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا
چاققان ئۈنئالغۇ بار ئىدى. ئۈنئالغۇدىن قالۇن، غىجەك،
دۇتار، راۋابى تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا، يېقىملىق
ناخشا ئاڭلىناتتى. زىمىننى كۆرۈپ بۇتىيا ئورنىدىن
تۇردى ۋە چوتكىدەك قاشلىرىنى ئېتىپ، كېلەڭسىز گەۋ-
دىسىنى لىغىرلىتىپ، ئۆكۈزنىڭ پاچىقىدەك قاسماقلاش-
قان ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، يېڭى ئۆگىتىلگەن ئېيىق-
تەك ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى.
— سىلى ئۇسسۇلدا ھېچكىمنى يېڭەلمەيلا! — دې-
دى زىمىنباي ئۇنىڭغا بېقىپ ئىككى ئايلىنىپ قويۇپ، —
ناھىيىدە چېلىش بولىدىكەن. سىلى مانا بۇ مۇسابىقى-
دە نام چىقىرالايلا.
— بىرىنچى بولغان ئادەمگە نەچچە بېرىدىكەن؟
بۇتىيانىڭ چوتكا قاشلىرى دىڭگايدى، قىيغاچ
كۆزلىرى پىرقىرىدى.
— ئۇقمىدىم، ناھىيە بويىچە پالۋان تاللاش بول-
غاندىكىن ئاز بولمىسا كېرەك.
— ئون تەڭگە بولسىمۇ يۇلغىنىم - يۇلغان، —

— شۇدە! مەن قاچان ئىككىنچى بولغان؟ ئارغامچا
قارتىشتا بىزنىڭ يېزا كىمنىڭ كۆچى بىلەن بىرىنچى
بولدى؟ ھاشاردا كۈنىگە 50 كۇب توپا قازغان كىم؟
باشقىنى قويايلى، تومۇزدا پاقلان گۆشى يېيىشتە كىم
مېنى يېڭەلىدى؟ ئۇن كىلو پاقلان گۆشىنى سۇدا يات-
ماي سىڭدۈرگەنمىز، 30 بوتۇلكا پىۋىنى بىر ئولتۇ-
رۇشتا ئىچىۋېتىپ 50 كوي ئۇتۇۋالغانمىز، زوڭزىيىپ
ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇن قوغۇننى يەپ بولغانمىز مەن بۇتىيا.
تېخى يەنە 20 يىل بىرىنچىلىكنى بەرمەيمەن.
بەسلىشىدىغانلا ئىش بولسا، پۇل تىكىدىغانلا بولسا،
قىلالمىغان ئىشلارغىمىز ياق دېمەيمەن. بىر كۈنى
دەرياغا راسا لىغىلدىشىپ كەلگۈن كەلدى. قارىساق
بېشىك ئايلىنىدۇ. بىر ئوغرى قوپاپ: «كىم مۇشۇ دەر-
يادىن ئۈزۈپ ئۆتەلىسە، مۇشۇ ھاڭگامنى بېرىمەن» دې-
مەمدا، ئويلانمايلا كىيىم سالدىم. ئىگەكىم ئېشەككە
ئوخشاش سۇنى كۆرسەم تېنىم جۇغۇلدايتتى. ھاڭگىنى
بېرىمەن دېۋېدى، ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن. سالاپچىلار
پەلەن - شەلەن دېگۈچە سۇغا سەكرىدىم. چۆكىمەن،
سەكرەيمەن، يەنە چۆكىمەن، يەنە سەكرەيمەن، بىر-
كەمدە ھالىمدىن كەتتىم، ئىگەكىم مىڭنى سەكرىگەندى-
مەن، ئەمدى ئۆلدۈم دەپ يەرلى دەسسەم دەريا
سۈيى كىندىكىكە كېلىدىغان يەردە تۇرىمەن. تۆت تاق-
لاپ ئا قاتقا ئۆتتۇم. كېمە بىلەن بۇ قاتقا ئۆتۈپ،
ھاڭگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتۇم. «سەن بۇتىيا ئۈزمەستىن
سەكرەپ ئۆتتۈڭ» دېمەمدا ھېلىقى ئوغرى، گەپ قىل-

«خوتەك» مەھەللىدىمۇ كۆرۈلمەيتتى. گۈللۈك ئۇستا چېلىشچى ئىكەنلىكىنى بۇتىيا ئاڭلىغان. لېكىن ھېلىقى كۈنى بۇتىيا ئۇنى «ئوغلاق» قىلىپ ئوينىغاندا «خوتەك» نىڭ مۇنۇ ئايالچىلىكمۇ جېنى يوقلۇقىنى كۆردىغۇ. ئۇ بولسا قانداق قىلماقچى. بۇتىيا ئۇستى يالىڭاچ، ئىشتاننى تىزىدىن يۇقىرى تۈرگەن ھالدا تۆت كوچىغا چىقىپ تۇردى. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئۇچرىمىدى. بىر كەمدە مەھەللىنىڭ دۇمچەك ئىمامى بىر قارا خوتەكنى يېتىلەپ كوچىدا پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئىمام ئاخۇنۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بۇتىياباي.

ئۇلار كۆرۈشتى. ـ دە، بۇتىياباي ئىمامنى يەردىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ ئەپچىقىپ خۇددى بوۋاقنى ئويناتقاندەك ئويناتقىلى تۇردى. ئاخۇنۇم قورقىنىدىن ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قالدى. بۇتىيا ئاخۇنۇمنى بېشىدىن ئېگىزدە توختىتىۋېلىپ يۈزىنى يۈزىگە توغرىلىدى ـ دە:

— ئاخۇنۇم «خوتەك» نېمىشقىز، — دەپ سورىدى.

— ئوغلۇم .... ئاخۇنۇم غالىلداپ تىترىدى.

— ئۇ چېلىشچىمۇ؟

— شۇ... شۇنداق... يېنى يەرگە تەگمىگەن...

— نەدە ئۆگەنگەن؟

— ئاستىن ئا... تۇشتا...

— مېنى باسالامدۇ؟

— بىلمەيمەن بالام...

دېدى بۇتيا خۇددى ھازىرلا چېلىشقا چۈشىدىغاندەك ئالدىراپ.

شۇ سائەتتىن باشلاپ بۇتيا باشقا ھەممە ئىشنى يىغىشتۇردى. ئۇ كۆرۈنگەنلا ئادەمنى بېلىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىدىغان، مۈرىسىگە ئېلىۋالىدىغان، يېقىنىراقلارنى پىرقىرىتىپ ئاتىدىغان، كۈچلۈك كرەكلىرىنى تەتۈر، ئۇڭ چىماق ئۇرۇش، ياممپاشقا ئېلىش، قول قايرىش ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ خېلىلا قالتىس ئاتىدىغان بولۇۋالدى. بەزىلەر خاپا بولسا، بۇتيا ئۇنىڭدىن بەتتەرەك كۆكەپ:

— يېزىمىزنىڭ داڭقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر يېرىڭ ئاغرىسا نېمە بولاتتى! — دەپ ۋارقىرايتتى تېخى.

بۇتيابايىنىڭ كۈچلۈك قوللىرىدا مەھەللىدە مىجىلمىغان ئەركەك قالمىغىلى تۇردى. كىشىلەر ئۇنى كۆرسە قاچىدىغان بولۇۋالدى. بىر كۈنى ھويلىسىدا چېلىشىدىغان ئادەم تېپىلمىغىنى ئۈچۈن ئايالىنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ پىرقىرىتىشقا باشلىدى. ئايال خۇددى ئىتنىڭ ئاغزىغا چۈشلەنگەن مېكىياندەك ئالەمنى بېشىغا كىيىدى. قوشنا - قولۇملار يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. بۇتيابايى قاقاقلاپ كۈلۈپ ئايالىنى كىگىز يېيىلغان تونۇرنىڭ بېشىغا ئاتتى - دە:

— مەشىق، بىرىنچىلىك ئۈچۈن! — دېدى.

— كۈچلۈك كرەك بىرسىنى تاپقىن - دە، ھەي خوتەكنىڭ يوقلۇقى!

— ھە، شۇنداق بولسۇن!...

لېكىن ئاڭلىغۇچىلار بەكمۇ قىزىقمىدى. سەۋەبى ئۇلار بۇتيانىڭ كالا ھۆركىرىگەندەك چىقىدىغان قوپال ئاۋازىغا كۆنۈپ قېلىشقان. ئاشۇ ئاۋاز بۈگۈن كەچىلى...

4

— چىقسۇن، مۇڭگۈزى بار، ئىككى بېشى بار پالۋان بولسىمۇ چىقسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى بۇتيا چېلىش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالىڭاچ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىككى قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ.

كەڭ، قۇملۇق سەينادا دۈرە بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر ئارىسىدىن ماختاشلارمۇ، زوقلىنىش، ھوزۇرلىنىشلارمۇ، زاڭلىق — مەسخىرىلىك گەپلەرمۇ كەلمەكتە.

بىرلىرى بىلەن پەخىرلەنگەن، يەنە بىرلىرىگە غەزەپلەنگەن بۇتياباي خۇددى پادىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇقىدەك ھۆركىرەپ، ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئالقانلىرى بىلەن توپا تىلغاپ چاڭ چىقىرىپ قويدى ۋە يەنە ۋارقىرىدى:

— تەنتەربىيە① نىڭ پالۋانلىرى نېمىشقا چىقمايدۇ. قېنى ھېلىقى ئۈزۈنتۇرا چىماقچى؟ چاشقان تۆشۈكىگە كىرىپ كەتتىمۇ — يا ھا — ھا — ھا!...

مەيدانغا ياچۇۋەكتەك ئاۋاق، ئۈزۈنتۇرا ئالباش دېھقان چىقتى، بۇتيا بۇقىدەك ئالايدى، ماي تارتتى —

① تەنتەربىيە كومىتېتىنى دېمەكچى.

— راست گەپ قىلىسىلا؟

— ئۇ ھازىر ئەللىكتىن ئاشتى... بەلكىم...

بۇتىيا ئاخۇنۇمنى قويۇپ بەردى - دە، ھېلىلا ئېغىناپ قويۇپ يەر پۇراۋاتقان قارا خوتەكنى ئالدى پۇتى بىلەن قورسىقىدىن تۇتۇپ يەردىن يۇلۇپ ئالدى ۋە ئۇنى پىرقىرىتىپ تۇرۇپ پۈتۈن مەھەللە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ ھۆركىرىدى:

— خوتەك!...

ئۇ ئېشەكنى ئۆزىدىن 5 — 6 مېتىر يىراق يەرگە ئاتتى - دە، قاياققىدۇر يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ چايخانىغا ناشتا قىلغىلى كەلمىدى.

— بۇتىياباي كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىيا؟

— بۇتىيابايمۇ؟ — دېدى زىمىن كۈلۈمسىرەپ، — يېزىمۇ يېزا سەييارە چېلىش قىلىپ يۈرگۈدەك. «مېنى باسقانغا 50 كوي» دەپ ۋارقىراپ يۈرگۈدەك. ھازىرغىچە، نۇرغۇن پالۋانلار چېلىشىپتۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ 50 كويىنى ئالالماپتۇ. ناھىيىنى تولۇق ئايلاپ چىقارمىش. ھەر كۈنى قاۋۇل ياشلارنى 2 — 3 كويدىن ياللىۋېلىپ چېلىش مەشق قىلىپ يۈرگۈدەك.

— پاھ، بۇتىيابايزە، نام چىقىرىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىۋېرىدىكەن - دە!

— سەئدىنىڭ «گۈلىستانى» دا، — دەپ گەپ باشلىدى زىمىن چاي ئۇتلىغاچ، — مۇنداق بىر ھېكايەت يېزىلغان ئىكەن...

— قېنى، قېنى، كىتاب كېيىنى ئاڭلايلى.

قىم قوم بىلەن ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ، — يەنە بارمۇ؟

— ھەرقايسى يېزىلار پالۋانلارنى مەيدانغا ئەپ چىقايلى! — دەپ ۋارقىرىدى مەيدان باشقۇرغۇچى. لېكىن ئەمدى ھېچكىم چىقمىدى.

— بارمۇ - يوق؟ ئىختىيارىي چۈشىدىغانلار بول- سىمۇ مەيلى!

— مەن بىر سىنىشىپ باقاي! — مەيدانغا ھا- لىداپ ئىترەپ ۋىجىك، قاتاڭغۇر، بىلەك مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان بىرسى چۈشتى.

— خوتەك! — دەپ ۋارقىرىدى بۇتيا كۆزىگە ئىلماستىن، — بىر ئۇچۇپ باقاي دەپسەن - دە!

ئۇلار 1 — 2 ئايلىنىشتى. بۇتيا «خوتەك»نى تۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتتى، «خوتەك» چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن چىقىپ كەتتى. بۇتيا «خو- تەك!» دەپ ۋارقىراپ كەينىگە بۇرۇلۇشىغا پۇتىغا بىر نەرسە ئۇرۇلدى، بۇتيا مەيداننىڭ سىرتىغا قاراپ دۇم- چىيىپ يۈگۈرۈپ بىر ئادەمنى ئۇسۇپ تۆت پۇتلۇق بولۇپ توختاپ قالدى.

— خوتەك! — دەپ ھۆركىرەپ ئۇ رەقىبىگە ھەزەپ بىلەن تاشلاندى، لېكىن قولىغا ھېچنەرسە چىقماي يەنە دەلدۈگىنىپ - مۈدۈرۈپ قۇمغا تايىنىپ توختىدى. ئەمدى ئۇ چالا ئوق تەگكەن شىردەك غالجىرلاشتى. چۈشىنىكسىز بىر نېمە- لەرنى دەپ ۋارقىراپ «خوتەك»نى قوغلىدى. قىقاس -

دە، يىلپىزدەك ئېتىلىپ بېرىپ، رەقىبىنىڭ بويىندىن ۋە پاچىقىدىن ئالدى ۋە ئۇنى موكىنى قاتلىغاندەك قاتلاپ قۇملۇق يەرگە دۈگىلەتتى ۋە:

— ئىسمى قويۇلمىغان ئوخشايدۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر ئىسمى ئالا قاغا بولسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

مەيداندا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۈلكە بېسىلىشىچە بۇتيا قەپەزدىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان يىرتقۇچتەك مەيداننى ئايلىنىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بارمۇ؟ ئارماندا قالمىغىن ئاغىنە باللا!

پالۋان تاللىغۇچىلار يەنە بىر يېزىنىڭ پالۋىنىنى ئوتتۇرىغا ئەپچىقتى. بۇ پالۋان پاكار، كەڭ غوللۇق، پۇت - قوللىرى دىقماق، شاپ بۇرۇت ئادەم ئىدى.

— بەللى، تويمىغانىمدىك قاسىمەك! — دېدى بۇتيا تونۇش پالۋاننى كۈلكە بىلەن قارشى ئېلىپ، — سېنى بۇ قېتىم يار - يار چاقىدەك پىرقىرىتاي، كەلگىن.

— يا... پىر، ھەزرىتى ئەلى! — دەپ ۋارقىراپ ئۇنىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە مۈرىسىگە ئېلىۋالدى بۇتيا. ئۇ رەقىبىنى مۈرىسىگە خۇرجۇندەك سېلىۋېلىپ لوكىلداپ قاتراپ مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقتى - دە، باھالىغۇچىلارنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ راسا بىر پىرقىرىتىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ رەقىبى چىققان تەرەپكە قارىتىپ تۈزىدىن 5 — 6 مېتىر نېرىغا كۈچ بىلەن ئاتتى.

مەيداندا چاۋاك، قىقاس كۆتۈرۈلدى:

— يەتتىنچى! — دەپ ۋارقىرىدى بۇتيا بىر سە-

— سىلى ساق، يەنە ئىككىنچى بولۇپ قالدىلا؟
— ياق، قوپۇپ ئالغان بولسام خوتەكنىڭ يولۇ-
لىنى ئۈزۈۋېتەتتىم جۇمۇ!
— يائاللا، خۇدا ساقلىسۇن، ھېلىمۇ ياخشى باش-
لىرى قومغا يېرىم مېتىر كىرىپ كەتكىنى ياخشى بوپ-
تىكەن، بولمىسا قاتىل بولۇپ قالاتتىكەنلا بوتياباي!...
مانا كەچكۈزمۇ كەلدى. چايخورلار ھەر كۈنى
سەھەرلىكى ناشتا قىلىش ئۈچۈن ئارىسىنى يىراق كۆر-
مەي يول مېڭىپ چايخانىغا كېلىشىدۇ. ئۇ يەردە ئاجا-
يىپ كۆڭۈل كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن ھازىر بۇ خۇشۋاخ
ئادەملەر ئارىسىدا بوتيا بىلەن «خوتەك» يوق.
— بوتياباي بارمۇ - ئۆلدىمۇ؟ دەپ قوپال سو-
ئال سورىدى مويسىپىت، — ئەجەب نام چىقىرىشقا
ئامراق يېتىم ئىدى، مانا تازا نامى چىقتى.
— بوتيا ھايات، — دېدى مەنىلىك قىلىپ زى-
مىنباي. — ھەم ئۆلدى.
— بۇ قانداق گەپ؟
— روھى ئۆلدى، ئۆزى تىرىك. بۇرۇنقى تويىم-
غۇر بوتيا ئۆلدى، قانائەتچان، گېپى، كۆڭلى يۇمشاق
يېڭى بوتيا ھايات.
— ئۇ نېمىشقا چايخانىغا كەلمەيدۇ ئەمىسە؟
— چايخانىدىن كۆڭلى قاپتۇ. ئۇ ھازىر بىزنىڭ
كىتابخانىغا ئۆگىنىۋالدى. باش كۆتۈرمەي كىتاب
ئوقۇيدۇ.
— ھىم، — دېدى مويسىپىت كۈلۈپ قويۇپ، —

چۇقان، چاۋاك، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. بۇتيا شۇل-
چىلىك غەزەپ بىلەن قوغلىسىمۇ «خوتەك» تۇتۇق بەر-
مىدى. بۇتيا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ھالىدىن كەتكۈچە
قوغلىدى، ئۇرغۇن قېتىم قول سوزدى، بىرنەچچە قې-
تىم «خوتەك» نى تۇتۇپمۇ ئالدى، لېكىن ئۇ بېلىقتەك
«غىرت» قىلىپ قولىدىن چىقىپ كەتتى. بۇتيا قۇم -
تەر ئارىلاشمىسى بىلەن خۇددى قاۋان تۇسىگە كىر-
دى. ئۇنىڭ قوللىرى تولا يەر تايىنىپ قالدى، پۇت-
لىرى كالۋالاشتى. مانا شۇ چاغدىلا «خوتەك»نىڭ
بەلبېغى ئۇنىڭ قولىغا كىردى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن
بەلباغدىن تارتىۋېدى، بەلباغ بوشلا باغلانغان چېغى،
ئۈگدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن ئۆمىلەپ قو-
پۇشىغا بىر بىلەك چاتادىن ئۆتكەندەك قىلدى ـ دە،
بۇتيانىڭ پۇتلىرى يەردىن لىككىدە كۆتۈرۈلدى. بۇتيا
ھەش ـ پەش دېگۈچە پۇتلىرىنى بولاڭلىتىپ، قوللىرى-
نى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ قىلىپ «خوتەك» نىڭ ئوڭ مۈ-
رىسىگە قورساقچىلاپ «مىنىپ» «خۇرجۇن»غا ئايلىنىپ
قالدى. ئۇنى «خوتەك» شۇنداق پىرقىراتتىكى، كىچى-
كىدە دادىسى ئەركىلىتىپمۇ ئۇنى بۇنچىلىك پىرقىرات-
مىغان ئىدى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ يەرگە قانداق چۈش-
كىنىنى سەزمىدى.

ئەتىسى ئۇ ئۆيىدە ئارانلا مىدىرلىغۇدەك ھالغا
كەلدى. شۇنداقتىمۇ بوينىنى قىمىرلىتالمىدى.

— نېمىلەر بولدى زىمىنباي! — دوستىغا بىچا-
رىلەرچە پىچىرلىدى ئۇ، — مەن ساقمۇ ـ ئۆلۈكمۇ؟




## 1

نىياز قولىدىكى مال ئېلىش تالونىنى سېمىز شو-پۇرغا ئۇتقۇزدى:

— ئىسكىلاتتىن ئالسەن، ماشىناڭغا باسسەن، تو-رولمە، ئەمگەك ھەققىڭگە پۇل قوشۇپ بېرىمەن. سەن مالنى بېسىپ كەلگىچە مەن مۇنۇ ئۇن توننا ئۆزۈمنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولىمەن، داخىيەن بىلەن تۇر-پاننىڭ ئارىلىقى قانچىلىك يول؟ بىردەمدىلا قايتىپ كېتىمىز. خاپا بولمىغىن، — دېدى ئۇ سېمىز شوپۇر-نىڭ دولىسىغا قېقىپ تۇرۇپ.

«... ئۆزۈم سودىگىرى بولۇپ قالغىنىمنى بۇنىڭ

خوتەكتىن يىقىلغىنى ياخشى بوپتۇ - دە، تۆگىدىن يىقىلغان بولسا، يەرگە بوش چۈشەتتى. بەك چۈشكىلى بەلەن، ئىككىنچى خوتەك مىنمەن دېمەيدۇ!

— بۇ ھەقتە «گۈلىستان»دا مۇنداق بىر ھېكايەت يېزىلغان ئىكەن.

— قېنى كىتاب سۆزىنى ئاڭلايلى!...

— مىشكاپلارنى چۈشۈرىمىز.

— سەن قىپقىزىل سازاڭ ئىكەنسەن، — دېدى شوپۇر خاپا بولۇپ، — گۇاڭجۇدىن سېسىق ئۈزۈم ئەكەلگىنىڭ نېمىسى؟

— مۇشۇ يەرگە تۆكەيلى، ئاۋۇ كارىزغا تاغارلىرى بىلەنلا تۆكەيلى، — دېدى نىياز كۈلۈپ، — ئىش ھەققىڭ ئۈچۈن ئون يۈەن قوشۇپ بېرىمەن، كارىزغا تۆك، لېكىن بىرسىگە تىنما!

شوپۇر بىلەن نىياز ئۈن - تىنسىز مىشكاپلارنى چۈشۈردى. يېڭىلا كۆمۈلگەن تەكلىك ئارىسىدىكى بىر ئورەككە مىچىلداپ تۇرغان مىشكاپلارنى ئۆكتۈردى - دە. مىشكاپلار ئۈستىگە ئىككىسى دەملىشىپ گۈرجەك بىلەن توپا تاشلىدى، مىشكاپلار ياخشى كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىنلا، شوپۇر نىيازنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرى ئاستىدىكى تومارچە كۆزلىرىگە قاراپ بېشىنى ئېغىتتى:

— ئەمدى بىلدىم، «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەپتۇ» دېگەن شۇ - دە، شۇنداقمۇ؟

— ياق تاپالمىدىڭ، — دېدى نىياز كۈلۈپ، — بۇ يەرگە نېمىنى كۆمدۇق: سەن بۇنى ئۆمۈر بويى تاپالمايسەن.

— سېسىق ئۈزۈممۇ، ئۇنىڭ ئارىسىدا نېمە بار، يەنە؟

— مەن ئېيتمايمەن، سەن تاپالمايسەن، ماشىناڭنى ھەيدە. ئەمما بىرسىگە تىنما، سەن ھېچقانداق جىنايەتكە چېتىلمايسەن.

ھە، بىر قېتىملا گۇاڭجۇغا قاتناپ پۈتۈن مەھەللىنى با
قىلدى. گۇاڭجۇدىن قانداق مال كەلىدىكەن، لازىملـ
مال بولسا، تاپان ھەققى ئالارمەن...»

شوپۇر شۇندىق ئويلىدى — دە، مال ئالىدىغا
ئىسكىلاتقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— تېز يـوقات بۇ سېسىق تاغارلىرىڭنى! — دېد
مال بەرگۈچى ئاغزىدىكى ماسكىسىنى چىڭراق باغلاپ، —
باشقىلار گۇاڭجۇدىن ئېسىل مال ئەكىلىدۇ. مۇنـۇ بۇر
نى يوق تۇرپانلىق پۇلنى بۇزۇپ، گۇاڭجۇدىن ئارزا
ئەكەپتۇ...

مال بەرگۈچى يىگىت شوپۇرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى
ۋە تۆمۈر ھارۋىسىدىكى مىشكاپلارنى شەرەت دېلىپ، —
تېز ئەكەت ئىسكىلاتنى بىخستىماي! — دېدى.

شوپۇر ئېغىر، ھاراق ئىچىتقۇسىدەك قاقسىق مىشـ
كاپلارنى ماشىنىسىغا ئىنجىقلاپ بېسىۋېتىپ نىيازنى
تىللىدى:

— نېمە بۇ، سېتىلماي قالغان ئۈزۈم چېغى، بۇ-
نى نېمە دەپ پۇل خەجلەپ پويىز بىلەن قايتۇرۇپ
كەلگەندۇ. راستىنلا بۇرنى يوق تۇرپانلىق مۇشۇ نىـ
يازكەن!

شوپۇر يولدا كەلگىچە نىيازغا قاپاق ئاچمىدى. مەھەلـ
لىگە يېقىن كەلگەندە، نىياز:

— توختات ئاداش، يەنە بىر قېتىم ياردەم قىل! —
دېدى.

— قانداق ياردەم قىلىمەن.

قارىماققا ئوت چاچسا كۆرۈنىدىغان يىگىت كۆڭگۈلۈك ھەممە يېرىنى، ھەممە ئويۇن ـ تاماشىسىنى بىلىدۇ. ئۇ نىياز بىلەن باغنىڭ ئالدى دەرۋازىسىدا ئۇچراشماقچى. ئۇ ئۈچ پەلەمپەينى بىر دەسسەپ ئاغنىسىنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈرمەكتە. بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئىشكىدە ئۇ بىرسى بىلەن ئۇسۇشۇپ قالدى:

— نىياز ئاكا، جېنىم ئاكا؟— دېدى بىر ياش يىگىت نىيازنىڭ مۈرىسىگە يامىشىپ، ماڭا ياردەم قىل. بىر تونىندەك ئۈزۈمىم قالدى. ھېچ ساتالمايۋاتىمەن. ھەمەن ئاكامغا ئېيت، ياردەم قىلسىلار!

بۇ يىگىت نىيازنىڭ يۇرتلۇقى، ئىسمى ياقۇپ، زىلۋا، ئورۇق بولغىنى ئۈچۈن باشقىلار ئۇنى ياقۇپ شادىپاچاق دېيىشىدۇ.

نىياز، پاخما باش، سوغۇق يۈز، يايما قاپاق يىگىتكە قارىدى. يىگىتنىڭ لەۋلىرى گەز باغلىغان، تاتراڭغۇ، كۆزلىرى كىرتەيگەن.

— قانداق ياردەم لازىم، ساڭا!

— يۈر، بارغاندا بىلىسەن جېنىم ئاكا!

تۆت كوچا دوقمۇشى، پاكار پالما دەرىخى ئاستىدا تاغارلار، قەغەز يەشىكلەر يېيىلىپ تۇراتتى. نىياز بۇ يەردە ياقۇپنىڭ مىچىلداپ، قارىداپ كەتكەن بىر تونىدىن جىقراق ئۈزۈمىنى كۆردى. خېرىدارلار ئۈزۈمنى مىجىپ مونەك قىلىپ تاشلىماقتا، بىرلىرى بۈرۈنلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ «سېسىق» دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتمەكتە. بىرلىرى ھەتتا پۇتلىرى بىلەن تېپىپ قويماقتا. نىياز

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز، شو-
پۇر ھەيران، نىياز خۇشال.

شوپۇر ھەيران بولۇۋەرسۇن، نىيازنىڭ خۇشاللىقى-
غا ئورتاق بولايلى.

ئۇ، بىرىنچىدىن، بۈگۈن گۇاڭجۇغا پويىزنىڭ
ئىككى پولات ساندۇقىنى تولدۇرۇپ ئۈن تونىنا ياخشى
ئۈزۈم سېلىۋەتتى، بىر ئايدىن كېيىن ئۈزۈملىرى گۇاڭ-
جۇدا پۇل بولىدۇ، ئىككىنچىدىنچۇ؟ يۈز نەچچە يۈەن-
دەك كىرا پۇلى تۆلەپ، 8000 — 7000 يۈەنگە
سېتىۋالغان ئاۋۇ مېلىنى ئاخىر ئۆز يۇرتىغا — سېرىق
توپىلىق تۇرپان يېرىگە ئەكىلىپ كۆمدى.

بىرىنچى ئىشقىغۇ خۇشال بولسۇن، چۈنكى ئۇ
ئەمدى پۇل تاپىدىكەن. مۇنۇ ئىككىنچى ئىشچۇ؟ بۇ ئىش-
نىڭ خۇشال بولغۇدەك نېمىسى بار؟ ئۇ ماشىنىنىڭ كا-
بىنكىسىدا ئولتۇرۇپ قوپال گۈللۈك تۇرپان دوپپىسىنى
ئالدىغا سۇرۇپ قويۇپ كۈلمەكتە. ئۆتكەن ئىشلار خۇد-
دى تېلېۋىزورغا ئېلىنغاندەك، ئېنىق، ئۈزۈك ـ ئۈزۈك
بولۇپ ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئۆتمەكتە:

گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ سەن يۈەنلى دېگەن يېرىدى-
كى جىشاڭ (ئامەت) سارىيىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىن
تۇرپان دوپپىسى كىيگەن، بېشىنى پاكىز چۈشۈرگەن،
ئاق يۈز، تومارچە كۆز يىگىت كۈلۈپ چۈشمەكتە. ئۇ
بۈگۈن باغ سەيلىسى قىلماقچى، ئاغىنىسى ھەسەن دىق-
قاق بىلەن بالىلىق چاغلىرىدىكىدەك ئوينىماقچى، ھە-
سەن دىققاق بويى بىر يېرىم مېتىر، كەڭ كۆكرەك.

تۇردى. باغقا بارسۇنمۇ ياكى ھېلىقى بىچارە ياقۇپ-
نىڭ يېنىغا بارسۇنمۇ؟ باغدا ئۇنى يەنە خۇشاللىق كۈتمەكتە.
ئۇ دوستى ھەسەن دىقماق بىلەن قولۋاقتا تاماشا قى-
لىدۇ. بىللە رەسىمگە چۈشىدۇ. ئاشخانىغا كىرىدۇ. ئىش
قىلىپ تۇرپاندا تېپىلمايدىغان ئويۇن - تاماشىلارنىڭ
تەمىنى تېتىپ باقىدۇ. سەۋەبى ھازىر ئۇ پۇل ئىگىسى،
پۇل تاپقان يىگىت پۇلنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرمىسە بولام-
دۇ؟ بۇ گەپ ھەسەن دىقماقنىڭ گېپى بولسىمۇ، خېلى
ئورۇنلۇق گەپ. بۇنىڭ راھىتىنى ھەسەنچىلىك كۆرمى-
سىمۇ ئاز - تولا كۆرۈپ بېقىشى كېرەك. ئۇ يېنىدىن
ئايرىمايدىغان، قۇلۇپلىنىدىغان سومكىسىنى سىلاپ قوي-
دى. سومكىدا لىقمۇ لىق پۇل.
نىياز ئۆمرىدە بۇنچىلىك پۇل تىزىپ كۆرمىگەن.
24 مىڭ يۈەن پۇل دېگەننى ئۇ قولىدا سانىماق
تۈگۈل كۆزى بىلەن كۆرگەنمۇ ئەمەس، گۇاڭجۇ دېگەندە
پۇل تاپماق نېمانچە ئاسان؟ بۇ پۇل قانداق قولغا
كەلدى؟ ئاشۇ ھەسەننىڭ ياردىمى بىلەن قولغا كەلگەن
ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ھەسەننىڭ يېنىغا بارمىسا رەنجىيدۇ.
بىر ئاي بۇرۇن ئاغىنىسى ھەسەن دىقماق ئۇنىڭغا
ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ خەنزۇچە يېزىلغان بىر
دوگوۋور قەغىزىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.
— ئون تونىنا ئۈزۈم يىغالامسەن؟ — دېدى ئۇ
دوگوۋور قەغەزنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن چېكىپ
تۇرۇپ، — نېمە؟ ناھىيىنىڭ سېتىۋېلىش پىلانى ئورۇن-
لانمىدى دەمسەنا؟ بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

ھاياتىدا ئۆزۈمنىڭ بۇنداق خورلانغىنىنى كۆرمىگەن.
ئۆزۈم قىغدەك پېتىپ تۇرسا، بۇنى كىممۇ پۇلغا ئال-
سۇن. پۇلغا سېتىلمىسا، ئەمدى مۇنۇ ياقۇپ قانداق قى-
لىدۇ؟ شۇ چاغدا نىيازنىڭ كۆز ئالدىغا مۇنۇ قىزىل
توپىلىق ئىدىقۇت تېغى، سۈزۈك كارىز سۈيى، بۈيلىق؛
باغىر باغلىرى خۇددى ھازىر كۆرۈۋاتقاندەك روشەن
كەلگەن ئىدى، «ئېھە، تۇرپانلىق، نەچچە مىڭ يۈەن
زىيان تارتتىڭ، لېكىن يامىنى ئۈزۈمنى خورلىدىڭ»
دېگەن ئىدى نىياز ياقۇپنى جىملەپ.
نىياز شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۆزىغۇ
ئون توننا ئۈزۈمنى بەش كوي سەككىز مودىن سېتىۋې-
لىپ، بۇ يەردە ئىككى ناھىيىگە يەتتە كوي تۆت مو-
دىن ئۆتكۈزۈپ نۇرغۇن پايدا ئالدى. ھازىر ئۇنىڭ
ئۆزىگە تېگىشلىك 24 مىڭ يۈەن پۇل تۇرۇپتۇ. بۇ پۇل
ئاسانلا قولغا كىردىغۇ. تۇرپاندىن ئېلىنغان ئۈزۈمنى
مىسكاپلارغا قاچىلاپ، بازار باشقۇرۇشنىڭ كۆزىدىن قا-
چۇرۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇچۈەن ۋىلايىتىگە قو-
مۇللۇق شوپۇرلار 1000 يۈەنگە ئاپىرىپ بەردى. ئۈزۈم
قاچىلانغان تاغارلارنى چۈشۈرۈشتىمۇ، ئۇنى يۈك پو-
يىزىنىڭ ھەر بىرسىگە بەش توننىدىن مال پاتىدىغان
پولات ساندۇقلىرىغا قاچىلاشتىمۇ پېشانىسىدىن تەر چىق-
قۇدەك ئەمگەك قىلمىدى. يۇرتلۇقلىرىنىڭ ياردىمى بول-
مىغان بولسا، ئۇ يىگىرمە نەچچە مىڭ يۈەنلىك پايدىغا
مۇنداق ئاسانلا ئىگە بولالايتتىمۇ؟
نىياز ئەتىسى ساراي ئالدىدا ئىككىلىنىپ ئۇزاقە

بەش مو سەككىز پۇڭدىن بۇغداي سېتىپ بېرىدۇ. دېمەك، 16 موچەلدىن ئاشىدۇ دېگەن سۆز. بىر تۈپ تەككە 40 — 50 يۈەن پۇل خەجلەپ، يېزىچە ئىشلەپ يۈرۈپ، تەر تۆكۈپ ئۈزۈم قۇرۇتىمىز. مىڭ جاپادا قۇرۇتقان ئۈزۈمنى سودا ئورۇنلىرى پىلان ئىچىدىكىنى ئۈچ يۈەن يەتتە مو يەتتە پۇڭدىن. پىلان سىرتىدىكىسىنى بەش يېرىم كويدىن سېتىۋالىدۇ. ناھايىتى بېيىغان دېھقان 1 — 2 توننا ئۈزۈم قۇرۇتۇپ ساتمىسا قالغانلىرى 200 — 300 كىلو سېتىۋالسا خۇددى شەھەر ئالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. 200 — 300 كىلو ئۈزۈم قانچىلىك پۇل؟ مۇنۇ ھەسەن دىقماق بىرلا دومىلاپ 20 — 30 مىڭ يۈەن تابالايدىكەن، دېھقان مىڭ دومىلىسىمۇ، ئارانلا بىرنەچچە يۈز يۈەن، ئېشىپ كەتسە، بىرنەچچە مىڭ يۈەن تاپالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ۋىلايىتىمىزدە ھازىرغىچە ئاشلىق، پۇل يېتىشمەيدىغان دېھقانلارنىڭ سانى 6000 - 7000 ئائىلىدىن كەم بولمايۋاتىدۇ. ھەر يىلى ئۈزۈق، ئۇرۇق ئۈچۈن 7 — 8 مىليون جىڭ ئاشلىق كەملەيدۇ. ھەي، ھەسەن دىقماقنىڭ گېپى توغرا. بىر ئايلىنىپ كەلمەيمۇ؟

نىياز توغرا ئويلىغان ئىكەن، بىرلا ئايلىنىۋېدى، مانا 3 — 4 ئايدىلا 24 مىڭ يۈەن پۇلنى سومكىسىدا سالالايدىغان پۇلدار بولۇپ قالدى. ئۇ شۇنداق ئاسان پۇل تاپتى - ھە؟ ھەسەننىڭ گېپىگە كىرىپ، يامان قىلمىدى، ماشىنىدا يۈرۈپ، ئوڭايلا پۇل تاپتى.

— تۇرپان بىزنىڭ يۇرتىمىز تۇرسا، ئۈزۈم سې‐
تەپ بېرىش پىلانىنى ئورۇنلىيالمىسا يۈز چىمىلدايدى‐
غان گەپ ئاداش!
— تۇرپان، تۇرپانلا دەيدىكەنسەن، — دېدى ھەسەن
دىقماق ئاچماق پەش كاستۇمىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سې‐
لىپ، — تۇرپان سېنى باي قىلالمايدۇ. گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەر
باي قىلىدۇ. كۆردۈڭمۇ بىرلا ئايلىنىپ 14 مىڭ يۈەن
پايدا ئالدىم.
— 14 مىڭ؟ — نىيازنىڭ كۆزلىرى چەكچەي‐
دى، — ئوغرىلىمىغانسەن، دىقماق؟
— قانداق، پۇل تاپماق ئاسانمىكەن. يېزىچە تو‐
پىغا مىلىنىپ 47 — 48 گىرادۇسلۇق ئىسسىقتا كۆ‐
يۈپ ئىشلەپ، كۆپ تاپساڭ، ئارانلا 2000—3000 يۈەن
تاپالايسەن. ئۈزۈم تۇرپاندىن چىققان بىلەن، پۇل
گۇاڭجۇدىن چىقىدىكەن. داداڭغا ئوخشاش ئامەت — تە‐
لىيىڭنى توپىدىن ئىزلىمەي، چوڭ شەھەرلەردىن ئىزلەپ
باققىنا، سەنمۇ 10 — سىنىپنى تۈگەتكەن دېھقانكەن‐
سەن، پۇتۇگىنىڭ ئۇچىغىلا قارىۋالماي يىراققا قا‐
راپ باققىنا، قاچانغىچە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاغزىغا
قارايسەن؟

نىياز جىق ئويلىدى، دوستىنىڭ گېپى ئورۇنلۇق.
جاپاسىنى تارتقان تۇرپانلىق نېمىشقا ئۈزۈمنىڭ را‐
ھىتىنى كۆرمەيدىكەن؟ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قاچانغىچە
ئاغزىغا قارىسۇن. شەھەر ئاھالىسى بەش مو بىر پۈكۈ‐
دىن ئۈن بىلەن تەمىنلىگەن ئىدارىلەر ئۈزۈمچىلەرگە

لاپ يۇرىدىغان كەنت باشلىقلىرىنى ئازدۇرۇپ يۈرۈپ
مۇن تونۇنا قۇرۇق ئۈزۈم تەييارلىغان. دېھقانلارغا ئۇ
ئالتە يۈەندىن نەق پۇل تۆلىدى. ئۇنىڭدا ھېچكىمنىڭ
بىر پۇڭچەن ھەققى يوق دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ئىنى-
ساپ كېرەك ئەمەسمۇ؟ ھەر كىلودىن تەرتۈكمەيلا بىر
كوي ئىككى مو ساپ پايدا ئالدى. بۇنى نىياز قانداق-
مۇ سىگىرەلەيدۇ؟ ھەسەن دىقماق ئۇ باشقا ئادەم. ئۇ
باشقىلارنىڭ پايدا - زىيانلىرىنى ئاللىقاچان ئويلىماس
بولۇپ كەتكەن. لېكىن نىياز ئويلايدۇ - دە، شۇڭا ئۇ
ئۇخلىيالمايدۇ، غىزالىنالمايدۇ، پايدىنى سىگىرەلمەيدۇ -
دە. ئۇزاق يىل بىللە جاپا تارتقان قولۇم - قوشنىلىرى-
نىڭ ئۈزۈملىرىدىن كىلو بېشىغا بىر يۈەن ئىككى مو-
چەندىن پايدا تېپىشقا ئۇنىڭ قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنى-
سۇن؟ ئۇ تۇرپانغا قايتىپ بارغاندا، چوقۇم قولۇم -
قوشنىلىرىغا يەنە كىلو بېشىغا بەش موچەندىن قوشۇپ
بېرىدۇ. ئۆزى بىر كىلودىن يەتتە موچەن پايدا ئالسى-
مۇ بولىدى - دە! ئۇ ياتىقىغا قايتىپ كىردى. باغدا تاماشا
قىلغاندىن خىيالىدا بالىلىرى بىلەن پاراڭلىشىشنى ئەلا
بىلدى. ئېھ، گۇاڭجۇنىڭ تىنچىقى، مانا 12 - ئايمۇ
كىرىپ قالدى. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا ھازىرمۇ ھۆپ-
پىدە گۈللەر ئېچىلىپ، قۇشلار سايراپ تۇرۇپتۇ. مانا
سىرتتا سىمىلداپ يامغۇر ياغماقتا. ئەنە سانسىزلىغان
كىشىلەر كۈنلۈكلىرى ئاستىدا ھايات — پۇل كويىدا
ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشمەكتە. بىزنىڭ تۇرپاندىچۇ؟ ھازىر
بۇيىلىق، باغىر تۈك تاشلىغان كالىدەك يالىڭاچلانغان.

نە تاغار كۆتۈرمىدى، نە تارازا تۇتمىدى. ھەممىنلا
پۇل ھەل قىلدى. ئۇ گۇاڭجۇ شەھىرىدە يۈرۈۋاتقىنىغا
مانا ئىككى ئاي بولدى. سەنيۈەنلىدىكى جىشاڭ سارى-
يىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىكى ياتىقىدا بەش موچەنلىك
نان بىلەن دەملەنگەن چاينى ئىككى ۋاخ ئىچتى، چۈشتە
بىر قېتىم ئۈچ يۈەن بەش موچەنلىك لەغمەن يەپ،
غۇلجىلىق ئاشپەزلەرنىڭ موخۇركىسىنى چەككەندىن باش-
قا، كەيپ - ساپاغىمۇ بىرىلگىنى يوق. ھەسەن دىقماق
ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى ئېلىپ مانا شاسەن ناھىيىسىگە
بېرىپ، ئالتە يۈەندىن نىلون، دىلون ئەكىلىپ، توپ -
توپى بىلەن تۇرپانغا ئەۋەتىپ، ئۈزۈمچىلىك قىلىپ
تاپقان پۇلىنىڭ بىرىنى ئون، ھەتتا 100 قىلغىلى تۇر-
دى، نىيازچۇ؟ توپىدىن چىققانغا قانائەت قىلىدىغان
دادىسىغا ئوخشاش ئۈزۈم سودىسىدىن تاپقان پايدىسى-
غا قانائەت قىلىپ، ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم نەق
پۇلنى ساناپ قويىدۇ. ئۇنىڭ سومكىسىدىكى بۇ پۇل
ئىچىدە قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ھەققىمۇ بار. ئۇ ھۆكۈ-
مەتنىڭ ناھىيىگە يۈكلەنگەن 1160 توننا قۇرۇق ئۈزۈم
پىلانىنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا
ئۈزۈم سېتىشى چەكلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، كېچىلىرى
دېھقانلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ يۈرۈپ پىلانىنى ئورۇن-
لىسا 300 يۈەن مۇكاپات ئالىدىغان يېزىلىق ھۆكۈمەت
باشلىقى، سېتىپ بېرىش پىلانىنى ئورۇنلىسا، 100 يۈەن
مۇكاپات ئالىدىغان ۋە شۇ مۇكاپات ئۈچۈن كېچى-
لىرىمۇ غەيرىي سېتىقچىلارنى تۇتىمەن دەپ پوسۇر-

قامانەت قىلسا، بىچارە يىگىت ساماندەك سارغىيىپ، كۆزىگە ياش ئېلىپ، كۆرگەنلا ئادەمگە ھال ئېيتىپ:

— ئاكا، گۇاڭجۇدا ئۈزۈم پۇل بولىدۇ دېسە. شۇنچە جىق ئۈزۈمنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە يەتتە كويدىن ساتماي، مىڭ بىر جاپا بىلەن بۇ يەرگە ئەكەلسەم...: ئېيىت، ئارانلا 100 كىلو ساتتىم. كىرا پۇلىمۇ تېرىلمى- دى. بىر ئاي بولدى، ئاپارمىغان يېرىم قالمىدى. مانا ئەمدى تۆت كۈندىن بېرى زىيىنىغا ساتاي دېسەممۇ خېرىدار يوق. 8000 تەڭگىگە زىيان ئاكىلار، مۇسۇلمانلار خۇدا ھەققىدە بىر كىلودىن بولسىمۇ ئېلىڭلار، رەھىم قىلىڭ- لار! دەپ زارلاۋاتىدىغانىدۇ! ئۇ كۈنى ئورۇق، ئۇزۇن چاچ يىگىتنىڭ نالىسىغا ھېچكىم قۇلاق سالمىغان، پە- قەت نىيازلا ئۇ يىگىتنىڭ دېگىنى بويىچە 50 يۈەن خەجلەپ ئون كىلو ئۈزۈم سېتىۋالغان. ئۇنىڭ ئۈزۈمى راستىنلا بۇزۇلغان. ياقۇپنىڭ ئورنىغا نىياز بولغان بول- سا بۇ چىڭ ياڭ خۇاجيا دورىسى بىلەن 9—10 كۈندە قۇرۇتۇلغان سىرتى يالتىراق، ئىچى قۇرۇمىغان ئۈزۈمنى گۇاڭجۇغا ھەرگىز ئەكەلمىگەن بولاتتى. سەۋە- بى، بۇنداق سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم تېز بۇزۇلىدۇ. ئىسسىققا چىدىمايدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن تۇرپاننىڭ يۈزى تۆكۈلىدۇ، ئىناۋىتى قالمايدۇ — دە!

چىرايلىق، زىلۋا قىزچاق قولتۇقلىۋالغان ھەسەن دىقماق جىشاڭ سارىيىنىڭ ئۈچىنچى قەۋەت پەلەمپە- يىدە نىيازغا ئۇچراشتى. ئۇ خاپا ئىدى.

— نېمىشقا ۋەدىگە ئۇرمىدىڭ تومپاي؟ — دېدى

يازدىن بېرى پاكار باراڭلىرى ئۈستىدە شولا ئارىس مىۋە - شەربەت يېتىشتۈرگەن ئۈزۈم - تەكلەر ھازىر 25 — 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئەم توپىنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئۇيقۇغا كىرىپ كەتكەن. ئۇ ئەم توپىغا باغرىنى يېقىپ كېلەر يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئاشۇ ئۆچەكتە ئۇخلايدۇ. تۆت يېرىم ئاي ئۇخلاپ قانغاندىن كېيىن، يەنە مال ئوغۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت، كارىز سۇيى ۋە دېھقان قولى بىلەن پەرۋەرىش قىلىنىدۇ-دە، قايتا مىۋە بېرىپ، شېرىن ئۈزۈمى بىلەن ئاۋات بازارلارنى خۇشال قىلىدۇ.

ئېھ، تۇرپان، سېنى قانچىلىك سېغىندىم - ھە؟ سېنىڭ قۇرغاق، ئىسسىق قوينۇڭنى قاچانمۇ بېرىپ قۇچاقلارمەن - ھە؟ ئەتىلا كەتسەم بولۇۋېرىدۇ، لېكىن ئاۋۇ بىر توننا قۇرۇق ئۈزۈمنى كوچىغا يېيىۋالغان ياش بالىنى قانداقمۇ تاشلاپ كەتكىلى بولىدۇ؟ ئۇ بالا مۇشۇ تۇرقىدا نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ سۇلياۋ يوپۇق بىلەن ئۈزۈمنى يامغۇردىنغۇ ساقلىغاندۇ. لېكىن سېسىش، بۇزۇلۇشتىن قانداق ساقلىيالايدۇ؟ ئۇ مۇشۇ يامغۇردىمۇ ئۆتكەن - كەچكەنىڭ كۆزىگە قاراپ مىچىلداپ - قارىداپ قالغان ئۈزۈمنى چۈشىنىكسىز كەپلەر بىلەن ماختاپ سارغىيىپ تۇرىدىغاندۇ - ھە، لېكىن ئۇ قانچىلىك يالۋۇرمىسۇن بەرىبىر ئۇنىڭ ئۈزۈمىنى ھېچكىم ئالمايدۇ. ئوخشاشلا ئادەملەر مېجىپ كالىلەك - سونەك قىلىپ، كۆلۈپ زاڭلىق قىلىۋاتقاندۇ، بازار تازىلىق خادىملىرى ئۇنى «ئۈزۈمىڭنى يوقات، گەخلەتكە تۆك» دەپ

قىلىپ بەرسەڭچۇ؟

— ھا-ھا-ھا! — ئۇ قىزنى قولتۇقلاپ تۆۋەنگە تاكاسلاپ يۈگۈردى، — بىلىپ قوي، بۇ يەردە مېھىر-شەپقەت پۇل بولمايدۇ. ئۇنىڭ بازىرى تۇرپاندا! ھەسەن دىقماق زىلۋا قىزنىڭ يېنىدا خۇددى تۆت چاسا، چاقلىق چامادانداك كېتىپ باراتتى.

نىياز دوستىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەيران قالغان ئىدى. بۇ يەردە مېھىر-شەپقەت، ھۆرمەت-شاپائەتمۇ پۇل بىلەن ئۆلچىنەرمىش. ئاۋۇ گۈزەل قىز شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ كۆرۈمسىز دىقماقنى قولتۇقلىۋالغان ئىكەن-دە، يەنە كېچە...

نىيازنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھەسەننىڭ كۈلكىسى، ياقۇپنىڭ سامانداك چىرايى، خورلىنىۋاتقان ئۇزۇم زادىلا نېرى كەتمىدى. ئۇ ھېلىمدىن-ھېلىغا ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتقان گۇئاڭجۇ كوچىلىرىغا دېرىزىدىن قارايتتى.

ئۇ تاڭغا يېقىن ئېيتىلغان ئەزان بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. مانا مېھمانخانىنىڭ چىراغلىرى يېنىپ، ئوقەتچىلەر تەرەت ئېلىپ مېھمانخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى پۇل يىغىش قىلىپ سېتىۋالغان «مەسچىت»كە ناماز ئوقۇغىلى چۈشمەكتە. نىيازمۇ تەرەت ئالدى ۋە بىرىنچى قېتىم مەسچىتكە كىردى.

بامداتتىن كېيىن، ئۇ ئالدىرىشىۋاتقان ئوقەتچىلەرنىڭ ئالدىنى توراپ كۆپچىلىككە ۋارقىرىدى:

ھەسەن غەزەپ بىلەن.

— ئىشىم چىقىپ قالدى.

— قانداق ئىش؟

— ياقۇپقا ياردەم قىلاي دەپ، ھېچ ياردەم قىلالمىدىم. ئۆزۈمنى سېتىۋېتىپ، بېشىم قېتىپ، سەن ياردەم قىلساڭ قانداق؟

— ساراڭ، — دېدى ھەسەن دىقماق قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — ياردىمىڭنى تۇرپاندا قىلغۇل. بۇ يەردە بىر - بىرىگە ياردەم قىلىدىغان ئادەملەر يوق. بىر - بىرىنى ئالدايدىغان، بىر - بىرىنى غاجايدىغان، يۇتۇپ يەيدىغان ئادەملەر بار. مېھىر - شەپقەت بىلەن باي بولغىلى بولمايدۇ. بۇنداق مېھىر - شەپقەتلىك بولساڭ، بۇ يەردىن يالىڭاچ كېتىسەن نىياز! يۈر، بىر كۈن ئوينىتىپ قوياي!

— ياق، رەنجىمە، مەن ئەتىسىلا ياقۇپنى ئېلىپ كېتىمەن.

— نېمە، ياقۇپنى؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟ ساڭا بۈگۈن كۆز يېشىنى ساتقان ئادەم، ئەتە سېنىمۇ باشقىلارغا ساتالايدۇ. ئۇ بىر ساختىپەز. ئۇنىڭ سېسىق ئۆزۈمىسىمۇ بىللە ئېلىپ كېتەمسەن؟ ئۇنىڭسىزمۇ بالىلىرىڭ ئۈچ ۋاخ ئۆزۈم يەپ يولۇڭغا قاراپ ئولتۇرغاندۇ ھەقاچان؟

— سەن ھەسەن، مېنى زاڭلىق قىل، لېكىن ئۆزۈمنى زاڭلىق قىلما. سېنىڭ تونۇش - بىلىشىڭ كۆپ. ياقۇپ شادىپاچاقنىڭ ئۆزۈمىنى ئازراق بولسىمۇ پۇل

— ئازلىق ئەگىشۈرگۈچىلەر ئۈچ كۈنلۈك سۈرۈك بەرگەن. «ئۈچ كۈنگىچە يوقاتمىساڭ ئەخلەت ماشىنىسى ئەكىلىمىز» دېگەن، بۈگۈن ئەخلەت ماشىنىسى ئەكىلىشىدۇ!

ياقۇپنىڭ بېشى چۈشتى، يەلكىسى تىترىدى.

— يىغلىما، — دېدى نىياز ئازاب بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ، — تۇرپانلىق بولساڭ كۆز يېشىڭنى ئېقىتما!

ئىنساپ دېگەننىڭ مۇشۇنداق چاغدا قىممىتى بولمىسا، يەنە قانداق ۋاقىتتا بۇ نېمىلەر لازىم بولىدۇ. ئېغىزدا ئېيتىش، كىتابقا يېزىش ئۈچۈنلا يارىتىلغان نېمىلەرمۇ بۇ؟ ئون تونىنا ئۆزۈم سېتىپ پايدا ئالغان ئوغۇل بالا كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن باشقىلارغا يېلىنامدىكەن؟...

نىياز ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ياقۇپنىڭ ئۆزۈم سېتىۋاتقان يېرىگە كېتىپ بېرىپ شۇنداق ئويلىدى.

ئۇ يېتىپ بارغاندا، ياقۇپ قوللىرىغا قارا پاپكا تۇتقان، بىلەكلىرىگە بەلگە لاتىسى قادىغان ئادەملەرگە دۈمچىيىپ - ئېگىلىپ يالۋۇرۇۋاتقان ئىكەن. نىياز ئۇنىڭ كېپىنى يېرىدىم ياتا ئاڭلىدى.

— بىر كۈن، يەنە بىر كۈن! — دەيتتى ياقۇپ ئىككى پۈكلىنىپ ئېگىلىپ، خەنزۇچە كېكەچلەپ سۆزلەپ، — ئاخىرقى بىر كۈن!

— بوشىڭ! — دېدى قىسقا ئىشتان، ئاق كۆڭلەك كىيگەن تاقىر باش ئادەم كۆڭلىكىنىڭ ئۈچى بىلەن موخەك - مونەك بولۇپ قالغان ئۆزۈمنى چوقچىلاپ، —

— قېرىنداشلار، توختايلى. ياقۇپقا ياردەم قىلايلى، 100 كوي دېگەن سىلەرگە ھېچگەپ ئەمەس. ئۇ بىچارە تۈگەشكىلى تۇرۇپتۇ. ئۈزۈمىدىن بەش يۈەندىن بولسىمۇ ئون كىلو، 20 كىلودىن ئالايلى. ھېچ بولمىغاندا دەسمىيسىنىڭ يېرىمى تىرىلىپ قالار!

ئادەملەر ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك، ئۇنى غەلۋىردە قالغان بىر تال چالمىدەك ئۇياق - بۇياققا تاسقاپ، بىردەمدىلا چىقىپ كېتىشتى. بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. بىرلىرى ئۇنىڭغا تەنە قىلدى، بىرلىرى ئالايدى، بىرلىرى مۆردەپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ئۇلار خۇدادىن ناماز ئوقۇپ، دۇئا قىلىشىپ، نېمە تىلىگەندۇ. باشقىلارغا ئىنساپ، ئۆزلىرىگە نائىنساپلىق تىلىگەن ئوخشىمامدۇ؟ نىياز خاپا بولدى.

ئۇ غۇۋا بۇلۇڭدا دۈگدىيىپ ئولتۇرغان ئاخىرقى ئادەمنىڭ يېنىغا خۇددى تىلەمچىدەك يېلىنغىلى باردى.

— بۇرادەر، سەن بولساڭمۇ...؟

— رەھمەت ئاكا!

بۇ دەل ياقۇپنىڭ ئۆزى ئىدى.

— كۆڭلۈڭگە رەھمەت. لېكىن بۇلار ياخشىلىق دېگەننى شىڭشىڭشانىڭ نېرىسىغا چۆرۈپ قويۇپ كېلىشكەن؟

— خوش، بۈگۈن يەنە ئۈزۈم ساتامسەن؟

— بۈگۈن سۈرۈك توشتى ئاكا!

— قانداق سۈرۈك؟

ياقۇپ زىيان تارتمىغىنىغا خۇشال، هەر هالدا ئۇ نىيازنىڭ ئىشىغا مەردلىك قىلغانلىقىنى ئويلاشنىمۇ خالىمىدى. ئۇ شۇ كۈنىلا ياخشى كىيىم، چىمچىلاق قولىغا ئۈزۈك سېتىۋالدى. شۇ سائەتتىن باشلاپ ياقۇپ بىردىنلا باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگەردى. ئۇنىڭ سىرتقى چىرايى شۇ كۈنىلا ئىچىملىك بىلەن قىزاردى. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى تاشلىۋەتكەن يالغان كۈلكىسىنى قايتىدىن تېپىۋالدى. نىيازچۇ؟ بىكاردىنلا نۇرغۇن پۇل خەجلەپ كىرەكسىز يۈك، خاپىلىق، ئاۋارىچىلىق سېتىۋالدى.

— ھېچبولمىسا پويىزغا قاچىلىشىپ بەرگىن! — دېدى ئۇ ياقۇپقا كەچلىكى، — داخىيەنگە كىرا قىلىۋېتەيلى!

— نېمە؟ راستلا تۇرپانغا ئېلىپ كېتەمسىنا؟ قانداق ئەخمەقسەن! — دېدى ياقۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — مەن تېخى سەندىنمۇ ئەخمەقرەك بىر خېرىدار چىققان ئوخشايدۇ دەپتىمەن! مېنىڭ ئابرويۇمنى دەپ، بۇ ئوغۇتنى پۇلغا ئالغىنىڭغا رەھمەت:

— ئىپلاس! — دېدى نىياز ياقۇپقا دېۋەيلەپ، — سېنىڭ ئابرويۇڭ بىر تىيىنغا يارىمايدۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئابرويى ئۈچۈن نەچچە مىڭ كوي پۇل خەجلىدىم.

بايا تۆكۈلگەن «سېسىق مال» توغرىسىدىكى ھېكايە مۇشۇنچىلىك. بۇنى شوپۇر بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھەيران. بۇ توغرىلىق نەلەردە پاراڭلار بولدى. نەلەردە ماختاشلار بوادى. بۇ مەردلىك توغرىسىدا بىزنىڭ ئوقەتچىلىرىمىزدىن خەينەنداۋ، جۇخەي، شىن جىڭ، ھەت-

بۇنەڭچى. يۇدۇ①

— خاۋ، خاۋ، يوردىن ياۋ②! — دېدى ياقۇپ يىغلامسىراپ.

— شىپى ياۋ؟

— ۋا، ۋا، ۋا ياۋ! — نىياز خەنزۇ تىلىدا يىراقتىن ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە. — مەن ئالىمەن، كىلوسىنى يەتتە كويدىن، بىر جىنىنى ئۈچ يېرىم كويدىن ئالىمەن! بۇ ياخشى ئۈزۈم، ناھايىتى ياخشى ئۈزۈم!

ئەتراپتىكى تاماشا كۆرۈۋاتقانلار كۈلۈشتى، ھەيران قېلىشتى، پىچىرلاشتى:

— تۇرپانلىق! — دېدى بىرسى نىيازنىڭ بېشىدىكى تېكى كۆك دۇخاۋا، گۈللىرى يوغان، ھال - قىزىل، قوپال تىكىلگەن دوپپىسىنى شەرەت قىلىپ، — تۇرپانلىق ئۆز مېلىنى خورلىمايدۇ!

— تاغارلىرىڭغا قاچىلا! — دېدى نىياز ياقۇپقا قاراپ، — ياتاققا بېرىپ پۇلۇڭنى سانىۋال!

ياقۇپ نىياز ئېيتقان باھا بىلەن نەق پۇل ئالدى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز ئاكا؟

— پويىز بىلەن تۇرپانغا ئېلىپ كېتىمىز، — دېدى نىياز مىچىلداپ، كاللەك بولۇپ سېسىۋاتقان ئۈزۈمنى تاغارلىرى بىلەن مېھمانخانا ھويلىسىغا ئۆز قولى بىلەن توشۇۋېتىپ، — بىلەمسەن، بۇ خورلايدىغان نېمە ئەمەس!

---

① يېگىلى بولمايدۇ، زەھەرلىك.

② يەيدىغانلار بار.

رىدىغان جاي تاپالمىدى. بەزى ۋاگونلاردا ھەتتا ما-
ڭىدىغان يولمۇ تاپالمىدى. ئىككى قولىدىكى سومكىسى
ئېغىر، نان - توغاچ، گۆش - سامسا... ئۇ ئۇزۇن سە-
پەر ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ھەممىلا نەرسىنى، قوشنا -
قولۇملىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوللۇق تۇتقان يې-
مەكلىك، خالتا - پۇللارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئىككى
سومكىغا قاچىلىغان. كەم بولغاندا بۇ سومكىلار-
نىڭ ھەر بىرى 10 — 15 كىلوگرامدىن كېلىدۇ. ما-
نا ئەمدى بۇ سومكىلار بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. ئې-
غىرلاشقانسېرى، ئۇلارنى قويغۇدەك جاي يوق. پۇتلىرى
تالماقتا، پۈتۈن ئەزاسىدىن شورۇلداپ تەر ئاقماقتا. ئول-
تۇرۇپ ئارام ئالسا قانداق راھەت ئىدى - ھە، لېكىن
ئولتۇرماق تۈگۈل پۇت قويغۇدەك يەر يوق...
«پۇل تاپىمەن دېگەننىڭ جاجىسى، بىر كىلو ئۆ-
زۈمنىڭلارنى كەم بولغاندا سەككىز يۈەنگە سېتىپ بېرە-
مەن دەپ كۆپچىلىك ئالدىدا مەيدەڭگە ئۇرغانىڭنىڭ مۇ-
كاپاتى. مانا ئىككى قولۇمغا ئېغىر سومكىلىرىنى تۇ-
تۇپ ئەل بولغان كوماندىردەك قول كۆتۈرۈپ، پۇتلىرىم
تىترەپ تۇرۇپتىمەن. بۇنداق زۇلۇم بىلەن گۇاڭجۇ تو-
گۈل قۇمۇلغىمۇ بارالمىغۇدەكمەن. ماڭا بىرسى ياردەم
قىلسا بولاتتى، يولداشلار!...»
لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى چىقمىدى. دېمەك كېلى قۇ-
رۇغان، بېشى قايماقتا، قورسىقى ئاچماقتا. بىر يۇتۇم
سۇ بولسا ئىدى...
— يولداش، سومكىڭىزنى ماڭا بېرىڭ! — بىر

تا ئاۋمىنلاردا ھېكايە ئېيتقۇچىلار پەيدا بولدى. شۇلاردىن بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسائىدى، نىيازغا ھەيران قالمىغان بولاتتى. كىشىلەرنى ئۆزلىرى كۈتمىگەن قىسمەتلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان تەقدىر بەلكى بىر كۈنى شوپۇرغا نىيازنىڭ بۇ «سېسىق مېلى» توغرىسىدىكى ھېكايىنىڭ سىرىنىمۇ يېشىپ بېرەر. بىز بۇ شوپۇرنى تاشلاپ، نىيازغا ئەگىشىپ ماڭايلى.

## 2

... لېكىن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىنى تەر، خاپىلىق ئىگىلىدى: دادىسى ئۇنىڭ گۇاڭجۇغا ئىككىنچى قېتىم بېرىشىغا نارازى بولدى. بوۋاي ئاقيول تىلەپ، ئالدىغا كىرگەن ئوغلىغا يۆتىلىپ تۇرۇپ، ھاسىسىنى تەڭلەپ:

— جامائەت ئارىغا كىرىپ تۇرۇۋاتىدى، بولمىسا سېنىڭ سايغاقلىق قىلىدىغان پۇتلىرىڭنى چېقىپ تاشلايتتىم. ئۆينىڭ ئېغىرىنى كېلىنىگە تاشلاپ تاپقان پۇلۇڭنىڭ پايدىسى نېمە؟... — دەپ ۋارقىرىدى.

مانا ئۇ ئۇزىتىپ كەلگۈچىلەر بىلەن خوشلاشتى. ئاپتوبۇس ئۇنىڭ ئاقيول تىلىگۈچىلىرىنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئېغىر سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ داخىيەن ۋاكزالىدىن پويىزغا چىقتى. پويىزدا ئادەم شۇنچىلىك جىق ئىدىكى، ئۇ قېلىن كىيىملىرى بىلەن قىسىلىپ يۈرۈپ ۋاگونمۇ ۋاگون مېڭىپ زادىلا ئولتۇ-

دىگەر.

كۆپچىلىك كۈلۈشتى، بىلەت ساتقۇچى ئۇنىڭ قولىدىن پويىز بىلىتىنى، تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئالدى ۋە بېشىنى گىلدىڭشىتىپ كۈلدى – دە، بايىقى باشلاپ كەلگەن يىگىتكە قاراپ:

— قانداق قىلىمىز، راستلا ياتقۇ يوق، — دېدى.

— مەن ياتقان ئايرىم ئۆيدە ئۈچ كارىۋات بوش.

— يۇمشاق ياتقۇ؟ قىممەتقۇ؟

— مەيلى! — دېدى دېھقان ئىچ يانچۇقىدىن بىر كاللەك پۇلنى چىقىرىپ، — قانچىلىك قىممەت بولسىمۇ مەيلى، جېنىم ئارام تاپسىلا بولدى. ئىككى سائەت ئۆرە تۇرۇپ... — ئۇنىڭ كېلى قۇرۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

«قانداق راھەت، — دەپ ئويلىدى ئۇ تىقما - تىقماق ۋاگونلاردىن ئۆتۈپ تار، تاختايلىق زالدىكى جىمجىت خانىلەردىن بىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، — كارىۋاتلىرى قانداق يۇمشاق - ھە؟ تېخى تېرمۇسلاردا قايناق سۇ، چايلىرىمۇ تەييار كىنا».

— مەخسۇسلا باشلىقلار چۈشىدىغان ئۆيلەرمۇ بۇ؟ — ئۇ كىتابتىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇرغان ئۇزۇن چاچ، ئالتۇن ئۈزۈكى بار يىگىتكە قاراپ قويۇپ، ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

— پۇلى بارلار چۈشىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت پەرۋاسىزلا.

ياش يىگىت ئۇنىڭغا قول سوزدى.

ئۇ خۇددى مۇشۇنداق ئاۋازنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك قوللىرىنى شەپقەتلىك يىگىتكە سۇندى.

— نەگە؟

— گۇاڭجۇغا، ئۇكام.

يىگىت قاقاقلاپ كۈلدى ۋە ئۇنى بىلەت سېتىۋاتقان پويىز خادىمىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ بىلەت ساتقۇچىغا:

— مۇنۇ ئۇيغۇر يۇرتداش گۇاڭجۇغا مېڭىپتۇ. لېكىن ئولتۇرغۇدەك جاي تاپالماپتۇ، — دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئەھۋال تونۇشتۇردى.

بىلەت ساتقۇچى بايىقى جاپاكەشكە قاراپ قويدى: تېگى قارا كۆك دوخاۋا، گۈللىرى يوغان، ھال-قىزىل دوپپا ئاستىدا پاكىز قىرىلغان باش، قىزارغان، چاسا يۈز، شالاڭ قاشلار ئاستىدا تۇمارچە كۆز، قات-قات كىيىم، ئېغىر سومكىلار ئازابىدىن ئاققان تەر... بىلەت ساتقۇچىغا ئىراقلا كۆرۈندى. بىلەت ساتقۇچى ھېچكىمگە ئوچۇق چىراي ئاچماي سۈرلۈك ئولتۇرغان قاسقان شەپكىلىك يىگىتكە كۈلدى:

— نەدىن؟

— تۇرپاندىن.

— ئۈزۈم سودىگىرىمۇ؟

— مەن دېھقان.

— قايسى سودىگەر دېھقان ئەمەسكەن؟

— شۇنداق، سودىگەر دېھقان، ياق دېھقان سو-

قا بۇ گۇاڭجۇغا ئىككىنچى قېتىم قاتنىشىم. ئالدىنقى سە-
پەر ھەسەن دىقماق ئىككىمىز ئون تونىنا ئۈزۈم ئاپ-
رىپ دوگوۋور بويىچە ناھىيىلىك سودا ماگىزىنلىرىغا بې-
راقلا ئۆتكۈزۈپ ئۇرغۇن پايدا ئالدۇق. پايدىنى يالغۇز
يېگىم كەلمىدى. مەھەللىمىزدىكى ماڭا ئالتە كويدىن ئۈ-
زۈم سېتىپ بەرگەن دېھقانلارغا يەنە بەش موچەندىن
پۇل تارقىتىپ بەردىم. مەن كىلو بېشىغا بىر كوي ئىك-
كى مودىن ساپ پايدا ئالغان ئەمەسمۇ. بۇ پايدىدىن
بەش موچەننى قايرىپ دېھقانلارغا بېرىۋەتكەندىكىن،
ئۆزۈمگە يەتتە موچەندىن پايدا قالدى — دە. شۇنىڭغا
شۈكرى قىلدىم. بۇمۇ جىق پۇل. دېھقانلار مېنىڭ ياخ-
شىلىقىمنى كۆرۈپ بۇ سەپەر مېنى يەنە يولغا سالدى.
ئالدىنقى قېتىم خاتالىقىم، ئۆتكۈزۈپتىمەن ئۇكام. ناھى-
يىمىز ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىدىغان پىلاننى ئورۇنلىماي
تۇرۇپ شەخسىيلەرنىڭ پىلانىدىن ئاشقان ئۈزۈملىرىنى
سېتىشقا يول قويمايدۇ ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ بەلگىلىمىگە
خىلاپلىق قىلىپ، دېھقانلاردىن ئوغرىلىقچە ئۈزۈم سې-
تىۋالغانمەن. قايتىپ بارسام باشقىلار مېنى تەنقىد قىل-
دى. لېكىن تاپقان پۇلۇمنى مۇسادىرە قىلمىدى. بۇنىڭ
سەۋەبى: بىرىنچىدىن، بىزنىڭ كەنت سېتىپ بېرىش
پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان. ئىككىنچىدىن، مەن دېھ-
قانلارنىڭ ئارتۇق ئۈزۈملىرىنى ئالتە يېرىم يۈەندىن
ئېلىپ ھىمايىگە ئىگە بولدۇم. سودا ئورۇنلىرى پىلان-
دىن ئاشقان ئۈزۈمنى بەش كوي سەككىز مودىن ئالى-
دۇ. مەن ئۇلاردىن يەتتە موچەن قىممىتىگە ئالدىم. بۇ

دېھقان يىگىتكە سىنچىلاپ قارىدى. يىگىت ئالا-
بۇلىماچ پوپايكا، غەلتە بۇرۇلكا، ئېگىز پاشنىلىق شى-
بلىت كىيىۋالغان، بىپەرۋا، كەمسۆز، خۇش چىراي ئىدى.
— ئۇكام، سەن نەدە ئىشلەيسەن، تونۇشۇپ قو-
يايلى، يۇ — دېدى دېھقان سومكىسىدىكى مول يېمەك-
لىكلىرىنى كىچىككىنە جوزىغا تولدۇرۇپ. — يە، ئىچ.
سەن بولمىغان بولساڭ مەن بۇ چاغقىچە تولا قايىنغان
كاللا - پاقالچاقتەك ئېزىلىپ شىلىم بولۇپ كېتەتتىم.
بىز تۇرپانلىقلار خەنزۇ تىلىنى ئوبدان سۆزلەيمىز. ئۇي-
غۇرچە، خەنزۇچە سۆزلىسەكمۇ ئوخشاش، ئىش قىلىپ،
كەپ قىلىپ ماڭ. گۇاڭجۇغا بارغاندا خۇدايىم بۇيرىسا
سېنى ئەڭ ياخشى ئاشخانىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلىمەن.
مېنىڭ ئۇ يەردە ھەسەن دىقماق دېگەن ئاغىنەم بار.
گۇاڭجۇ، خەينەندا ۋە شاسەن، جوڭسەن، گۇاڭدۇڭلاردا
ئۇنى بىلمەيدىغان ئوقەتچى يوق، ئۇ پۇل دېگەننى خۇد-
دى توختام سۇدىن بېلىق سۈزگەندەك ئاسانلا چويلا
سىلىپلا سۈزۈپ ئالىدۇ. سېنى ئاغىنەم بىلەن تونۇشتۇ-
رۇپ قويىمەن. ئۇ مانا ياش يىگىتلەرنى ئوينىتىشنى
بىلىدۇ. ھاراق ئىچەمسەن ئۇكام؟
يىگىت كۈلۈپلا قويدى. ئۇ گەپمۇ قىلمىدى، قۇ-
رۇق چايلا ئىچتى. كۈتكۈچى كەچكى تاماق بېلىتى سات-
قىلى كىردى. ئۇلار ھېچنەرسە ئالمىدى. دېھقان خۇش
خۇي، ئەدەبلىك يىگىت گەپ قىلمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى
تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:
— ئىسمىم نىياز. تۇرپانلىق دېھقانمەن. ئۇكام ما-

گۈرپاللىق، دوپپامدىن تونۇۋاپسەن. دوپپامغا ھەيران
قېلىۋاتامسىنا؟ ئايالىم ئۆز قولى بىلەن تىكىپ كيدۈ-
رۈپ قويغان دوپپا بۇ. ساڭا بەلكىم بۇ قارا - كۆك دۈ-
خاۋا ئۈستىگە تىكىلگەن تۆت چاسا قىزىل گۈللەر قو-
پال، سەت كۆرۈنۈشى مۈمكىن. لېكىن ئۇكام بۇ دوپپى-
غا مېنىڭ كۆزۈم بىلەن قارىساڭ ئىدى، بۇ دوپپا ساڭا
خانلارنىڭ تاجىدەك چىرايلىق، يارىشىملىق كۆرۈنگەن
بولاتتى. ئېمىشقا كۈلىسەن؟ ئىشەنمەيۋاتامسىنا؟ ماڭىمۇ
سېنىڭ مۇنۇ ئۇزۇن چاچلىرىڭ، ئاۋۇ چىمچىلاق قولۇڭ-
دىكى ئالتۇن ئۈزۈكۈڭ غەلىتە - يوچۇن كۆرۈنگەندەك.
ساڭىمۇ مېنىڭ دوپپام بىلەن مۇنۇ ئۆتۈك، پوتىلىرىم
غەلىتە، قوپال بىلىنىۋاتقاندۇ- ھە؟ لېكىن بىلىپ قوي،
بۇ نەرسىلەر ماڭا يارىشىملىق، ئەزىز بىلىنىدۇ. مەن
بۇ كىيىملىرىم بىلەن گۈاڭجۇ، شىنجاڭ، شاسەن، بوخەي-
لەردە شۇنداق كېزىلىپ، ئازادە ماڭدىمكى، سەن ئار-
قىسى يورۇق كاستۇم، چەت ئەل گالىستۇكى، تار پۇش-
قاق شىملىرىڭ بىلەن مەنچىلىك ھۇزۇر قىلالمايسەن
ئۇكام. ئېمىشقا دەمسىنا؟ ئېمىشقا دېگەندە، مەن بۇ كى-
يىملىرىم بىلەن ھەقىقىي تۇرپانلىق، ساڭا ئوخشاش،
بۇنداق كىيىم كىيگەنلەر شەھەرلەرگە تولۇپ يۈرۈۋاتى-
سا، كىممۇ ساڭا نەزەر سالىدۇ دەيسەن؟ مېنىچۇ، خوراز
تاجىسىدەك دوپپامغا قاراپلا، «ھە، بۇ تۇرپانلىق ئىكەن،
بۇنىڭ بىلەن سودا قىلساڭ، زىيان تارتمايسەن» دەپ
ئويلايدۇ - دە، ھەرقاندىقى مېنى كۆرگەن زامان ئىللىق
كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇكام، مانا مەن

دېھقانغا پايدا ئەمەسمۇ؟ دېھقانلار ياخشىلىقىمنى كۆز-
دە تۇتۇپ، بۇ قېتىم ئون تونىنا ئۈزۈم يىغىپ بەردى.
مەن ئۇلارغا ئالتە يېرىم كويدىن نەق پۇل تۆلىدىم.
ئىككى ناھىيە بىلەن تۈزگەن دوگوۋورىمىز بار. دوگوۋور
بويىچە ئۇ ناھىيىلەرگە مەن 1 - ئاينىڭ 30 - كۈ-
نىدىن بۇرۇن مال تاپشۇرىمەن. ئۇلار ماڭا يەتتە يۈەن
سەككىز مودىن پۇل تۆلەيدۇ. مەن مالنى سېلىۋەتكىلى
ئون كۈندىن ئاشتى. خۇدايىم بۇيرىسا بۈگۈن چىسلاغا
سەككىز بولسا، 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن مال
گۇاڭجۇغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇكام بۇ قېتىم پايدا كۆپرەك
بولۇپ قالسا، ياخشى نىيەتلىرىم بار. ئالغان پايدامنىڭ
يېرىمىدىن كۆپرەكىنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرمەكچىمەن.
نېمىشقا دەمسىنا؟ دېھقان تارتقان جاپاسىغا تۇشلۇق
پايدا كۆرسۇن - دە. بىر كىلو قوي گۆشى بەش يې-
رىم كوي. بۇ قوي ياۋاننىڭ ئوتى بىلەن پەيدا بول-
دۇ. بىر مېتىر دىلون بىزنىڭ تەرەپلەردە 9 - 10
كوي. مەن كۆردۈم، ئۇ زاۋۇتتا ئاسانلا، كېرەكسىز نەر-
سىلەردىن پەيدا بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۈزۈمچۇ؟ ئۇ بەك
كەس، بەك تەستە تەييار بولىدۇ - دە!

ياش يىگىت نىيازنىڭ كېپىكە قىزىقىپ قالدى. ئۇ
كىتابىنى يېپىپ قويۇپ، زېھنى بىلەن گەپكە قۇلاق سال-
ماقتا.

— تارتىنما ئۇكام، يە، ئىچ، دېسەم - دېمىسەم
مېنىڭ بۇ گۈللىرى يوغان دوپپامنى كۆرۈپ مۇڭداش-
قىلى مېنى ھەمراھ قىلىۋالدىڭغۇ دەيمەن؟ توغرا، مەن

ئەرى تۆكۈلدى؟ سەن تۇرپاننى بىلمەيسەن، يازلىقى 47—48 گرادۇس ئىسسىيدۇ. مۇشۇنداق ئىسسىقلاردىمۇ قېرى دادام بىلەن ئاپام ھەر بىر ساپاق ئۈزۈمنىڭ چۆرىسىدە سەكپارە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇلارنى ئويلىسام بىر كىلو ئۈزۈمنى سەككىز يۈەنگە ئەمەس 20 — 30 يۈەنگە ساتقۇم كەلمەيدۇ؛ ھە، نېمىگە بېشىڭنى گىلدىڭلىتىسەن، ھە راستلا سورىماپتىمەن، ئىسمىڭ نېمە. سەن قەيەرلىك؟ بولدى، بۇلارنى بىلمىسەممۇ بولۇۋېرىدۇ... پارىڭ قىزىۋاتىدۇ. تېخى سەپەر ئۇزۇن، بۇ يەردىن گۇاڭجۇغىچە بەش كېچە. ئالتە كۈندۈز ماڭىمىز تېخى، شىئەندە تۇرمايدىغانسەن؟ بۇ ياخشى بولدى. ئۇنداق بولسا گۇاڭجۇغىچىلا بىللە بارىدىمىزكەن. مانا بۇ ئايرىم ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق. ئالە، يە، ئىچ، قورۇنما ئۇكام. بۇ يەر ئۆز ئۆيۈڭ. سەن ئۆز ئاكاڭ تۇرپانلىقنىڭ مەرد ئىكەنلىكىنى بىلىپ قوي.

3

ئۇ گۇاڭجۇ ۋوكزالىدا ھېلىقى يىگىتتىن ئايرىلدى. يىگىت كىچىك ماشىنا بىلەن كەتتى. يىگىت ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا نە ئىسمىنى، نە خىزمىتىنى ئېيتمىدى. ئۇ نىيازنىڭ تامىقىنى يېدى، كېپىنى ئاڭلىدى، ئەنە ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ياش، غەلىتە كىيىنگەن ياشلار بىلەن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن كىچىك ماشىنىغا چۈشتى - دە، نىيازغا قاراپ كۈلۈپ، سول قولىنى كۆتۈرۈپلا قويدى،

باي، پويىزنىڭ زۇڭلىلار ئولتۇرىدىغان جايىدىن ئورۇن تۇتۇپ كېتىۋاتىمەن. نېمانداق تولا كۈلىسەن، ئىچ، ماۋۇ بىر رومكىنى ئىچىۋەتكىنە. گەپ قىلمايلا كۈلۈۋېرىدىغان نەرسىكەنسەنغۇ؟ مەن ئۆزۈم جىق گەپ قىلىغان بىلەن تولا گەپ قىلىدىغان ئادەمنى كۆرسەم جۇدۇنۇم تۇتىدۇ. سەن گېپى ئاز، كۈلكىسى كۆپ، ئىشتىھاسى ياخشىلاردىن ئىكەنسەن. مەن بۇنداق ئادەملەر بىلەن سەپەردە بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن. سەن يارايسەن، لېكىن كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن مۇنۇ قېشىڭنى يېپىپ تۇرىدىغان ئۆزۈن چاچلىرىڭ بىلەن ئاۋۇ چىمچىلاق قولۇڭدىكى ئالتۇن ئۈزۈكۈڭ ماڭا ياقمىدى. نېمىشقا دەمسىنا؟ بىر قېتىم تازا مۇشۇنداق چېچى ئۆزۈن، ئالتۇن ئۈزۈكلۈك بىرسى 50 كىلو ئۈزۈمىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ قاچتى ئەمەسمۇ؟ سەن كۈلۈۋەرمە، 50 كىلو ئاڭلىماققا ئاز، لېكىن بۇنى تەييارلىغىچە دېھقان قانچىلىك جاپا چېكىدۇ؟ سەن بۇنى بىلمەيسەن، بىلگەن بولساڭ، كۈلمەيتتىڭ. سەن ھەقاچان بىر كىلو ئۈزۈمنى تۇرپاندا ئالتە پېرىم كويدىن ئالسەن، گۇاڭجۇدا سەككىز كويدىن ساتىسەن. گۇاڭجۇ باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ 50 كىلو ئۈزۈم دېگىنىڭ 400 يۈەن، بىر نەچچە تۈمەنلىك دەسمىي بىلەن يولغا چىققان ئۈزۈم سودىگىرى تۇرۇپ، 400 يۈەنگە ئادەم قاغاۋاتامسىنا؟ تۇرپانلىق دېگەننىمۇ بىلمەپ قويدۇق... دەپ ئويلاۋاتقانسەن. ئېيتقىنىڭ دۇرۇس، ئەرزىمەيدىغان پۇل بۇ! لېكىن بىلىپ قوي، 50 كىلو ئۈزۈمگە قېرى دادام بىلەن ئانامنىڭ قانچىلىك

... بۇ يەردە ھېچنېمە ئۆزگەرمەپتۇ. كوچىلار بۇ- رۇلىقىدەكلا تولىسى ئاق كۆكلەك. ئالا - تاغىل كاس- تۇم كىيىپ، كۈنلۈك تۇتقان، قولتۇقلىشىپ يۈرىدىغان ئوغۇل - قىزلار بىلەن توشۇپ تۇرۇپتۇ. ياشلار ئوخشاشلا كۆنلۈكنى دالدا قىلىشىپ، باغلاردا، گۈللۈكلەردە مۇ- ھەببەتلىشىدىكەن. جىشاڭ، بەيىيىڭ، بەيىيۈ سارايلىرىنىڭ 4 — 5 قەۋەتلىك بىنالىرىدا ئاۋۋالقىدەكلا چاچ- لىرىنى ئۆزۈن قويۇشقان، بۇرۇتلۇق سودىگەر يىگىتلەر يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىرى خاپا، بىرلىرى خۇشال، بىرلىرى قىزلارنى قولتۇقلاشقان، بىرلىرى ماللىرىنى سا- پوچتىدىن سىلىۋاتسا، بىرلىرى چەت ئەل پۇللىرىنى سا- ناۋاتقان، بىرلىرى ۋارقىرىشىۋاتقان، بىرلىرى ھويلىدى- كى ئەرزان قوشۇمچە كارىۋاتتا مەست ياتقان، بىرلىرى كىرا پىكاپىدىن بېشىنى چىقىرىپ، بىرسىگە ئىش بۇيرۇ- ۋاتقان، يەنە بىرسى غۇلجىلىق ئاشپەزلەرنىڭ ئەترا- پىدا تاماق بۇيرۇتۇپ يۈرگەن. بىرلىرى ئالدىراش، بىرلىرى ئەسنەپ ئولتۇرغان... ھەممىسلا ئاۋۋالقىدەك ئى- كەن. پەقەت نىيازنىڭ كۆزىگە ياقۇپ بىلەن ھەسەن دىقماقلا كۆرۈنمىدى. نىياز ئۇلارغا خالتىلارنى ئەكەل- دى. ئۇلارنىڭ خالتىلىرىدا نېمىلەر باركىن، بىر خال- تىدىن غەلتە پۇراق كەلمەكتە. چۈنكى تۇرپاندا قىش بولغىنى بىلەن بۇ يەردە ياز، پىششىق گۆھىنى ئۇزاق ساقلىغىلى بولاتتىمۇ؟ لېكىن نىيازغا بۇلار زۆرۈر ئە- مەس، ئۇ ئۆتكەندە تونۇشقان ئادەملىرى بىلەن ئالاقى- لىشىپ ئۈزۈمنىڭ سېتىش ئەھۋالىنى بىلىشى كېرەك.

ئۇنىڭ چىمچىلاق ھولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكى يال-
تىرىدى. نىياز ئۆز ئادىتى بويىچە قولىنى كۆكسىگە قو-
يۇپ، ئېگىلىپ قويدى، خالاس. ئۇلار مانا مۇشۇنداق
ئاددىيلا خوشلاشتى.

كېچە يۇ-كۈندۈز ئادەم مىغىلداپ تۇرىدىغان، كو-
چىلىرى خىلمۇ خىل چىراغلار، خىلمۇ خىل گۈللەر بىلەن
بېزەلگەن شەھەر تونۇش سودىگەر تۇرپانلىق نىيازنىمۇ
كۆلۈپ قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالدى. نىياز كىرا ماشىنى-
سى بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق، تونۇش كوچىلاردىن ئۆ-
تۈپ، يامغۇردىن كېيىنكى كەچكى دىمىق ھاۋادا توخ-
تىماي تەرىنى ئېرتىپ سەنيۇەنلىگە قاراپ ماڭغاندا،
ئۇ توپىلىق تۇرپاننى قانداق ئۇنتۇغان بولسا، بايىقى
ئالتۇن ئۈزۈكلۈك يىگىتنىمۇ شۇنداقلا ئۇنتۇدى. چۈنكى
ئۇ ئەمدى ئەقلىنى، پىكرىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك.
ئۇنداق قىلمىسا، پۇل تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ يەر قارا
كۈچ بىلەن ئىش پۈتىدىغان ئېتىزلىق ئەمەس، بەلكى
ئەقىل - پاراسەت بىلەن پۇل تاپىدىغان شەھەر —
گۇاڭجۇ. نىيازمۇ ئەمدى ھەممىگە ھاڭۋېقىپ قارايدىغان
نادان دېھقان ئەمەس، ئۇ ھازىر مۇنۇ ھەيۋەتلىك شە-
ھەرنىڭ قوينىدىن نەپ ئالغۇچى پۇقراسى. ئۇ شۇ نەپ
ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىلمەيدىغان يوللار، نا-
ھىيە، زاۋۇتلاردىكى ئەپچىل خادىملارنىڭ ئىسمى، تې-
لېفون نومۇرلىرى، خەنزۇ يېزىقى، ھەتتا گۇاڭدۇڭ تى-
لىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئەتىدىن باشلاپ ھەسەن دىقماق-
نىڭ ياردىمىسىزلا ئۆز ئۇقىتىنى ئاقتۇرۇۋېرىدۇ...

رەڭگى سېرىق ئۈزۈمىمۇ، تۈركىيىنىڭ رەڭدار، تەمسىز ئۈزۈمىمۇ ئەمەس، نەق تۇرپان چۈنجىلىرىدە قۇرۇتقان دېھقان ئۈزۈمىنىڭ ئۆزى. بىر سودىگەرنىڭ ئېيتىشىچە، «شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى» ناملىق بىر ئىدارە شىركەت پويىزدا مال ئەكىلىپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەممە ناھىيە بازارلىرىنى يۆك. ئەيلەنگەن تېرە، لازا، قاق، ئۈزۈم قاتارلىق ماللار بىلەن تولدۇرۇپ تاشلاپتىمىش. ئۇلارنىڭ 150 توننا ئۈزۈمى ھەممىلا جايدا بەش كوي ئۈچ موچەندىن سېتىلغىلى باشلاپتىكەن. ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ ئۈزۈملىرى كوچا - كوچىدا سېسىپ ياتقۇدەك...

نىيازنىڭ ئۇن توننا ئۈزۈمىمۇ شۇ سېسىپ ياتقان ئۈزۈملەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالارمۇ؟ سودا ئىدارىلىرى ئۆز جايىدا بەش كوي سەككىز موددىن ئېلىۋاتسا، شۇنچە پۇلغا كىرا قىلىپ بۇ يەرگە ئەكىلىپ بەش كوي 3 — 4 موددىن ساتسا، نىياز بۇ زىياننى كۆتۈرەلەمدۇ؟ ئۆزى زىيان تارتسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ، يۇرتىدا قىلىپ قالغان دېھقانلارچۇ؟

بۇ «شىركەت» نەدىن پەيدا بولدى؟ بىر قېتىمدا 150 توننا ئۈزۈم ئەكەلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرزان سېتىلغىنىغا قارىغاندا بۇ ئۈزۈم پىلان ئىچىدىكى باھا بويىچە ئۈچ كوي يەتتە موچەندىن سېتىۋېلىنغان ئۈزۈم بولىدۇ. بىزنىڭ پۈتۈن تۇرپان ناھىيىسىنىڭ بىر يىللىق سېتىۋېلىش پىلانى 1160 توننا، بۇ شىركەت ئۇن قېتىملا توشۇسا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئۈزۈم

ئۇ ئىككىنچى كۈنىلا باۋئەن ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كاپىراتىپىنىڭ مال ئالغۇچىسىنى تېلېفوندا ئىزلىدى. لېكىن ئۇ تېپىلمىدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسىدىن يامان خەۋەر كەلدى: ھازىر بازارغا ناھايىتى كۆپ ئۈزۈم كىرىپتۇ. باھاسى ئالتە يۈەنگە يەتمەيدىكەن. شۇڭا ئۆتكەندىكى يەتتە كوي سەككىز مودىن ئالماقچى بولغان بەش توننا ئۈزۈمنى بۇ ناھىيە ئالمايدىغان بوپتۇ. نىياز تېلېفوننى جالاقىدە قويدى - دە، پېشانىسىدىكى تەرىنى سۈرتتى. ئۇ ئەمدى دوك گۇدىن ناھىيىسىگە تېلېفون بەردى. تېلېفوندا تونۇش ئادەم سۆزلىمەكتە. نىياز كۈلدى:

— ياخشىمۇ سەن پەل چىشى، كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى. مال ئۆگۈنلۈككە كېلىدۇ. پويىزدىن بىراقلا دەمە مالنى سىلەرنىڭ ناھىيىگە يۆتكەيمەن. نېمە؟ باھاسىنى تۆۋەنلەت دەمسەن؟ ياق، ياق. دوگوۋورغا قول قويغانسەن. نېمە؟ قانۇن بويىچە زىيان تۆلەيمەن، لېكىن بەتتە كوي سەككىز مودىن ئالمايمەن دەمسىنا؟ قانچە بولسا ئالىسەن؟ نېمە بەش كوي تۆت مو؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ چىشاڭ، تۇرپانىنىڭ ئۈزۈمىنى كىلوسىنى ئالتە يۈەندىن ئالغان تۇرسام. نېمە، نېمە، ئۈستۈڭدىن سوتقا ئەرز بېرىمەن!

نىياز كىچىككىنە كىرا ماشىنىسى بىلەن ناھىيىلەرگە، سودا سارايلىرى، تىجارەت ئورۇنلىرىغا باردى. ھەممىلا جايدا ئالتە كويغا يەتمەيدىغان باھا بىلەن سېتىلىۋاتقان ئۈزۈم. ئۈزۈم بولغاندىمۇ ئاۋستىراليىنىڭ

ە مۇھتاج ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ پەردىكى سودىگەرلەرنىڭ ياردەم قىلماي قالغانلىقىنى ئۆتكەن قېتىم كۆرگەن ئىدى. ئۇ ھەسەن دىققاقنى سېغىنغانىدى. ھەسەن نېمىلا قىلغان بىلەن كىچىككىنىدە بىللە ئۆسكەن، مۇشۇ ئىشقىمۇ نىيازنى جەلپ قىلغان دوستى - دە، ئۇ نىيازنىڭ قايغۇسى ئۈستىدىن كۈلمەيدۇ. نىيازنىڭ ھالىغا يېتىدۇ. لېكىن ئۇ نەدە؟

نىياز مېھمان كۈتۈش ئورنىنىڭ پوچتىخانىسىدىن مال تالونىنى ئالدى - دە، زالدا بېشىنى تاتىلاپ، ئۇزاق ئويلاندى، ئۇ ئاخىر شەھەرلىك مېۋە - چېۋە شىركىتىدىكى ھەسەن ئارقىلىق تونۇشقان ياش جىگىلىنى تېپىپ شۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بولدى.

ئۇ ئاپتوبۇس بىلەن ئۇ يەرگە باردى. كۆزەينەكلىك، ئاۋازى قىزلارنىڭكىدەك چىقىدىغان يۇمىلاق يۈزلۈك جىگىلى نىيازنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ كالون، ئىسكىلاتلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق تارماق شىركەت، ماگىزىن، ئىسكىلاتلىرى راستتىنلا ھېلىقى «شىركەت» نىڭ ئۈزۈملىرى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ.

— سىزدىن ئاخىرقى بىر ئىشتا ياردەم سورايمەن، — دېدى نىياز جىگىلىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — مېنى ئاشۇ زوراۋان شىركەتنىڭ باشلىقى بىلەن ئۇچراشتۇرسىڭىز كەن؟

— بۇ مۇمكىن، — دېدى جىگىلى خىيالچانلىق بىلەن مەيۈس ھالدا، — لېكىن بۇ ئۇچرىشىشتىن سىزگە

ئىسكىلاتلىرىمى قوڭۇقدايدىكەن. زادى بۇ قانداق شىر-كەت؟ تاشقى سودا ئىدارىسى، يەرلىك ماللار ئىدارىلى-رىمۇ بۇ شىركەتنى تونۇمايدىكەن. بۇ شىركەت شۇنچە ئۆزۈمنى ئەرزان باهادا قانداق ئالالىدى؟...

نىياز بۇ جاۋابسىز سوئاللارنى قايتا - قايتا تەك-رارلاپ، بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى ئۇنىڭ ئىشتىهاسى تۇتۇلدى. بېشى ئېغىر-لاشتى. ئۇ ئەمدى ئېنىق چۈشەندى: سوتقا ئەرز يېزىپ-مۇ، ئۇياق - بۇياققا قاتراپ چېپىپمۇ بۇ زىياندىن قۇ-تۇلۇپ ئالالمايتتى. نىياز مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشەن-گەنسېرى، ئۇنىڭغا مۇنۇ ھەيۋەتلىك شەھەر چۈشىنىك-سىز، سىرلىق بىلىنىشكە باشلىدى.

بۈگۈن مال ئېلىش تالونى قولىغا تەگدى. ئۇن تونىنا ئۆزۈمنى نەگە چۈشۈرگۈلۈك. سارايلاردىن ئۆي ئالسا بىر كۈنلۈكى پالانچى تەڭگە. پويىز ئىستانسىسىنىڭ مال ئىسكىلاتىدا تۇرسىچۇ؟ ۋاقتىدا ئالمىسا، كۈنگە ھې-سابلاپ ئالىدىغان جەرىمانىسى بار. ئۇنىڭ يېنىدىكى نەق پۇلى كىرا، چۈشۈرۈش، ساقلاش ھەقلىرىگە يېتەم-دۇ تېخى؟ ئۇ بارلىق پۇلىغا ئۆزۈم ئالغان، بۇ يەردىكى بارلىق خىراجىتىنى ئاشۇ دوگوۋور بويىچە ئالىدىغان پۇل-دىن قىلماقچى ئىدىغۇ... دوگوۋور بويىچە ئالىدىغان پۇلغا ئىشەنچ قىلىپ، پويىزدا قىممەت ئۆيدە ياتقان. قىممەت ماشىنىلاردا ئولتۇرغان ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى دوگوۋورلار بىكار بولدى.

ئۇنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ شۇ تاپتا يادەمگە تولى-

رام ئاماق شىركەتنىڭ خوددى رەھبەرلەردەك ئادەم
قوبۇل قىلغانلىرىنى قانداق قىلاي. بۇلار چوقۇمكى كاللا
كېسەر لۈكچەكلەر. بۇلارنىڭ پۇلدىن باشقا يۆلەنچۈكى
يوق. مەن بۇلارغا تېتىيمەن تېخى». ئۇ لىفت بىلەن
7 - قەۋەتكە كۆتۈرۈلۈۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى.
ئۇ قىزىل گىلەم سېلىنغان تار، گۇڭگا زالدا
716 - ئۆينى ئىزلىدى.
716 - ئۆي قوش ئىشىك ئىكەن. ئۇ قوڭغۇراقنى باس-
تى. ئىشىك بىردىنلا ئېچىلدى. قېلىن، تېگى يېشىل، گۈل-
لىرى ھال گىلەم ئۈستىدە نىياز كۆرۈپ باقمىغان ھەر
دىۋان، كارىۋاتلار رەتلىك تۇراتتى. ئۆي ئىككى ئېغىز
ئىكەن. ئىچكىرىكى ئۆيدىن لېۋى بويالغان، قاشلىرى ئىن-
چىكە، زىلۋا قىز چىقىپ، نىيازغا مەنسىتمىگەندەك قا-
راپ قويۇپ، دىۋاندا پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇردى:
— كىم كېرەك؟ — دېدى كىنولاردا ئۇچرايدىغان
ئايناق تەتەيلەردەك سۈنئىي ناز بىلەن.
— باشلىقىڭلار بارمۇ - يوق؟ — نىيازمۇ سوغلا
سوزدى.
— خىھا! — قىلدى قىز ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، —
يا گەنسى يۇرتلۇقىڭىز كەلدى!...
ئىچكىرىكى ئۆيدىن مايكا تورسىك بىلەنلا
چاچلىرى سېۋەتتەك يوغان بىر يىگىت چىقتى.
— ياقۇپ! — دېدى نىياز ھەيران قېلىپ، —
مەن بۇ شىركەتنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسىمۇ؟
— نى... لى... ھە، نىياز ئاكاممۇ، ئىش بىلەن

چوڭ پايدا يوق، ئۇلار ئۆزۈمىمىزنى ھەرگىزمۇ ھازىرقى باھادىن يۇقىرى باھادا ئالمايدۇ.

— مەن ئۇلارغا ئۆزۈم ساتماقچى ئەمەس، — دېدى نىياز خاپا ھالدا. — ئۆزۈملىرىم سېسىپ كەتسىمۇ ئۇلارغا ساتمايمەن. ئۇلار بىلەن تۆت ئېغىز گەپ قىلىشىپ ئالساملا بولدى.

— چۈشەندىم، — دېدى جىگلى كۈلۈمسىرەپ، — مەن سىزگە ياردەم قىلالايمەن، يۈرۈڭ ئەمسە.

ئۇلار چۈشكەن كىچىك ماشىنا 15 قەۋەتلىك چوڭ بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى.

— مۇشۇ بىنانىڭ 716 - نومۇرلۇق ئۆيىدە بۇ شىركەتنىڭ ئالاقە پونكىتى بار، ئۇلار سىزگە شىركەت باشلىقىنى تېپىپ بېرىدۇ، — دېدى جىگىلى ئەپۇ سوراپ، — كۆرۈشكىچە خەير ئەمسە!

نىياز مېھمانخانىنىڭ كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىدە تىزىملاندى. كۈتكۈچى تېلېفون بىلەن 716 - ئۆيدىكى ئىش بېجىرگۈچى بىلەن سۆزلەشتى:

— ئۆزۈم سودىگىرى، ئىسمى نىياز، تۇرپاندىن كەپتۇ، ھە، ھە...

نىيازنىڭ تېنى جۇغۇلدىدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خورلۇق ھېس قىلدى: «ساپ تەر تۆكۈپ ئۆزۈم قۇرۇتۇپ، ئاخىرىدا خورلىنىمىز» دەپ ئويلىدى ئۇ كۈتكۈچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ.

— چىقسۇن دەيدۇ، — دېدى كۈتكۈچى.

«بىزدەك دېھقانلارنىڭ قاچىسىغا توپا چاچقان ھا-

نىياز ياقۇپقا ئېسىلدى، ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن كى-
رىشكەن، لەپەرەت بىلەن كۈچەيگەن قوللىرى ياقۇپنىڭ
گىنچكە بويىنىنى شۇنداق بوغدىكى، ياقۇپنىڭ ئاغزى -
بۇرنى قانىدى، ئاندىن كېيىن ياقۇپ تۆمۈردەك كۆكەر-
دى - دە، كۆزلىرىنىڭ پاختىسى ئۆرلەپ ھوشسىزلاندى.

نىياز قوللىرىنى ئادەملەر قايرىغاندىن كېيىنلا ئۆ-
زىگە كەلدى. ھېلىقى قىزچاق ماجرا باشلىنىش بىلەنلا
چۇقان - سۈرەن سېلىپ ئادەم چاقىرغان ئىكەن.

ئادەملەر نىيازنى چىرماپ تۇتۇپ، نوقۇشلاپ
باغلاۋاتقاندا، ئۆيگە چاچلىرى ئۇزۇن، غەلىتە كىيىن-
گەن يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ نىيازنى كۆرۈپ سول
قولىنى كۆتۈردى، چىمچىلاق قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك
يالت - يۇلت قىلىپ قالدى. نىياز ئۇنى دەرھال تونۇ-
دى. بۇ نىياز بىلەن پويىزدا بىللە كەلگەن يىگىت ئىدى.

— دۇڭ شىجاڭ! — دېدى بىرسى ئاغىز - تا-
ئىل ۋارقىراپ، — بۇ لۈكچەكنى ساقچىغا ئاپىرىپ
بېرەيلى!

— ياق، — دېدى يىگىت نىيازنىڭ مۈرىسىگە قو-
لىنى قويۇپ، — بۇ بىزنىڭ تۇرپانلىق دوستىمىز، ئۇ-
زۇم ئىشلەپچىقىرىدۇ، بىز پۇل قىلىمىز، ئۇنى قويۇۋې-
تىڭلار!

ئۇ شۇنداق دەپ كۈلۈپلا قويدى - دە، چىقىپ
كەتتى.

«دۇڭ شىجاڭ دېگىنى شىركەت باشلىقى دېگىنى.
دېمەك مەن ھېلىقى يالماۋۇز شىركەتنىڭ باشلىقى بى-

كەلگەنمۇ!

— ئىشىم بولمىسا، سىزنىڭ پاختا بېشىڭلى سېلىپ كېلەتتىممۇ؟ — دېدى نىياز غەزەپ بىلەن ياقولىقا كۆلىنىپ، — گۇاڭجۇ شەھىرىدە قىغدەك سېسىپ ياتقىنىڭدا 8000 يۈەن خەجلەپ سېنى قۇتقۇزدۇرغان مەن نىيازە بىلسەڭ، دېھقانكەن، دېھقان خورلانمىسۇن، ئۆزۈم خورلانمىسۇن دەپ قۇتقۇزدۇرغان. بۈگۈنزە ئىشىڭنى يەپ، قاچاڭنى چاقاي دەپسەن-دە!

— نېمە بولدى، نىياز ئاكا؟

— نېمە بولدى؟ رۇڭگۈەن، باۋئەن ناھىيىلىرى بىلەن تۈزگەن دوكۇۋۇرىمنى بىلەتتىڭمۇ؟

— ھە، نېمە بولدى؟

— مېنىڭ دوكۇۋۇرلىرىمنى سەن بۇزدىڭمۇ؟

— سەن قىممەت سېتىپسەن، مەن ئەرزان ساتتىم. بۇنى بۇزدى دېگىلى بولامدۇ، نىياز ئاكا؟

— يەنە قانداق بۇزساڭ بولاتتى. ۋىجدانى بولمىغان ئىت، بىزدەك دېھقانلارنىڭ دوكۇۋۇرلىرىنى تولۇق بىلىۋېلىپ، كېلىدىغان پايدىنى تولۇق ھېسابلاپ كۆرۈپ، سەن يۈز-تېرە سودىگەرلىرىگە بىزنى ساتقانسەن. ئۇلارغا شىنجاڭدىن ئەرزان باھادا ئۆزۈم سېتىۋېلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەنسەن. بۇ يۇرتلۇقلىرىڭنى ساتقان قىلمىشىڭ ھېسابىدا بۇ ياۋۇز شىركەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئىش بېجىرگۈچى دېگەن نامغا ئىگە بولۇۋالغانسەن. مەن بۈگۈن سەن مۇناپىقنى جازالىغىلى كەلدىم!

كىلىپ سىتىپ گۇاڭجۇ ۋە شياڭگاڭدىكى چەت ئەل بانـ
كىلىرىغا ئادەم چۆچۈگۈدەك مىقداردا پۇل ئامانەت قوـ
يۇپتۇ. باشلىقنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بارمىدۇ؟

ئۇ ئېغىر مەست بولۇپ، كەچتە ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنى ھەسەن دىقماق ساقلاپ ئولتۇرغان ئىكەن.

— قانداق قىلىسەن؟ — دېدى ھەسەن، نىيازنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ. — ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشىشەڭ، ۋەيران بولىسەن.

— مەيلى، — دېدى نىياز، ئاچچىق بىلەن. — تۆرمىگە كىرىپ كەتسەممۇ مەيلى، مەن دېھقانلارنىڭ قېنىنى ھېچكىمگە ئىچۈرمەيمەن!

ئۇ ئاچچىق چاينى قانغۇچە ئىچىپ، خېلى سەگىدى. ئۇ ھەسەنگە يېلىندى. ھەسەندىن ئۆزۈمنى پۇل قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. لېكىن ھەسەن ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. نىياز كۆزىگە ياش ئېلىپ، ھەسەنگە يېلىنىشنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن دېھقانىنى ئۇنتۇما. سەن بۈگۈن پۇللۇق بولۇۋېلىپ، پۇلسىزلارنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسەن، سەن ئۈزۈم سىتىپ، باي بولغانىڭ، بۈگۈن ئۈزۈم خورلانماقتا. دېھقانىنىڭ ھالال ئەمگىكى ئاياغ ئاستى بولماقتا. سەن ۋىجدان ئىگىسى بولساڭ، ئۆزۈڭ ئاز - تولا زىيان تارتىپ بولسىمۇ، دېھقانغا پايدا بەرگىن. سەن بىرقانچە زاۋۇت بىلەن مال ئېلىشقا دوگوۋور تۈزگەن، بۇنى مەن بىلىمەن. مىسالى ئالتە كويدىن ئالىدىغان دىلونى ئالتە يېرىم كويدىن ئال. ئۇنىڭ بەدىلىگە سەن

لەن بىللە كەلگەن ئىكەنمەندە! — نىياز پەلەمپەيلەر-
دىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ، شۇنداق ئويلىدى، — بۇ ئەپ-
يۈن خالتىسىنىڭ ئىسمى نېمە زادى؟»
نىياز كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىدىكى بوۋايدىن بىر سۇ-
لياۋ خالتا ئۈزۈم بېرىپ بۇ شىركەت باشلىقىنىڭ ئىس-
مىنى بىلىۋالدى. بۇ يىگىت ناھايىتى چوڭ بىر رەھ-
بەرنىڭ ئوغلى ئىكەن. نىياز رەھبەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭ-
لاپ، ھەممىنى: ئۈزۈمنىڭ ئەرزان ئېلىنغانلىقى، يالغان
شىركەتنىڭ ھەيۋىسى، يىگىتنىڭ نىيازنى نېمىشقا ئۆز
ۋاگونىغا ئەكىرگەنلىكى ... قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبلىرىنى
بىلىپ بولدى.
ئۇ ئەمدى ئۈزۈملىرىنىمۇ ئويلىمايدىغان بولۇپ
قالدى. ئۇ يانچۇقىدىكى ئاخىرقى پۇلغا تاماق يېدى،
ھاراق ئىچتى. ئۇنىڭ ئېسى - يادى ھېلىقى چوڭ باش-
لىقتا ئىدى. ئۇ تۇرپانغا كەلگەن، نىيازلارنىڭمۇ ئۆي-
گىمۇ كىرگەن. دېھقانلارنى بېيىتىش، كۆپ خىل ئىگىلىك-
نى يولغا قويۇش، مەركەزنىڭ 1984 -، 1985 - يىل-
لىق 1 - نومۇرلۇق ھۆججەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاش-
تۇرۇش، تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشى،
ئۈزۈم سودىسى قاتارلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىق
ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ئۈزۈمچىلەرنى خۇشال قىلغان
ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئوغلى دېھقانىنىڭ قازىنىنى چاق-
ماقتا، يولغا كاتاڭ كولىماقتا. بۇ ئىشلارنى ھېلىقى
رەھبەر بىلەمدىغاندۇ - ھە؟ نىياز ھەممىنى ئاڭلىدى.
بۇ بۇ شىركەت يەنە نۇرغۇن مىقداردا يۈك - تېرە ئە-

بالىسىنى سۇتلۇق بىلەن باققانغا ئوخشاش. تەكشۈ ساپاق-
لارغا نۇر بەدىنىدىن قۇۋۋەت، شەربەت ئەۋەتىپ «داي-
لىق»يارىتىدۇ. تەكنىڭ قۇۋۋىتى ئوغۇت، سۇ، كۈن نۇ-
رىدىن كېلىدۇ. تۈنجى ئوغۇتلاش كۈزدە، ئۈزۈم
ئۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. بۇ چاغدا بىر تۈپ تەك-
كە 300—400 جىڭدىن مال ئوغۇتى بېرىلىدۇ. بۇ ئوغۇت تەك
تۈۋىگە 25—30 سانتىمېتىر (تولىسى 60—70) كولىنىپ بېرى-
لىدۇ، بۇ ئوغۇت تەكنىڭ كېلەر يىللىق ئوزۇقى، بەشىنچى ئايلارغا
كەلگەندە تەك يوپۇرماق چىقىرىپ مېۋىلەشكە باشلىغاندا، بىر
تۈپ تەككە يەنە بىر كىلودىن ئازۇتلۇق خىمىيىۋى ئو-
غۇت بېرىلىدۇ. بۇ ئوغۇتنىڭ بىر كىلوسى تۆت مۇسەك-
كىز پۇڭ، تەككە ئۈچىنچى قېتىم سۇ قويۇلغاندا يەنە
بىر كىلودىن – بىر يېرىم كىلوغىچە قارا ئوغۇت بېرى-
لىدۇ. ئوغۇت بېرىش بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. 6-
ئاينىڭ 20 – كۈنلىرىدىن كېيىن تەك مېۋىگە ماڭىدۇ.
مانا بۇ چاغدا ئۇ يەنە قۇۋۋەت تەلەپ قىلىدۇ. بۇ
چاغدا يەنە 50 جىڭ ئەتراپىدا مال ئوغۇتى بېرىلىدۇ.
دېمەك، بىر تۈپ تەككە ئىلگىرى – ئاخىر 4 — 5 قې-
تىم ئوغۇت بېرىلىدۇ. ئوغۇت بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ.
دېھقان قولىدىن قايچا چۈشمەيدۇ. 4 – ئاينىڭ 15
لىرىدىن 5 – ئاينىڭ 20 لىرىگىچە بولغان ۋاقىت ئى-
چىدە هارام پۇتاقلار چاتىلىدۇ، هارام بىخلار ئېلىنى-
دۇ. ھەر بىر شۇڭدا بەشتىن يەتتىگىچە يوپۇرماق
قالدۇرۇلىدۇ. يوپۇرماق ئاستىدا شۇنچىلىك بىخ بولىدۇ.
ھەر بىر نوتىنىڭ يېنىغا يەتتە قېتىم بېرىشقا توغرا

زاۋۇتلى يەللە يېرىم كويدىن ئىككى تولىنا ئۈزۈم ئېلىش-
قا رازى قىل. سەن بۇنى قىلالايسەن. سەن ئۈزۈمچىنى
ئۇنتۇما. ساڭا شۇلار ئاق سۈت، قان بەرگەن. سەن
بىلىسەن، ئۈزۈمچىلىك قانداق جاپا – ھە؟! دوستۇم، ئۈ-
زۈمچىنىڭ ئەمگىكى خۇددى چۈمۈلىنىڭ ياكى ھەسەل
ھەرىسىنىڭ تىنىمسىز ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ: 3 –
ئاينىڭ ئاخىرى تەك ئېچىلىدۇ. تەكنى ئاچقاندا ئۈزۈم-
چىلەر ئۇنىڭ ھەر بىر شۇخىنى ئۆز يېتىشى بويىچە
ئاۋايلاپ، بەئەينى كەپتەر قۇيرۇقىدەك قىلىپ يايىدۇ.
گويا كۆيۈمچان ئاتا ئامراق قىزىنىڭ چېچىنى تارىغان-
دەك مۇھەببەت بىلەن تارايدۇ. بىرلىرى يۇمشاق توپى-
لىق يەرگە شۇخلارنى يايىدۇ. ئىلمىگە بېرىلگەنلىرى بول-
سا يەردىن ئاچقان زامان تەكنى باراڭغا ئالىدۇ. دېھقان
كۆزى تولىمۇ ئۆتكۈر، كۈزدە قىرقىلماي قالغان ھارام
پۇتاقلارنى دەرھال كۆرىدۇ – دە، ئۇنى قايچىسى بى-
لەن قىرقىدۇ. بۇلتۇر مېۋە بەرگەن شۇخلار قىرقىلىپ
تاشلىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇ شۇخلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى
ئورۇنلاپ بولۇشقان. مانا بۇ قىرقىشنى دېھقانلار «قۇ-
رۇق ئۇشتۇش» دەپ ئاتايدۇ. ئۈزۈم توپىدىن چىققان-
دىن كېيىن، ھەربىر تۈپ تەكنىڭ ئۇلى ياسىلىدۇ.
بۇ ئەمگەكنى دېھقانلار «ئۇلۇق باغرىنى دەللەش» دەپ
ئاتايدۇ. «ئۇلۇق» دېگىنى تەكنىڭ تۈۋىدىكى ئوغۇت،
سۇ قوبۇل قىلىدىغان ئورەك. «قۇرۇق ئۇشتۇش»، «ئۇ-
لۇق باغرىنى دەللەش» قانچىلىك زىل، مەلىكىلىك ئەم-
گەك – ھە. بۇ ئىشنى ئۈزۈمچىلەر قىلالايدۇ. ئانا ئۆز

مايدۇ. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، تەكلەرنى با-
راڭدىن چۈشۈرىدۇ. بۇ يىل مېۋە بەرگەن شوڭخىلارنى
قىرقىپ، خۇددى ئانا بالىسىنى ئۇخلاتقاندەك تەكنى
پەپىلەپ، ئاۋايلاپ ئۆز ئورنىغا تۇرمەللەيدۇ - دە، قۇ-
رۇقمۇ ئەمەس، پېتىقمۇ ئەمەس، راسا تەڭشەلگەن ھۆل
تۇپا بىلەن 25 — 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمىدۇ. دېھ-
قان ھەر بىر تۈپ تەك ئۈچۈن قانچە گۈرجەك تۇپا
تاشلايدۇ؟ ئۇ بۇ ئىشنى شۇنچىلىك تۇجۇپىلەپ ئىشلەي-
دۇكى، قارلىغاچنىڭ ئۇۋا ياسىشى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ-
گەپ ئەمەس. ئۇ ئاخىر تەك تۈۋىنى تېپىپ باقىدۇ.
تۇرپان دوپپىسىدەك كۆرۈنىدىغان دۆمچەك مىدىرلىمىغان-
دىن كېيىنلا، دېھقان تەكنىڭ قىشلىق يېپىنچىسىدىن خا-
تىرجەم بولۇپ، ئىتتىزى بىلەن خۇشلىشىدۇ. دوستۇم ئوي-
لاپ باقىنا، بىر ئۆيلۈك دېھقاندا كۆپ بولسا 40—50
تۈپ تەك بولىدۇ. دېھقان پۈتۈن ياز بويى ئۆزى-
نىڭ پۈتۈن ۋاقتى، كۈچى ۋە ئەقلىنى شۇ تەككە سەرپ
قىلىپ بولىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ پۈتۈن خۇ-
شاللىقىنىمۇ شۇ تەكلەرگە باغلايدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە
ئۇ قانچىلىك مەنپەئەت ياكى خۇشاللىققا ئىگە بولالايدۇ؟
ئەڭ چوڭ كىرىدىم قىلغىنى 9 — 10 مىڭ يۈەن كىرىدىم
قىلالايدۇ. ئاز كىرىدىم قىلغىنىچۇ؟ بىر نەچچە 100 يۈەن ياكى
تېخىمۇ ئاز. تۇرپان ئۈزۈمچىلىرى ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ
يەيدۇ. خىمىيۋى ئوغۇت، سۇ پۇلى، مەجبۇرىيەت پۇ-
لى قاتارلىق چىقىملىرىمۇ بار. بەزى كۈلكىلىك ئىشلارمۇ
بار. دېھقانغا 3 - سورتقا ياتىدىغان قارا ئۈزۈم سې-

كېلىدۇ. 5 — 7 يوپۇرماقتىن ئاشقان شۇڭلارنى
دائىملا قىرقىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۈزۈم ساپاق-
لىرى قىسىلىپ قالماسلىقى، خۇددى لامپۇچكىدەك ساڭ-
گىلاپ تۇرۇشى، يوپۇرماقلارنىڭ قويۇق-شالاڭلىقى مۇ-
ۋاپىق بولۇشى لازىم. تولىمۇ قويۇق بولۇپ كەتسە، ئۈ-
زۈم كۈن نۇرى ۋە شامالدىن قىسىلىدۇ. تولىمۇ شا-
لاڭ بولۇپ كەتسە، يوپۇرماقلار كۈن نۇرىدىن پايدىلى-
نىپ سىنتېزلىنىش يولى بىلەن شەربەت ھاسىل قىلىشتا
زورىقىپ قالىدۇ-دە، ئۈزۈم تەمسىز بولۇپ قالىدۇ.
مانا بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دېھقان قولى بىلەن ئەقلى زۆرۈر.
تەك 5 — 6 سۇ بىلەن پىشىدۇ. لېكىن بىزنىڭ
تۇرپاندا ئۈنچىلىك سۇ ئەلۋەك ئەمەس. كارىز سۇلىرى
قانچىلىك ئەمگەك بىلەن يەر ئۈستىگە چىقىدۇ. بۇنى
ئېيتمىسامۇ ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۈزۈم يىغىش ئەمگە-
كى تېخىمۇ ئىنچىكە، جاپالىق، ئۇنى قوغۇن-تاۋۇز-
دەك ئۈزۈۋالغىلى ياكى بۇغدايدەك ئورۇۋالغىلى بول-
مايدۇ: پەقەت بىر ساپاق-بىر ساپاقتىن ئاۋايلاپ ئۈ-
زۈپ، ھۆل پېتى سېتىلىدىغىنىنى ئايرىم، قۇرۇتۇلىدىغى-
نىنى ئايرىم قىلىپ ئۈزۈم خامانلىرىغا يىغىش كېرەك.
ھۆل پېتى ساتساقمۇ ئاسان. جىڭلاپ بەرسەڭلا بولىدى.
ئۈزۈمنى چۈنجىگە ئەكىرىپ ھەربىر تىكەنگە 250 — 300
جىڭدەك ئۈزۈم ئېسىشچۇ. ئالتە قىرلىق تىكەنگە بىر
ساپ-بىر ساپتىن ئۈزۈم ئاسماق خۇددى بىر يىڭنە-
بىر يىڭنە ئىلىپ-تارتىپ كەشتە تىككەنگە ئوخشاش
ئەمگەك. دېھقاننىڭ تالماس قولى بۇنىڭ بىلەن توختى-

پەزىلىتى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنەمدۇ ياكى تەلەي - پېشانىسى بىلەنمۇ؟ نېمىشقا جاپاكەشلەرنىڭ ئېنى پۈتۈن بولماي تۇرۇپ، ياقۇپتەك نان قېپىلارنىڭ يانچۇقى ئاۋۋال پومپىيىدۇ؟ دوستۇم تېخىچە نېنى پۈتۈن بولمىغان دېھقانلار كۆپ، شۇلارنى ئويلا.


نىيازنى سۆزلەتكەنمۇ، يىغلاتقانمۇ، ھەسەن دىققىتىنى يۇمشاتقانمۇ ھاراق. نىيازنىڭ يۈرەك باغرىنى يېرىپ چىققان سەممىي سۆزلىرى بىلەن كۆز يېشى ھەسەن دىققىتىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن يۇرتىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ يۈزىگە تۇرپان تومۇزلىرىنىڭ يېلىنجىسى ئۇرۇلغاندەك، بۇرنىغا قويۇق باغلارنىڭ جۇجەملىرى پۇرىغاندەك، كۆزىگە ئۈزۈم يۇرتىنىڭ ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست دېھقانلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى؛ ئۇ ئاشۇ سۆيۈملۈك، سېرىق توپىلىق مەھەللىدە ياڭاياق چوڭ بولغان. ئۇنىڭ دادىسى ھازىرمۇ ئاشۇ يېزىدىكى تاملىرى ئىسلاشقان ئۆيىنىڭ قوپال سۇپىسىدا پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئوغلىنى ئويلاپ ئولتۇرغاندۇ؟...

ھەسەننىڭ بېشى پېلىكى تۈگەۋاتقان شامنىڭ يورۇقىدەك ئاستا - ئاستا تۆۋەنلىدى. نىياز ئۇنىڭ مورىسىگە بېشىنى قويۇپ ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى...

ھەسەن شۇ كۈنى نىيازنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن نىياز گۇاڭجۇ بىلەن خوشلاشتى. ئۇنى ئۇزىتىپ ۋوكزالغا چىققان ھەسەن نىيازنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

تىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى يۈكلىنىدۇ. بۇ ئۈزۈم بەزىدە
دېھقاندا يوق بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بىچارە دېھقان
قارا ئۈزۈمنى بازاردىن ئۈچ يۈەندىن سېتىۋېلىپ، دۆ-
لەتكە بىر يېرىم يۈەندىن سېتىپ بېرىپ ۋەزىپە ئورۇن-
لايدۇ. بۇنى باشقىچە قىلىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس.
مەن ئويلايمەن: ھامان بىر كۈنى ئىنسان چىقىمغا تۈش-
لۈق كىرىم قىلالايدىغان بولىدۇ. جاپاغا تۈشلۈق را-
ھەت كۆرەلەيدىغان بولىدۇ. ئىنسانلار مانا مۇشۇنىڭ
ئۈچۈن تىرىشماقتا. مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بىز گۇاڭجۇ-
غا قاتناپ ئۈزۈمنى جىقراق پۇل قىلىشقا ھەرىكەت
قىلىۋاتىمىز. مەن ئادەم قىممىلداپ تۇرىدىغان گۇاڭجۇ-
نىڭ سەنيۈەنلىدەك بىر بۇرجىكىدە ھەتتا بەييۈ سارىيى-
دىن چىقماي تۇرۇپلا كۈنىگە بىر نەچچە 1000 يۈەن
پۇل تاپىدىغان ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، تۇر-
پاننىڭ بۇيلىق، باغىر يېزىلىرىدا يىل بويى كۈندە كۆ-
يۈپ، توپىغا مىلىنىپ ئىشلەپمۇ مۇنۇ تەلەيلىك سودى-
گەرنىڭ بىر كۈنلۈك پايدىسىچىلىك پۇلغا ئىگە بولال-
مايدىغان يۇرتداشلىرىمنى ئويلايمەن. بۇلارنىڭ ئەمگەك-
لىرىدىكى پەرق ئاسمان بىلەن يەردەك. بىرى تىنماي
جاپا تارتىدۇ، بىرى قانغۇچە ئوينايدۇ. جاپاكەشنىڭ
كىرىمى ئاز، ئويۇنكەشنىڭ كۆپ. بۇ پەرقمۇ ئاسمان
بىلەن يەردەك. مەن ھازىر بۇ ئىككى خىل ئادەملەر-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپتىمەن. ھەر ئىككىلىسىنى تاش-
لىيالمايمەن، ھەر ئىككىلىسىگە قىزىقىمەن. لېكىن بىرلا
ئىش ماڭا نامەلۇم: ئادەملەر ئەقىل - پاراستى، كۈچ-




دوستۇم، ھېكايەڭنى ئوقۇدۇم. سەندە راستىنىلا يازغۇچىغا لايىق سەزگۈرلۈك، پىكىر، ماھارەت بار ئىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن. «مېنى ماتې-رىيال بىلەن تەمىنلە، بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى، كۆرگەن، ئاڭلىغان، ئويلىغان، ھېس قىلغانلىرىمنى ئېرىنمەي ياز» دەپسەن. سەن بىلىسەن، مەنمۇ ئەدەبىيات ھەۋەس-كارى، شۇڭا ئىمكان قەدەر خەتلىرىمنى ئەدەبىي ئەسەر-لەرگە ئوخشىتىپ يېزىپ باقاي. بەلكى ساڭا پايدىسى بولۇپ قالار.

... شۇنداق قىلىپ سەن بىلىسەن، مەن ئۇرۇم-چىدىن ئايرىلدىم. ماشىنا داۋانچىدىن ئۆتۈشى بىلەن مۇڭلىنىشقا باشلىدىم. چۈنكى مەن ھەممىدىن — ۋاڭ - چۇڭغا تولغان شەھەر، ئالدىراش خىزمەت، زېرىكىش-لىك ئۆي، ۋاپاسىز ئەر، مېھرىبان دوستلار، تەمەخور كۆزلەر، نەشتەرلىك سۆزلەر، راھەت - پاراغەت، ئىچ

— بەك تەستە پۇل قىلدۇق. ساڭا ئۆزۈم سېتىپ بېرىمەن دەپ بۇ قېتىم 9000 يۈەن زىيان تارتتىم. ئەمدى كەلمە، مەن ئەمدى ياردەم قىلالمايمەن، — دېدى.

نىياز ئۇنىڭ قولىنى قوپال سىلكىدى:

— نېمە دېدىڭ؟ ئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن تېخى، ئۇلار شىركەت قۇرسا، دېھقانلار قۇرالمامدىكەن؟ مەن ئالدى بىلەن بۇ شىركەتنىڭ ئەرزان باھادا مال ئالىدىغان بازىرىنى تاپىمەن. ھەسەن دىقماق ئىشەنگىن، ئاخىر كۆرۈپ قالىسەن، بىز ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇمىز. ئۆزلىرى كولىغان كاتاڭغا ئۆزلىرىنى پۇتلاشتۇرىمىز. كىم كىمنى يېڭەركىن، بۇنى ئالدىمىزدا كۆرىسەن تېخى!

پويىز يۈرۈپ كەتتى. نىياز سومكىسىدىكى ئون توننا ئۆزۈمنىڭ 76 مىڭ يۈەن پۇلىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ پىچىرلىدى: «بىز يەرگە تايىنىمىز. يەر ھەممىنى يېڭىدۇ...»

ئۇنىڭدا پۇل بار. ئەمدى ئۇنىڭغا مەدەت، خەيرىخاھلىق كېرەك.

قەلەم تەۋرەتكۈچى ئۇنىڭغا بىر جۈملە سۆز بىلەن مەدەت تىلەيدۇ: بوش كەلمە، تۇرپانلىق!

1986 - يىل، 22 - مارت، تۇرپان مېھمانخانىسى.

مېنىڭ كېۋەز سورتلىرىنى سىناق قىلىشىمغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، مېنى ئۆز ناھىيىسىگە بىللە ئېلىپ كېتىپ بارغان ئىچ كۆيەر ئادەم — ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولسىمۇ، شۇ تاپتا ماڭا يېقىمسىز بىلىندى. بۇنىڭ سەۋەبى پەقەتلا بىر، ئۇ بولسىمۇ، ئۇ ئەر. مەن بۇ ئەر خەق دېگەندىن بەكمۇ بىزارمەن. ئۇمىدمۇ ئاچايىپ مېھرىبان، مۇلايىم ئەر ئىدىغۇ، مەن ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ قېچىپ كېتىۋاتقىنىمدا، باشقا بىر ئەر كىشىنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشىدىن خۇشال بولاتتىممۇ؟

— بىزنىڭ كىچىككىنە ناھىيىمىزدە زېرىكىپ قالارلىمۇ؟

— چوڭ شەھەردە زېرىكىپ بولغان تۇرسام، كىچىك يەردە زېرىككۈدەك ھېچنېمە قالمىغاندۇ، — مەن سوغلا جاۋاب بەردىم.

شۇجى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. كۈلكە خىيالىنىڭ دۈشمىنى. ئۇ ماڭا تېخىمۇ سەت كۆرۈندى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ناھىيە قۇرغاق، ھەممىلا جاي توپا - چاڭ. گۈللۈك، سالقىن كوچىلىرىمىز ئازراق. ئۈستىخانلىرى چۈشەرمۇ؟

— ئۈستىخانلىرىم يەرنىڭ ئۈستىگە چۈشمىسە، يەرنىڭ تېگىگىمۇ چۈشەر!

جاۋابىم بەكمۇ قوپال كەتكەن ئوخشايدۇ، شۇجى تۇنجۇققان پېتى ناھىيىگە يېتىپ بارغىچە قايتا گەپ قىلمىدى.

پۈشقى، ئاچچىق كۆز يېشى ... قىسقىسى ھەممىدىن ئىسراقلا قۇتۇلدۇم. ماڭا پەقەت ئۇچلا نەرسە ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭدى. بۇلار — قىزىم، خىيال ۋە سايەم.

ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى خىيال بىلەن سايە ئوخشايدۇ. ئويلاپ باققىنا، بىزنىڭ قايسى كۈنىمىز خىيال ۋە سايىسىز ئۆتكەن؟ سېكۇنت ۋاقىت ئىچىدە ئاجايىپ ئىشلارنى خىيال قىلالايسەن، خەت يېزىۋاتقاندا قەلەمنىڭ ئۇچىدىمۇ ئۇنىڭ سايىسى بىللە ماڭىدۇ...ئاجايىپ ئىش، ئىنسان بۇ ئىككى نەرسىدىن نېمىشقا قۇتۇلالمايدىكىن - ھە؟

مەن ئاخىر بارلىق ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمنىڭ بۆشۈكى بولغان شەھىرىمدىن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئايرىلدىم. قىزىمنى قۇچاقلاپ «بولكا» ماشىنىسىنىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقىدا بەش كۈندىن بېرى ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەي يول مېڭىپ، ناھىيە مەركىزىگە يېقىنلاپ كەلدىم. كۈن ئىسسىق، توپا - چاڭ، قۇم - شېغىللىق. قىزىم ئۇخلىماقتا، مەن خىيال بىلەن...

— دىلدار خانىم، گەپ قىلغاچ ماڭسىلا!

ئالدىمدىكى قاتاردا ئولتۇرغان ئادەم يۈزىنى كەينىگە بۇرىدى. ئۇنىڭ قويۇق، ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى قاپقارا كۆزلىرى كۈلۈمسىرىدى، قىڭىراقتەك قىرلىق بۇرنىنىڭ چاناقلىرى كېرىلدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ بەلگىلىرى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ خۇشاللىقى مېنى غەزەپلەندۈردى. ئۇ گەرچە مېنىڭ بارلىق يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىمنى ئۆزى بېجىرىپ،

ھەممىسىلا دېگۈدەك ئەرلەرغۇ. مەن بۇ يەرگە ئىش ۋە شان - شەرەپ ئىزلەپ كەلگەن تۇرسام، ھاجىتىم چۈشىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىكى يوشۇرۇن نۇرلاردىن يىرگىنىشكە، پۈتۈن زېھنىمنى سەرپ قىلالايتتىممۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن، راھمانجان ئاكا ماڭا ياقىدۇ. ئۇ قورساقلىق، ئاق سېرىق ئادەم. ئۇ پۈشۈلداپ مېڭىپ مېنىڭ ئىشخانامغا ھەركۈنى بىر قېتىم كىرىپ كېلىدۇ، ئۇنى كۆرۈپ مېنىڭ قەلبىم بىر يېڭىلىق خۇشاللىقى بىلەن يايراپ كېتىدۇ.

— ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى سىلىنى ئالاھىدە ماختىدى، — دەيدۇ ئۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — دېمىسىمۇ ناھىيىمىزدە مەيلى بىلىم، ئەخلاق - پەزىلەت، ھەتتا چىراي - ئىسكەتتىمۇ سىلىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئايال يوق. مېنىڭ ئورنۇم — ئەرزىمەس زەنجاڭلىقىم سىلىگە قالىدىغان ئوخشايدۇ. راست گەپ، بىزنىڭ دەۋرىمىز ئاخىرلاشتى، بىلىم - سەۋىيىمىز تۆۋەن، بىز يارامسىز، زامانىۋىلاشتۇرۇش سىلەردەك ياش، ئالىي مەلۇماتلىقلارنىڭ ئىشى!...

دوستۇم، مۇشۇ بىزنىڭ راھمانجان ئەسەر قەھرىمانى بولۇشقا راسا لايىق. مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوبرازى ھازىر تولىمۇ زۆرۈر. نېمىشقا دېمسىنا؟ سەۋەبى، بۇ ئادەملەر دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ بىر قاتلىمىدا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ قاتلام نېمە؟ ئەلۋەتتە يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى قوش ئەستەردەك بىر قاتلام. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى يېڭى، ھەرىكىتى كونا؛

نېمانداق قوپاللىق قىلدىڭ، دەپ سورارسەن. بۇنىڭ سەۋەبى، شۇجى مەندىن يوپۇتۇپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئېردىمىزنى تاشلاپ كەلدىڭىز، دەپ سورىماقچى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئائىلە ئىشىمغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق - تە؟ شۇنداق قىلىپ ناھىيىگە كەلمەي تۇرۇپلا بۇ ناھىيىنىڭ بىر چوڭ باشلىقىنى رەنجىتىپ قويدۇم.

لېكىن، مەن يەنە بىر باشلىقىمدىن رازى. بۇ ئادەم ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغىنى بىلەن ھۆرمىتى ھاكىملارنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. ھازىر ئىلىم - پەن، تېخنىكا دەۋرى بولغاچقىمۇ؛ ياكى بىزنىڭ راھمانجان ئاكا سىلىق كۈلۈپ، سىلىق ماڭىدىغان، چىقىشقاق ئادەم بولغاچقىمۇ، ئىش قىلىپ ئادەملەر ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن، كىملا كۆرسە ئۇنى «را زەنجاڭ»، «راھمانجان مۇدىر» دېيىشىپ قولىنى ئۇزاق تۇتۇپ كۆرۈشمەي ئۆتمەيدىكەن. مەن بۇ ئادەم بىلەن ئۈچ كۈن بىللە يۈرۈپ ناھىيىنىڭ كېۋەزچىلىك مەيدانلىرى، تېخنىكا - مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن تونۇشۇش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئاشۇنداق ھۆرمىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

دوستۇم، كۆزلىرىڭگە ھاياسىز تەمە بىلەن نەتىجىسىز ئۈمىد نۇرلىرى يوشۇرۇنغان ئەرلەرنىڭ بىزدەك چىرايلىق چوكانلارغا تىكىلىپ قاراشلىرىدىن تولىمۇ يىرگىنەتتىم، لېكىن ھازىر كۆنۈپ قالدىم. چۈنكى مېنىڭ ئالاقە قىلىدىغان ئادەملىرىمنىڭ

بىلەن چىقىۋاتقان ئاۋازىدىكى كىشىلەرگە سىرلىق تۇيۇلىدىغان ۋەزىن — سالماقمۇ ئۇنىڭ «ئىلىم ئەھلى» ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. ئىلىم ئىگىسى مانا شۇنداق سۇرلۇك، سالماقلىق، تەمكىن بولۇشى كېرەكمىكەن-تاڭ. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەجلىسخانىسى يېزا كادىرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن: ئۇلار ئەمدى بۇرۇلقىدەك بىرسى قول كۆتۈرۈپ شوئار توۋلىسىلا ئەگىشىپ توۋلاۋېرىدىغان «سادىق» لاردىن ئەمەس، ئۇلار سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىكى ئەڭ يېڭى گەپلەرگە دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭ تەمىنى چايناپ — تېتىپ بېقىش ئۈچۈن جىم ئولتۇرۇپ دوكلات ئاڭلىماقتا. ھەتتا بىرلىرى خاتىرە يازماقتا، بىرلىرى ئۈنئالغۇسىنى توغرىلاپمۇ قويۇشقان. راھمانجاننىڭ سۆزلىرىنى ئۇلار بۇ يەردە چوڭ تارازىدا ئۆلچىگەن بىلەن ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ مىسقال تارازىسىدىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا راھمانجاننىڭ بۇ يەرگە قانچىلىك دەسمايە بىلەن كەلگەنلىكى ئوڭايلا ئاشكارىلىنىدۇ.

— يېڭىلىق يوق! — دېدى بىر يىگىت يېنىدىكى قارا بۇرۇت دېھقانىغا پىچىرلاپ.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— توختا، مەن بىر سوئال سوراپ باقاي، — دېدى قارا بۇرۇت دېھقان كۈلۈپ قويۇپ ۋە ئورنىدىن تۇردى. راھمانجان گېپىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— راھمانجان زەنجاڭ! — دېدى ئۇ بىر قولىدا گەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ، — باياتىن «ئۈچ ئالتە

كېيىنىشى يېڭى، پىكىر قىلىشى كونا. ئۇلار كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشىدا ھەر ئىككىسىگە ياقىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەر ئىككىسىگە ياتىدۇ. شۇڭا راھمانجان گەرچە بەزى يېقىمسىز قىلىقلىرى بار، ئەيىبلىك ئىنسان بولسىمۇ، ماڭا ئەيىبلىرى كۆرۈنمەيدۇ. تارىختا ئۆتكەن بارلىق ئۇلۇغلارنىڭ ئەيىبلىرىنى كىشىلەر كېيىن بايقىغىنىغا ئوخشاش، كىم بىلىدۇ راھمانجاننىڭ ئەيىبلىرىمۇ ماڭا كېيىن بىلىنەمدىكىن؟

ئۈچ كۈن بۇرۇن بىز بىر يېزىدا بولدۇق. شۇ چاغدا يازغان خاتىرەمنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم. بۇنىڭدىن بولغۇسى قەھرىمانىنى چۈشىنىۋالارسەن: ...

راھمانجان يېزا كادىرلىرى بىلەن بارلىق كەنت مەسئۇللىرىنى يىغىپ بۇ يىلقى سىناق قىلىنىدىغان ئارمىيە بىرىنچى، نومۇرلۇق كېۋەزنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئەھمىيىتىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە چۈشەندۈردى. ئۇ گەرچە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ناھىيىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن بىرسى ھېسابلايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھازىرقى دەۋر ئىلىم - پەن دەۋرى، كىم ئىلىم - پەن توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلىيەلىسە ئۇنىڭ ئورنى، ئابرويى شۇنچىلىك يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭ ئاق سېرىق، گۆشلۈك يۈزىدىكى قورۇقلار ئەلۋەتتە «ئىلمىي مۇلاھىزە» نىڭ ئىزناسى، ئۇنىڭ قوش ئىدەك، يوغان قورساق گەۋدىسىنى تىترىتىپ، سالماق

تۇتاشتۇردى - دە، يۆتىلىپ قويۇپ يەنە سۆزىنى دا-
ۋاملاشتۇردى:

— ئىككىنچىدىن، بىر توپ كېۋەزدىن چوقۇم ئالتە يېرىم گىرام ساپ پاختا چىقىشى كېرەك، ئارتۇق - كەم بولسا بولمايدۇ.

تىڭشىغۇچىلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بۇرۇتلۇق، يوغان كۆز ئادەم بۇرۇتىنى ھىمىرىپ - چىشلەپ قويۇپ، راھماننىڭ پېشىنى تارتتى:

— ئارتۇق بولسا بەلەن ئەمەسمۇ، پېشكى!

راھمانجان تېخىمۇ ھولۇقتى. ئۇ تېخىمۇ قىزاردى:

— ئۈچىنچىدىن، — دېدى ئۇ تېخىمۇ قاتتىقراق ۋارقىراپ، — ئۈچىنچىدىن، ئۈچىنچىدىن ئالتە يېرىم كىلو ئوغۇت! ...

— پاخپاق گەپ! — ئارقىدىن بىرسى ۋارقىرىدى.

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى. راھمانجان ئاكىنى بوگايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا يەنە پىچىرلىدىم، راھمانجان بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى - دە، يەنە ۋارقىرىدى:

— ئالمىشىپ قاپتۇ، — دېدى قاشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ئىككىنچىدىن، بىر توپ كېۋەزدە چوقۇم ئالتە يېرىم تال غوزەك بولۇشى كېرەك. ئار-تۇق - كەم بولسا بولمايدۇ. ئوسمانجان جۇرىن، ئاڭلى-غانلا! ئۈچىنچىدىن، باياقى گەپ. بىر تال غوزىدىن

يېرىم، ئۈچ ئالتە يېرىم» دېدىلە، چۈشىنەلمىدىم ـ يا؟

— قويۇڭنى، توخۇڭنى، سالغان كۆچەتلىرىڭنى ئويلاپ ئولتۇرساڭ چۈشىنەمتىڭ ئەمىسە؟

راھمانجان ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالايدى.

— يوقسۇ، كېۋەزنى ئويلاپ ئولتۇردۇم. ھەممە گەپنى چۈشەندىم: «108» - نومۇرلۇق مىسىر كېۋىزىنى يوقىتىدىكەنمىز. ئۇنىڭدىن بىر تال ساقلىنىپ قالسا 50 تۈپ يېڭى سورتنى بېزارمىش. شۇڭا بارلىق كونا سورت ئۇرۇقلارنى يوقىتىپ، يېڭى سورتقا ئالماشتۇرىدىكەنمىز. لېكىن‌ىزە، ئاشۇ «ئۈچ ئالتە يېرىم» نى چۈشىنەلمىدىم.

— ھەي، سەنزە، — دېدى راھمانجان ئۆپكىدەك قىزىرىپ، — بىر كەنتكە قانداقمۇ رەھبەرلىك قىلىدىغانسەن؟ بىلىپ قوي، ئۈچ ئالتە يېرىم دېگەن ئالتە يېرىم جىڭ قوي گۆشى، ئالتە يېرىم جىڭ هاراق، ئالتە يېرىم كۈن دەم ئېلىش ئەمەس جۇمۇ. ئۇ بىر ئىلىم.

كۆپچىلىك كۈلۈشتى. راھمانجان يۆتىلىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— «ئۈچ ئالتە يېرىم» دېگەن، — دېدى ئۇ سىلكىنىپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىراپ، — بىرىنچىدىن، بىر مو يەردە ئالتە يېرىم مىڭ تۈپ مايسا بولۇش كېرەك. بىر تال ئوشۇق، كەم بولسا بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىككىنچىدىن!...

ئۇ كۆز قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ قويدى. مەن ئاستاغىنە پىچىرلاپ قويدۇم. راھمانجان بىر تال تاماكا

ئالماشتۇرساق، بۇنىڭغا كېپىللىك قىلالامسەن؟ قانداق دەيسەن جۇرئىيىن؟ هۆددە قىلالىساڭ بىر مو يەرگىمۇ كونا سورت تېرىتقۇزمايلى، بولمىسا ...

— بۇ، بۇ، سەن قانداق قىلماقچى ئاكا؟

— تولا پاخپاق گەپ قىلماي، هۆددە قىل!

— مەن هۆددە قىلمەن ئاكا، — دېدىم ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

لېكىن ئوسمانجان ئاكا ماڭا قاراپمۇ قويمىدى:

— ئانداق بولسا، — دېدى ئوسمانجان قاپىقىنى تۈرۈپ، — سىلەر تەشۋىق قىلىڭلار، بىز ئىشلەۋېرەيلى.

ئۇ كەتتى، مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمىدىم.

قالغىنىنى كېيىنكى خەتتە يازىمەن خەير خوش ...

2

... نەگىلا قارىسام كۆزۈمگە قۇمساڭغۇ توپا كۆرۈنىدۇ. ۋاي توپا، ۋاي چاڭ - توزان! مەن سېنى ئارزۇلاپ ئاشۇ پاكىز دەرەخلىك كوچىلارنىڭ سىرلانغان تۆمۈر رىشاتكىلىرى ئىچىدىكى ئەتىرگۈللەرنىڭ ياپراقلىرىدا چاڭ ئورنىدا مەرۋايىت يالتىرايدىغان چىرايلىق شەھىرىمنى تاشلاپ كەلگەنمىدىم؟ ئاھ مەنسەپ! سەن مېنى شەھىرىمدىن ئايرىدىڭ، ئاتام كۆرمىگەن - ئانام كۆرمىگەن ناھىيىگە،

ئالتە يېرىم گىرام ساپ پاختا چىقىدىغىنى كېرەك. ئۇقـتۇقمۇ بۇرۇت، دەپتەرنىڭ ئۈستىگە يېزىۋال - ھە!

راھمانجان سۆزىنى تۈگىتىپ مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى.

— دىلدار خانىم، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە مەغرۇر قاراپ قويۇپ، — بىزنىڭ قۇربانجان شۇجىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى. فۇشۇجى شەخسەن ئۆزى ماشىنىسى بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئەكەلگەن ئالىم چوكان. بۇ خانىم بايىقى مەن دۇدۇقلىغان ئىلىمنىڭ ھەققىي ئەھلى. ئۈچ ئالتە يېرىم دېگەننى مۇشۇ خانىم ئەمەلىيلەشتۈردۇ. بۇ خانىمنىڭ دېگىنىنى قىلساق مەھسۇلات ئاشىدۇ، تېخىمۇ باي بولىمىز!

كۆپچىلىك ماڭا تىكىلدى. ئۇلار بەلكى، بۇ نازۇك چوكاننىڭ قولىدىن شۇنداق چوڭ ئىش كېلەمدۇ، دەپ گۇمانلىنىۋاتقاندۇ. ئىشەنچسىزلىكنى بىرىنچى بولۇپ يېزا باشلىقى ئوسمانجان ئاكا ئاشكارىلىدى. ئوسمانجان ئاكا، گەۋدىلىك، قارىماققا پالاكەترەك، توشقان كۆز، قارا بۇرۇت، ئەللىكتىن ئاشقان ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ كۆزۈمچىلا راھمانجان ئاكىغا قاراپ بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلىدى:

— بىزنىڭ بۇ يىلقى پىلانىمىز ھۆكۈمەتكە 30 مىڭ دادەن ساپ پاختا سېتىپ بېرىش. يېڭى سورتقا

ھايات بار ئىكەن. ھايات بار ئىكەنۇ، بۇ يەردە گۈ-
زەللىكمۇ، بەختىمىز بولۇشى تەبىئىي...
دوستۇم، مانا بۇلار مېنىڭ خىياللىرىمدىن پەيدا
بولغان ھەقىقەت. بۇ ھەقىقەت باشقىلارغا كونا بولغى-
نى بىلەن ماڭا يېڭى، چۈنكى مەن بۇنى ھاياتتىن تاپتىم.
خىيالدىن ئىشقا كۆچەي. مانا ئېتىزلارغا قارىدىم.
قاقشال جىگدىلەر ئىھاتە قىلىپ تۇرغان ئېتىزلاردا تراك-
تورلار گۈركىرەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىرلىرى يەر ئاغدۇرماقتا،
بىرلىرى باسۇرۇش ماشىنىسىنى سۆرەپ ئاختامىنى باسۇر-
ماقتا، بىرلىرى يالتىراق يېيىلغان ئاختامغا ئۇرۇق
سالماقتا. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇرۇقنى تەكشۈردۇم ۋە
دېھقانغا چېچىلدىم:
— نېمىشقا مىسىر «108» - نومۇرلۇق كېۋەز ئۇرۇ-
قى سالىسىلەر؟ بۇنى چەكلىگەن ئىدىغۇ. ئاڭلىمىدىڭلار-
مۇ؟ ياكى خالىماسىلەر؟
دېھقان گەدىنىنى قاشلاپ كۈلۈپلا قويدى:
— بىز شۇجىنىڭ تېرى دېگىنىنى تېرىدۇق!
ۋېلىسىپىتىمنى غىچىرلىتىپ تارقاق يېزىلارنى ئۈچ
كۈن ئارىلىدىم. نۇرغۇن دېھقانلار كونا سورت كېۋەز
ئۇرۇقىنى تېرىپتۇ. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدىغانلار كۆپ
ئەمەسكەن. ئاھ، قانداق قىلاي. ئوسمانجان ئاكىمىز، باش-
قا كادىرلارمۇ تېپىلمىدى. كەنت باشلىقلىرى مېنىڭ
گېپىمنى ئاڭلار ئەمەس. مەن ئوسمانجان ئاكىنىڭ «سى-
لەر تەشۋىق قىلىڭلار، بىز ئىشلەۋېرەيلى!» دېگەن سۆ-
زىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندىم. دېمەك، تەشۋىق

ناھىيە بولغاندىمۇ تەكلىماكان قۇملىرى ئارىسىدىكى
قۇرغاق، توپىلىق ناھىيىگە تەكلىپ تاشلىدىڭ. ئاھ مەنسەپ!
ساڭا ئاشىق بولغان ئادەمنىڭ كۆزىگە نە ئايالى، نە
ئاتا - ئانا، دوستلىرى كۆرۈنمەيدىكەن. ئۈمىد قان-
داق يىگىت ئىدى؟ ئۇ تېپىلغۇسىز ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان،
ھېسسىياتلىق يىگىت ئەمەسمىدى. لېكىن شۇنچە قەلبى
تازا يىگىتمۇ مەنسەپ ئۈچۈن مېنى، قىزىنى چۆرىدى.
ھەي، ئۈمىد! سىز مەنسەپخور بولمىغان بولسىڭىز مەن
بۇ توپىلاڭلىقتا نېمىمۇ ئىزلەپ كېلەر ئىدىم - ھە!... لې-
كىن خىيال بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە، ئەپسۇس بىلەن
ئۆمۈر زايا قىلىشقا بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۆتكەننى
ئۇنتۇش، كەلگۈسىگە ئىشىنىش كېرەك. خۇددى كەلگۈ-
سىدە ھامان بىر كۈنى ئۆلۈشىڭگە ئىشەنگىنىڭدەك، بىر
كۈنى بەخت ۋە شان - شەرەپنىڭ قولۇڭغا كېلىشىگىمۇ
ئىشىنىشىڭ كېرەك. ماڭا بۈگۈن سورتلۇق كېۋەزنى مۇ-
شۇ يېزىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن ناھىيىدە ئومۇم-
لاشتۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن رايونىمىزدا كېۋەزنىڭ بىرلىك
مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش
تاپشۇرۇلغان ئىكەن، بۇ ۋەزىپە مېنىڭ خۇشاللىقە،
ئۈمىدىمگە ئايلىنىشى كېرەك...

ئۇستۇمگە قونغان چاڭ - توزاننى قېقىۋېتىپ يې-
شىل كۆرۈندىغان كۆزەينەك بىلەن يىراقلارغا قارىدىم.
بايىلا ئاقىرىپ كۆرۈنگەن كېۋەز ئاختاملىرى ئەمدى
يېشىل كۆرۈندى. مەن ئويلايمەن: يېشىللىق باھارنىڭ
بەلگىسى، بۇ گۈزەللىك. دېمەك، چاڭ - توزان ئىچىدە

قولى بىلەن ئۆز قىزىنىڭ ياراشقان چىچىنى كېسىدىكەن؟
— مەنمۇ شۇ قارارنى ئىجرا قىلىمەن ئاچا.—
دېدىم تەستە كۈلۈمسىرەپ. سىلى بىلمەيلا، «108» —
نومۇرلۇق مىسىر كېۋەزىنىڭ ئۇرۇقىنى يوقاتمىساق،
«ئارمىيە بىرىنچى» نومۇرلۇق ئەلا سورت ئۈنۈم بېرەل-
مەيدۇ. بىلەملا، ئاچا، بىر توپ ناچار سورتلۇق كېۋەز
50 توپ ياخشى سورتلۇق كېۋەزنى كاردىن چىقىرىدۇ.

— چاتىقىم نېمىدى!— ئايال تەتۈر قاراپ دوم-
ـايدى.— نېمە دېسىلىمۇ مەن ئۇنگەن كېۋەزىمنى بۇز-
غۇزمايمەن.

— ئەرلىرى قوشۇلدى ئەمەسمۇ؟

— سىلىگە ئابروي - ئاتاق كېرەك، بىزگە پۇل
كېرەك. سىلىدەك سەتەڭنى كۆرگەندە قانداق ئەر
قوشۇلمايتتى!

بۇ ھاقارەتكە نېمىمۇ دەيسەن؟ مەن بۇ چاغدا
راھمانجان ئاكىنى ئەسلىدىم. شۇ كىشى يېنىمدا بار بولغان
بولسا، بۇ ئايال مېنى مۇنداق ھاقارەتلىيەلەيتتىمۇ؟
كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش ئەگىدى، لەۋلىرىم
تىترىدى:

— سىلى نېمە دەۋاتىدىلا، ئاچا؟

— قانداق قىلاتتىلە ئەمىسە؟— ئۆي ئىگىسى ماڭا
ھازىرلا ئېسىلىدىغاندەك يامان ئەلپازدا ئىدى.

دېھقان ئۇچۇن بىر نەچچە مىڭ يۈەنلىك كىرىم-
دىن ۋاز كەچمەك ئاسانمۇ؟ بولۇپمۇ مۇنۇ گۈللىنىۋات-
قان ئائىلىنىڭ خوجايىنى بولغان ئايالنىڭ ئۆز ئەمگەك

قىلىش ئۈچۈنلا توپىغا مىلىنىپ يۈرۈپتىمەن - دە!
كۆپچىلىككە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ دەشنام - ئاھانەتمۇ ئاڭلىدىم. نادانلىق خەلقىمىزنى قانچىلىق ھال-غا چۈشۈرۈپ قويغان - ھە! تۆۋەندە بىر دېھقان ئايال بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز توقۇنۇشنى يېزىپ قويدۇم. ساڭا «ماتېرىيال» بولۇپ قالار: مەن بۇ ئۆيگە ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەن ئىدىم. شۇنچە ئۇزۇن يولنى ۋېلىسىپىت بىلەن ئۇسساپ چاڭقاپ، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگىنىمدە، بىر چىنە سوغۇق سۇ بىلەن كۆتۈۋېلىشسا بولاماسمىدى، كاشكى! لېكىن سوغۇق كۆزلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە دۇچ كەل-دىم. ئۆي ئىگىسى ئايال باغ تەرەپتىن خۇش ياقمىغان-دەك قىياپەتتە چىقىپ كەلدى.

— ئۇبدان تۇردىلىمۇ ئاچا؟

— بەلەن!...— ئۆي ئىگىسى سوغۇق جاۋاب بەر-دى - دە، ئۆيگە قاراپ ماڭدى.— يەنە شۇ ئۈچ ئالتە يېرىمنىڭ گېپىمۇ؟ دىلدار خانىم، بىزنىڭكىگە كېلىۋەر-مىسلە، خاپا بولۇشۇپ قېلىشمايلى يەنە!

— نېمە دېگەنلىرى بۇ ئاچا،— مەن قىزارغان لەۋلىرىمنى يالاپ قويۇپ، ئۆي ئىگىسىگە يېلىندىم.— سىلى خېلى ئاڭلىق ئايال، گەپكە كىرسىلە.

— نېمىشقا كىرەتتىم؟— دېدى ئۆي ئىگىسى قاپ-قارا قاشلىرىنى ھىمىرىپ سۆزلەپ.— سىلىگە ئاسان، بىزگە قىيىن، سىلىگە پايدا، بىزگە زىيان. ئامو يەر-نىڭ كېۋەزىنى تېرىغىنچە، ئوتتىغىنچە سىلى تەر ئاققۇز-مىدىلا، بىز ئاققۇزدۇق. قانىدىق باغرى تاش ئانا ئۆز

مەن بىشەم ئاياللار بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگەنمىدىم. يېزىدا ئىشلىمەك نېمانچە تەس؟ مەن نېمىشقا ھېلىقى توشقان كۆز ئوسمانجان ئاكىنى بۇنداقلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتمەيمەن؟

يولدا كەلگۈچە بىر قولۇمدا ۋېلىسىپىت رولىنى تۇتۇپ، بىر قولۇمدا يۈرەك باغرىمنى ئېزىپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ماڭدىم. كۆز يېشى كۆڭۈل ئاغرىقى، ئۇ كىشىنىڭ ئارزۇ، ئەقىل، تېنىنى كېسەل چۈشكەن ياپراقتەك قۇرۇتىدۇ. مەن بۇ يەرگە ئىش بىلەن خۇشاللىق تېپىپ، تۇرمۇشنىڭ يۈرەكتىكى قاداقلىرىنى ساقايتىش ئۈچۈن كەلگەنغۇ؟ ئاخىر ئىلاجسىز، كۆز يېشىمنى راھمانجان ئاكىدىن يوشۇرالمىدىم. باشلىقىمغا يېلىندىم:

— بۇ قانداق گەپ! 200 نەچچە مو يەردە ئاغدۇرۇلۇشقا تېگىشلىك كېۋەزلەر بار، ۋاقتىدا ئاغدۇرمىساق بولمايدۇ. ئۇنى ئاغدۇرۇش ئەزالارنىڭلا ئەمەس، ئوسمانجان ئاكىنىڭمۇ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ. ئەزالار كىرىمىمىز ئازىيىدۇ دېسە، كادىرلار ئومۇمىي مەھسۇلات كېمىيىپ قىزىل بايراق قولدىن كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. ئېيتىڭە ئاكا، سىز بىلەن بىز شۇنچە تەشۋىق قىلساقمۇ يەنە كونا سورت!...

— شۇنداق،— دېدى باشلىق چوتىنىڭ بىر تال تېشىنى ئايرىپ قويۇپ،— نادانلىق، شەخسىيەتچىلىك! ئوسمانجاننىڭ مۇتەئەسسىپلىكى. ئۇ بىلىشى كېرەككى، قۇربان شۇجى شەخسەن ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنى ئاقس-

مېۋىسىنى مېنىڭ سىناق قىلىشىم ئۈچۈن تاشلاپ بېرە-
شى ئەلۋەتتە ئاسان ئىش ئەمەستە. مەن مۇشۇنى ئوي-
لاپ ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا، يەنىلا پايدا - زىيان
توغرىلىق ئىنچىكىلەپ سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم.

— ئاچا، — دېدىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — مىسىر
سورتىنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەن، تالاچىسى قىسقا. «ئار-
مىيە بىرىنچى» سورتىنىڭچۇ؟ تالاچىسى 29 مىللىمېتىردىن
ئاشىدۇ، مەھسۇلاتى يۇقىرى. بىز ھەر 1000 مو يەرنىڭ
بىرلىك مەھسۇلاتىنى 200 جىڭ ساپ پاختىغا، ھەر 100
مو يەرنىڭكىنى 300 جىڭ ساپ پاختىغا يەتكۈزۈشنى
پىلانلىدۇق. بۇ پىلاننى ئورۇنلىساق...

— بىلىمىز، مۇكاپات ئالىسىلەر. بىزچۇ؟ كېۋەز-
لىرىمىزدىن قۇرۇق قېلىپ، سىلەرنىڭ پايدائىلار ئۈچۈن
ئىككى بارىسقىمىزنى چىشلەپ چەتتە قالىمىز. ئۇنداق
پىلانىڭلار بولغاندىكىن نېمىشقا تېرىماستا دېمىدىڭلار،
ئەمدىزە تېرىلىپ بولغان كېۋەزنى بۇزارمىش تېخى!
خېنىم، بۇنداق گەپلەرنى تولا ئاڭلىغان بىز. بىزنىڭ پاي-
دىمىزغا ئامراق بولسىلا ئالۋاڭنى ئازايتسىلا. دېھقان-
لار بىر يازدا 3 — 4 ئاي بىكارغا ئىشلەيدۇ. سېلىقنىڭ
كۆپلۈكىچۇ تېخى! كادىرلار ئۆيلىرىمىزگە كەلسە مال
سويۇپ مېھمان قىلىمىز. قوغۇن - تاۋۇزلار پىشقاندا
باش بۇرنىنى كادىرلارغا سۇنىمىز. سىلى قۇربان شىۋ-
جىنىڭ ئۇرۇمچىدىن ئارزۇلاپ ئەكەلگەن ئامرىقى ئىكەنلا،
قوللىرىدىن كەلسە، شۇ ئەبالىرىغا دېسىلە، پۈتۈن
بولۇپ قالغان نېنىمىزنى تولا ئۇشتۇۋەرمىسۇن!

ئۇ چوتىنىڭ يەنە بىر ئۇرۇقىنى «تاك» قىلىپ ئايـ
رىپ قويدى. ئاندىن خۇددى ماڭا بىر مەخپىي ئىشنى
ئېيتماقچى بولغاندەك قولىقىمنىڭ تۆۋىگە كېلىپ شىـ
ۋىرلاپ سۆزلىدى:

— غەيرىي سورتلارنى يوقىتىشنى ماڭا قويۇپ بېـ
رىڭ، مەن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىغا ئۇ يېزا باشـ
لىقىنى بىر چاقايكى، ئىلىمگە ئىشەنمەسلىكنىڭ نېمىلىـ
كىنى بىلىپ قويسۇن. سىز دىلدار ئۇكام، ئۈچ ئالتە
يېرىمنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈڭ. يەنى شۇنداق ئىشـ
لەڭكى، بىر مو يەردە چوقۇم ئالتە يېرىم مىڭ تۈپ
مايسا بولسۇن، بىر. بىر تۈپ كېۋەزدە چوقۇم ئالتە يېرىم
غوز بولسۇن، ئىككى. بىر تال غوزىدىن چوقۇم ئالتە
يېرىم گىرام ساپ پاختا چىقسۇن، بۇ ئۈچ. سۇ، ئوغۇت
قاتارلىق ئامىللار، تېخنىكا تەدبىرلىرىڭىز تۈگەل بولسا،
دىلدارخان، بىلىپ قويۇڭكى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەھـ
سۇلاتى ئارتىدۇ. كۆزلۈككە، بىلىپ قويۇڭكى، سىز جەزـ
مەن 2000 يۈەن مۇكاپات ئالىسىز، ئاپتونوم رايون
بويىچە 1 - دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مۇكاپاتىغا
ئېرىشىسىز!

ئۇنىڭ قولى مۈرەمگە چۈشتى، پولتىيىپ تۇرىدـ
غان يوغان كۆزلىرى مېنىڭ كۆزلىرىمگە قادالدى. يولـ
دىشىمدىن ئاجراشقان بىر يېرىم يىلدىن بېرى ئۆز بەـ
دىنىمگە ئەر كىشىنىڭ قولىنى تەگكۈزمىگەن ئىدىم. شۇـ
ڭا مۇنۇ يالغۇز بولۇمدە مۈرەمگە تەگكەن ئىسسىق قول،
بايىقى كۆڭۈلگە ياقمىدىغان سۆزلەردەك تەسىر قىلدى —

ئىش ئادەتتىكى خاتالىق ئەمەس. مەن ئۇنى قۇربان شۇجىغا شۇنداق چاقايكى...

— ھە دېسەڭلا قۇربان شۇجى دەۋەرمەسىلە، راھمانجان ئاكا!— دېدىمەن ئاخىر تاقەت قىلالماي،— ئۆزىمىز ئەمەلىيەتكە ئىش قىلايلى، قىينىچىلىقنى ئۆزىمىز يېڭەيلى!

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟— دېدى باشلىق ئۆكۈپ،— سىلى قۇربان شۇجىدىن نارازىمۇ؟

— ياق، گەپ بۇ توغرىدا ئەمەسقۇ؟ بىز سىناق قىلىۋاتقان يېزا توغرىلىق سۆزلىشەيلى. ئۇلارنىڭ بۇ يىللىق پىلاندىكى دۆلەتكە ساتىدىغان ساپ پاختىسى 30 مىڭ دادەن. ئەگەر 200مو يەردىكى كېۋەزنى بۇزساق ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى ئون پىرسەنت ئەتراپىدا كېمىيدۇ، لېكىن بىز «ئۈچ ئالتە يېرىم»نى قەتئىي ئورۇنلىساق ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى يەنە 20 پىرسەنت ئۆرلەيدۇ. ئۇ چاغدا زىيان تۆلەنگەنىنىڭ سىرتىدا، مەھسۇلات يەنە ئون پىرسەنت ئاشىدىغۇ؟

— شۇنداق،— دېدى باشلىق ئېغىر گەۋدىسىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ،— دېمەك ئوسمانجان شاگىجاڭنىڭ ئىلىمگە ئىشەنچىسى يوق. بىز ئۇنىڭ يېزىسىدا يېڭى سورتنى سىناق قىلىۋاتىمىز. يېزا باشلىقى بۇنى چۈشىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ باشقا سورتلۇق كېۋەزلەرنى ئاغدۇرۇلمىسا، كېلەر يىلى قانداق قىلىپ «ئارمىيە بىرىنچى» سورتىنى پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتەلەيمىزكەن؟ بۇ بىر!

دىم كۆلۈپ تۇرۇپ،— ھوسۇلنى كېمەيتمەيلى دەپ بالامنى ئېلىپ كۆچۈپ چىقتىم.

— كۆرسىلە،— دېدى يېزا باشلىقى ماڭا كۆز قىرىدا «يالت» قىلىپ قاراپ قويۇپ،— سىلى كۆچۈپ چىققانىغا كېۋەزنىڭ ھوسۇلى ئېشىپ كېتەرمىدى، نەدىن ئۆي تۇتىلا، بالىلىرىغا كىم قارايدۇ؟

— مېھمانخانىدا ياتىمەن، بالامنى بىر مومايغا قاراشقا بەردىم.

— قانچە تۆلەيلا؟

— ئوتتۇز كوي.

— ئايلىقلىرى قانچە؟

— يۈز يىگىرمە كوي.

— ئەرلىرىنىڭچۇ؟

— نۆل.

— نېمە، قانداق نۆل بۇ؟

— ئەر يوق بولغاندىكىن - دە.

ئوسمانجان ئاكا مېنى خۇددى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ كىشىنى خىجىل قىلىدىغان قارىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدىم:

— مەن...

ئۇ دەرھال گېپىمنى ئۈزۈۋەتتى:

— مۇنداق قىلايلى،— دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ،— بالىلىرىنى بىزنىڭكىگە ئاپىرىپ قويسىلا، ياشكەنلا، سىلىگە پۇل كېرەك بولىدۇ. بالىلىرىغا بىزنىڭ

يۇ، لېكىن بىردىنلا بەدىنىم تىكەنلەشتى. ئۇنىڭ مۈ-
رەمنى تۇتۇپ تۇرغان شەپقەتلىك قولىنىڭ ئىسكەنجى-
سىدىن بەدىنىمنى قۇتۇلدۇردۇم - دە نېرىغا بېرىپ:

— ئانداق بولسا، مەن بۈگۈنلا ئۇ يەرگە كۆ-
چۈپ بارىمەن، غەيرىي سورتلۇق كېۋەزلەرنى ئاغدۇرۇش
ئىشى سىزگە قالدى، — دېدىم - دە، ئىشىككە ماڭدىم.

— شۇنى بىلىپ قويۇڭكى...

مەن ئەتىسىلا يېزىغا كۆچۈپ چىقتىم.

3

يېزا باشلىقى ئوسمان مېنى سوغۇق مۇئامىلە بى-
لەن كۈتۈۋالدى:

— ئىلىم - پەننى قوللىمىدىڭ دەپ مېنى تەن-
قىد قىلدى، — دېدى ئۇ سول پۇشقىقىنى تۇرۇۋېتىپ، —
خانىم، مېنى باشلىقلىرىغا چېقىپلا، بولاپتۇ، كۆزلۈككە
كۆرمىسىز. ھازىر «نېمىشقا بۇزغىلى قويمىدىڭ؟» دەپ
تەنقىد قىلغان باشلىق كۆزلۈككە ھوسۇل كەملەپ قال-
غاندا «كونا سورت بولسىمۇ نېمىشقا بۇزدۇڭ»؟ دەپ
تەنقىد قىلىدۇ. خېنىم، كۆرۈپ قالىلا، بۇ يىل مەھسۇ-
لات كېمىيىدۇ. كېۋەزگە تېخىچە سۇ كىرمىدى، سىلىنىڭ
ئۈچ ئالتە يېرىم پىلانلىرىمۇ يېرىم بولۇپ قالارمىكىن؟
ھوسۇل كېمەيسە سىلىنىڭ كۆز ياشلىرى بىزگە دال بو-
لالمايدۇ - يا!

— ھوسۇل كېمەيمەيدۇ، ئوسمانجان ئاكا، — دې-

رۈمگە قاراپ قويۇپ،— سىلىمۇ بەلەنكەنلا، ئەر كىشى-
نىڭ قىلىدىغان ئىشىغا ئېسىلىۋاپلا. بەك تىرىشىدىكەنلا،
قاچانلا قارىسام ئېتىزلىقتا، ئورۇقلاپلا پىشكى.

— ھەممە ئىشنى تەلەپ بويىچە قىلغۇم كېلىدۇ،—
دېدىم قىزارغان ھالدا،— لېكىن دېھقانلار ئاددىمىگە
ئىشەنمەيدىكەن. مايسىنى سانىسام، بىرلىرى زاڭلىق قى-
لىۋاتقان، بىرلىرى قوشۇمچە ئوغۇتنى ئۆلچەم بويى-
چە بەرمەيۋاتقان، بىرلىرى، سۇنى ۋاقتىدا قوي-
مايۋاتقان، ھەممە ئىشقا چېپىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

— ئەمدى خاتىرجەم بولسىلا پىشكى،— دېدى
يېزا باشلىقى،— سىلى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك
قىلىپ بەرسىلە، يۈگۈر - يېتىم، دېھقانلارنى گەپكە
كىرگۈزىدىغان ئىشلارنى بىزگە قويۇپ بەرسىلە. بۈگۈن
كەچ پۈتۈن كەنت باشلىقلىرىنى يىغىنغا چاقىرتىپ
قويدۇق، تېخنىكا تەلەپلىرىنى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا
قويسىلا. ئىجرا قىلىشقا مەن مەسئۇل.

باشتا سوغۇق كۆرۈنگەن يېزا باشلىقى ئەمدى ماڭا
ئۆز ئاكامدەك مېھرىبان، يېقىن بىلىنىشكە باشلىدى:

— رەھمەت سىلىگە، ئوسمانجان ئاكا!

— كۆزلۈككە دېيىشەيلى،— دېدى يېزا باشلىقى
بۆرۈتى ئاستىدىن يوشۇرۇن كۈلۈپ قويۇپ،— يۇقىرىغا
تاپشۇرىدىغان پاختا 28 مىڭ دەندىن ئاشسا، مەن سى-
لىگە دەپ قوياي، يېزىلىق ھۆكۈمەت نامىدىن رەھمەت
ئېيتقاندىن سىرت، 1000 يۈەن مۇكاپاتىمىز بار. ئەمما
يەتمەي قالسىزە!...

باللار قارىسۇن، 30 كويچەنلىرى يانچۇقلىرىدا قالسۇن.

— ھېچقىسى يوق.

— بىلىمەن، ئىشلىرى كۆپ، بۇ يەر جاپالىق يېشكى.

ئېھ، غەمخورلۇق! مەن كىشلەرنىڭ غەرەزسىز غەمخورلۇقىغا ئەجەبمۇ موھتاج ئىدىم! مېنىڭ ئەمگىكىم، غايەم، ھەتتا ھاياتىم غەمخورلۇقسىز كامال تاپالمايدۇ. تۆھپە يارىتىپ ئۆز ھاياتىمنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىم باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقسىز قۇرۇق خىياللا بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇلارنى بىلىمەن، بىلگىنىم ئۈچۈن بۈگۈن مۇنۇ يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا خۇددى قەرز سوراپ كىرگەن ئادەمدەك قىسىنىپ، مۆلۈلدەپ ئولتۇرۇپتىمەن.

— ماڭا ياردەمچى لازىم بولۇۋاتىدۇ، — دېدىم ئاخىر يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — كېۋەزلەرگە ياڭخۇالو-كو① دورىسى چېچىش كېرەك. دورا ئەكىلىش، كەنت، كۈزۈپپىلارغا بېرىپ دورىنى تەڭشەش، تەكشى چېچىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىش، ئادەم تەشكىللەش...

— ھىم! — دېدى يېزا باشلىقى، — بىزمۇ ئوبلاش-تۇق يېشكى، بىر قول تراكتور، تۆت ياردەمچى تەييار-لىدۇق، قانداق، يېتەمدۇ؟

— يېتىدۇ، يېتىدۇ! — خۇشاللىقىمدا ئورنۇمدا قىمىرلاپ قويدۇم، — ئەجەب ياخشىكەنلا!

— ياخشىمىكەنمەن؟ — دېدى يېزا باشلىقى كۆ-

① بىر خىل خىمىيۋى دورا.

مۇ چۈشكەلدە ھاسىراپ - چاڭقاپ، تەرلەپ - پىشىپ ئارانلا قايتىپ كېلىمەن. مېھمانخانىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ياتاق قىلىۋالدىم. ياتىقىمنىڭ ئارقا كوچىغا قارايدىغان بىرلا دېرىزىسى بار. ھەر كۈنى ياتاقتىلا يۇيۇنىمەن. شۇڭا ياتاق زەي پۇرايدۇ. ھەر كۈنى كەچ ۋېلىسىپىت بىلەن 20 مىنۇت يول مېڭىپ قىزىمنى كۆرگىلى بارىمەن. قىزىم بويۇنۇمغا گىرە سېلىپ مارجان، ھالقىلىرىمنى ئويناشقا باشلىغاندىلا ھاردۇقۇم چىقىدۇ... كۈنلىرىمنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈۋاتىمەن، دوستۇم، مەن بۇ تۇرمۇشتىن رازى. بىرىنچىدىن، ئارزۇيۇمدەك ئىش بىلەن مەشغۇلمەن، ئىككىنچىدىن، قاناتلىق خىياللىرىم بىلەن جاھان كېزىمەن. مەن بۇ تۇرمۇشتىن نېمىشقا رازى بولماي!

راھمانجان ئاكىدىن تولىمۇ رازىمەن. ئۇ ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم چىقىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنى ئىسسىقتا تەرلىتىپ ئېتىزمۇ ئېتىز سۆرەيمەن. ئۇ كېۋەزلەرنىڭ پەرۋىش قىلىنىشىدىن تولىمۇ رازى. مېنى ماختىغىنى ماختىغان. لېكىن ئۇ ئادەمدىن بەزىدە ئېھتىيات قىلىمەن. ھەممە تەرەپى ماڭا ياقىدۇ، لېكىن يالغان كۈلكىسى بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىشىلا مېنى سەسكەندۈرىدۇ، بۇنداق چاغلاردا خورلۇق ھېس قىلىمەن. شۇنداق كۈنلىرى ئىنسان، ھايات ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈرمەن. خىياللىرىم ھاياتىمدىن قىزىقارلىق، خالىساڭ بولارىمۇ يېزىپ ئەۋەتىمەن...

— ياق، مەن «ئەمما»دىن كېيىنكى گەپلەرنى ئاڭـ لاشنى خالىمايمەن. مەن كۆزلىگەن مەقسىتىمگە يەتمەي قالمايمەن!

دوستۇم، مەن شۇنچە يول مېڭىپ، نەسىھەت قىـ لىپ ھەل قىلالمىغان ئىشنى ئوسمان ئاكا بىلەن راھـ مانجان ئاكىلار بىر كۈندىلا ھەل قىلدى. 200 نەچچە مو يەرنىڭ كېۋەزلىكىنى ئاغدۇرغۇزۇپ پۈتۈن يېزا بويىچە بىر تالمۇ كونا سورت قالدۇرمىدۇق. بۇ كىمنىڭ كۈچى؟ سەنمۇ بىلگەنسەن، بۇ قۇربان شۇجىنىڭ ھۆرمەت ۋە يوليورۇقىنىڭ كۈچى. ئۇ ئادەممۇ ئاگرانوم بولغاچقا، مەن راھمانجان ئاكىغا ئېيتقان ئەھۋالـ نى ئاڭلاپلا بۇ يېزىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئوسمانجان ئاكىنى ئۇچۇقلاپتۇ. مانا ھازىر ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كەتـ تى. لېكىن كۆڭلۈم غەش، نېمىشقا دەمسىنا؟ ئىشلىرىم ئىلىم – پەننىڭ ھۆرمىتى بىلەن يۈرۈشمەستىن شۇجىـ نىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈرۈشتى – دە، قۇربان شۇجى خۇددى سايەمدەكلا نەگىلا بارسام غەمخورلۇق ۋە يارـ دىمىنى كەينىمگە سېلىپ قويۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭسىزـ مۇ ئىشلىرىم يۈرۈشكەن بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى — ھە؟

تىنچىق، ئاچچىق تەر كۆزلىرىمنى ئېچىشتۇرماقتا. لېيىز كۆڭلەك بىلەن ئاسفالت يوللاردا مېڭىشنى ئەجەب ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن مەن ھەر كۈنى ياتـ قىمغا چاڭ – توزانغا مىلىنىپ قايتىمەن. ئەتىگەنلىكى چىنغ قالپىقىمنى كىيىپ چىقىپ كېتىمەن – دە، قاراڭـ

يامان بىر شوپۇرنىڭ ماشىنىسىدا يېتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى قىسىپ كۆرۈشتى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، «ئۈچ ئالتە يېرىم»، — دەپ چېقىشتى ئۇ، — قۇربان شۇجى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ يوليورۇقىنى شۇنداق يەتكۈزەيكى، پۈتۈن تارىم سىزنىڭ كېۋەزلىرىڭىزگە قاراپ ئاقسۇن. بۇ يەرنىڭ رەھبەرلىكى بىلىمسىز. بىلىمگە ھۆرمەت قىلمايدۇ. ئىلمىي خادىم بىلەن ئاددىي شوپۇرنى سېلىشتۇرۇڭ دېسە، جەزمەنكى شوپۇرنى تاللىۋالىدۇ. قېنى شوپۇر ئاداش، ماشىناڭنى ھەيدە، بىز مۇنۇ چىرايلىق چوكاننى تېزراق خۇشال قىلايلى.

ئۇنىڭ نەدە، نېمىلەر قىلغانلىقى بەلگىسىز، مەن كەچ كىرگىچە توك قۇدۇقلىرى بىلەن ھەپىلەشتىم.

كۆز باغلانغاندا ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم. ياتىقىمدا ئىچكۈدەك، نە يېگۈدەك بىر نەرسە بولسا. مەن دائىم ماڭا ياخشى تاماق قىلىپ بېرىدىغان تونۇشۇمنىڭ ئاشخانىسىغا كىردىم. قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن تەشنالىقىمنى قاندۇرۇۋاتقىنىمدا، نېرىقى ئۈستەلدىكى ئىككى ئەر كىشىنىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراپ كۇسۇرلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. بىز ئاياللار سەزگۈر كېلىمىز، بىزنىڭ ھەتتا كەينىمىزدىمۇ كۆزىمىز بولىدۇ.

مەن ئەمدىلا خىيالغا بېرىلىۋېدىم، ئالدىمغا قويۇلغان ئۇزۇن زىخلىق كاۋاپ خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى:

— يېسىلە خېنىم، — دېدى بىر كىشى قىزارغان كۆزلىرى بىلەن قادىلىپ، — چارچاپلا، ئاياغلىرىدا ماغ-

دوستۇم، مېنى يەنە پالاكەت باستى. ياخشى غىزا-غا قىل ئارتىلىشىپ قالغانىدەك، كۆكۈللۈك كۆنلەرنىڭمۇ غەم - قايغۇسى بولىدىكەن، مانا مېنىڭ ئۇيقۇسىز، كۆكۈلسىز كۆنلىرىم باشلاندى: كېۋەزلەر قۇرۇماقتا، يە-نە يېرىم ئاي تارتمىغا سۇ كەلمىسە كېۋەزلەر قۇرۇپ شاكالغا ئايلىنىشى مۇمكىن. مەن يېزا باشلىقلىرىغا يال-ۋۇردۇم، قاقشىدىم، لېكىن ھېچ ئامال يوق. ئوسمانجان ئاكىنى يېزىنىڭ ھېچنەرىدىن تاپالمىدىم. قۇرۇۋاتقان كېۋەزلىكلەرنى كۆرۈپ خۇددى يالغۇز قىزىم خەتەرلىك كېسەلگە يولۇققاندەك يۈزۈمنى تۇتۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدىم.

تۈنۈگۈن كەچ كىرگىچە ھېچ نەرسە يېمىدىم. كۆز ئالدىمغا، نېمىلا قىلماي، ياپراقلىرى سارغايغان، شاخ-لىرى سالپايغان كېۋەزلەر بىلەن ئاپئاق ئاقىرىپ توپا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كېۋەزلىكلەر، مەيۈسلەنگەن دېھقانلار كەلمەكتە. دېھقانلار خۇددى مېنى «سېنىڭ ئايىغىڭ ياراشمىدى، قۇرغاقچىلىققا چىدامسىز كېۋەز سورتىنى ئەكەلمىگەن بولساڭ، بىز بۇنداق باش ئاغرىقىغا قال-مايتتۇق» دەۋاتقاندەك بىلىنمەكتە. تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ باشلىقى راھمانجانغا ئەھۋالنى مەلۇم قى-لىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا كىردىم.

— نېمە، نېمە؟ كېۋەزلەرنى قۇرىدى دەمسىز؟ — دېدى ئۇ تېلېفوندا، — مەن ھازىرلا بارىمەن. بۇ كەم-دە قۇرغاقچىلىق نېمە قىلسۇن؟! مەن ئوسمانجانغا قۇر-غاقچىلىقنى شۇنداق كۆرسىتەيكى...

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ قويۇق ساقاللىق، كۆزى

بولمىغان بولسا، دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانلىرى سايىسىز، خۇنۈك بولۇپ قالار ئىدى - ھە؟

كېچە...

شامالسىز، قاراڭغۇ، تىنچىق كېچە.

يېزىلىق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىدا مەندىن باشقا ھېچكىم يوق، پەقەت مېنىڭ ياتىقىمدىلا بىر تال شام پىلدىرلاپ تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن يېزىدا يورۇقلۇق يوق، يېزا جىمجىت ئۇيقۇدا! بۇ يەردە ئادەملەر كىنودىن قايتىش بىلەنلا ئېلېكتىر ئۆچىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئوقەتچىلەرنىڭ جىن چىراغلىرىمۇ ئاللىقاچان ئۆچكەن. باغقا قارىسام، شام يورۇقىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق چەكسىز ئەتكەن تۈن دېڭىزى ئىچىدە خۇددى چۆلدە ئادىشىپ قالغان يالغۇز يولۇچىنىڭ ئۈمىدلىك كۆزىدەك پىلدىرلاپ تۇرۇپتۇ. مەنمۇ ئۆزۈمنى گويا چۆلدە قالغاندەك، ھىمايىسىز، بىچارە ھېسابلاپ ئازابلانىۋاتىمەن. كىتاب ئوقۇدۇم، لېكىن كىتاب سۆزلىرى بىلەن پەرىشان كۆڭلۈمنى تىنچلاندۇرالمىدىم. كېلەچەك ھەققىدىكى شېرىن خىياللار بىلەنمۇ ئۆزۈمنى ئالدىيالمىدىم. كۆڭلۈم پەرىشان، يۈرىكىم ئەلەم بىلەن ئۆرتىنەتتى. پەقەت ئايال بولغىنىم ئۈچۈنلا خالىغان بىرسى ھاقارەت قىلىشى، خورلىشى لازىممىكىنە؟ مەن دۇنياغا ئەرلەرگە ئەمەك بولۇش ئۈچۈنلا يارالغانمىز؟

مەن بۇ خورلىنىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۈمىدتىن كۆرىمەن: شۇنىڭ ئازابىنىڭ ئاخىرى ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن. مەن ئۈمىد بىلەن بىللە بولغان

دۇر كىرىدۇ، خېنىم.

— رەھمەت.

— رەھمەتنى كېيىنچە دېيىشەرمىز. بىز ئۈچۈن يول مېڭىپ چارچىدىلا، ئالسىلا.

مەن ئۇنى تونۇدۇم، ئۇ راھمانجاننىڭ ھەمراھى. «غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدىم. كاۋاپتىن بىر چىشلەم يەۋېتىپ. ھېلىقى ئىككى ئادەم مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. مەن ئىككىنچى چىشلەم كاۋاپنى چىشلىگەن پېتى بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانلارغا قارىدىم. ساقاللىرى قىرىلمىغان، كۆزلىرى قىزارغان ئىككى ئادەم خۇددى ئاچ ئادەم مەززىلىك كاۋاپقا قارىغاندەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن ماڭا قادىلىپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇ شەھۋانىلىق بىلەن خىرىس قىلىۋاتقان ئىككى ئادەمگە نەپرەت بىلەن قارىدىم.

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟

— بىزمۇ؟— ئېگىز ئادەم ھاياسىزلىق بىلەن قاشلىرىنى ئويىنىتىپ، كۆزىنى قىستى.— بىزمۇ كاۋاپ. بىزنى كاۋاپ قىلغان چوغ — سىز ئۆزىڭىز!

— لۈكچەك!— ئاغزىمدىن تۇنجى قېتىم قوپال سۆز چىقىپ كەتتى. مەن غالىلداپ تىترەپ كەتتىم، خۇددى يولۋاستىن ئۈركىگەن كېيىكتەك قاچتىم. خورلۇق، ھاقارەت خۇددى ئامبۇردەك يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى. مەن ھىمايىسىز، بىچارە ئىكەنمەن. دوستۇم، مەن شۇ كۈنى قاتتىق غېرىبسىندىم!

دوستۇم، بۇلارنىمۇ بىلىپ قوي، بۇنداق رەزىللەر

— بۇ مەن، — دېدى ھېلىقى يۈز خىرقىراپ تۇرۇپ، — تۈندە سىزگە بىر سائەت ھەمراھ بولغىلى كەلگەن كۆيۈمچان يىگىتمەن، ئىشىكنى ئېچىڭ خېنىم، مەن قۇربان شۈجىدىن مەرد. بىر سائەتلىك ئىش ھەققىڭىز 1000 يۈەن!

سىم تورى يىرتىلغان دېرىزىدىن بىر كاللەك پۇل تاشلاندى. مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە، ئىشىكنى غەزەپ بىلەن ئېچىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە قاراپ يۈگۈردۈم.

يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. بىردىنبىر ئۈمىدىم ئوسمانجان ئاكىنىڭ ئۆيىدە شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان قىزىمنى باغرىمغا بېسىپ بوقۇلداپ يىغلىۋېلىش. بىز ئاياللار بۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ قىلالايمىز؟ ناۋادا ئايال بولمىغان بولسام، بەلكىم بۇ ئىشلارغا دۇچ كەلمىگەن بولار ئىدىم. دوستۇم، ئايال كىشى بولماق گۇناھمۇ؟ نېمىشقا بىزگە چىش بىلەيدىغانلار شۇنچە كۆپ؟

خېلىدىن كېيىن ھاسىراپ ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلغان ھالدا قويۇق جىگدە، سۆگەت، تېرەكلەر ئارىسىدىكى قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن سۆگەت ئاستىدىكى يۇمشاق قۇمدا ئولتۇردۇم.

ئەنە ھويلا يوپيورۇق، ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماقتا. سۆزلىشىۋاتقانلارنى تونۇدۇم، ئوسمانجان بىلەن راھمانجاننىڭ ئاۋازى ئالاھىدە ئاڭلانماقتا. مەن بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ باغقا قارىدىم. گىلەم ئۈستىدىكى

كۆنلىرىمنى ئەسلىدىم. دەسلەپ نومۇسچان، قىزىرىپلا تۇرىدىغان يىگىت، كېيىن ياسانچۇق، ئاغىنىلىرى كۆپ، مەغرۇر يىگىت كۆز ئالدىمغا كەلدى. بىز دۇنياغا ياۋاشلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ھاكاۋۇرلارغا يېرىنغىلى يارالغانمۇ؟ بىزگە يول نېمانچە تار؟ بىزنىڭ خىيال بىلەن سايىدىن باشقا ھەمراھىمىز قالمىغان بولسا، بىزنىڭ ھاياتىمىز مەنىسىز، ئەرزىمەس ھايات بولۇپ قالامدۇ؟

دوستۇم، مەن بۇ گەپلەرنى ساڭىلا دەۋاتىمەن. يارىلىشىدىن گۈزەل بولۇپ يارالغان بىر ئايال ئۈچۈن ئازاب ۋە ھاقارەتنىڭ كۆپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئىسپات قىلماقچىمەن: بىرسى قولۇمنى مەنىلىك قىسىۋاتقان، بىرسى كۆزۈمنىڭ ئىچىدىن جاۋاب ئىزلەۋاتقان، يەنە بىرسى بىر مىنۇتلۇق كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ھاياسىزلىق قىلىۋاتقان... نېمە ئۈچۈن بىز باشقىلارغا جىسمىمىز بىلەن ئەمەس، مەنىۋى قۇدرىتىمىز بىلەن تەسىر قىلىدىغان دوست بولالمايمىز؟... مەن ئۈمىدنى ئەسلىدىم: ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە مېنى بىزار قىلىش ئۈچۈن كېچىلىرى شېرىن ئۇيقۇمنى بۇزۇپ مەست ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كېلىدىغان بولۇۋالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن كېچىلىرى مەستلەر ئۈچۈن غىزا ئېتەتتىم. شۇ تاپتا تۇيۇقسىزلا ئۈمىدنىڭ قوپال ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم - دە، چۆچۈپ دېرىزىگە قارىدىم. دېرىزە ئەينىكىدە راستىنلا نۇرقۇنچلۇق بىر يۈز چاپلاغلىق تۇراتتى. ئىختىيارسىز ۋارقىراۋەتتىم.

— ئاپا، بۇ كىم؟

— بەللى، سىلىزە!... ئەمسە ئېمىشقا ھە دېسىلا بىزنى يىغىنلاردا ئىلىمگە ھۆرمەت قىلمايدۇ، دەۋردىن ئارقىدا قالدى، دەپ تەنقىد قىلىلا؟

— بۇ شۇنداق گەپكى. بىز ئىككى تىللىق بولمىساق بولمايدۇ. ھۆكۈمەتكە سۆزلىگەندە، سىلى دېگەندەك «قىلىش لازىمكى»، «ئېيتىش لازىمكى» دەپ سۆزلەيمىز. ھۆكۈمەتكە ھۆكۈمەت تىلىدا. ئۆزئارا بولسا ئۆز تىلىمىزدا سۆزلەيمىز.

— بۇ يىل كېۋەزنىڭ مەھسۇلاتى كېمەيسە قانداق بولىدۇ؟

— ئىلمىي تېرىقچىلىقنى كىم قىلسا شۇ مەسئۇل.

— بەللى، بۇ پارتىيەمىزنىڭ ئىشى - يا؟

— بىلىدىكەنلىخۇ. شياڭجاڭ ھا - ھا ھا!...

— ئەمما چاتاق ئادەمكەنلا. جۇمۇ زەنجاڭ، بۇنداق قىلسىلا چاتاق جۇمۇ!

— ھېلىمۇ چاتاق كۆپ،— دېدى راھمانجان ئاغزىغا گۆش سېلىۋېتىپ،— بەزىلەر مېنىڭ ئورنۇمنى تالاشماقتا. ئەمما ئۇلار ئوڭايلىقچە ئالالمايدۇ. بىز بۇ ئورۇندىن قۇرۇق قالساق بازارغا چىقىپ سودىگەرچىلىككىلا يارايمىز.

— بەلكى،— دېدى يېزا باشلىقى كۈلۈپ قويۇپ،— مەن ئورنۇمغا ئادەم تاپالمايۋاتىمەن. مەن ئۆزۈمدەك تولا ماڭىدىغان، راست گەپ قىلىدىغان بىرسىنى تاپسام ئورنۇمغا كۆرسەتەتتىم.

— مېنى كۆرسەتسىلە،— دېدى راھمانجان راستىنلا

كۆرپىلەردە ئادەملەر يانپاشلاپ ياتقان. داستىخانغا مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، گۆش قاتارلىقلار يېيىلغان. راھمانجان سۆزلىمەكتە:

— قارا چىگىتلىك ئەنجان كېۋدزىمۇ، مىسىر كېۋدزىمۇ بولۇۋېرەتتى. ئۇنداق سورت، بۇنداق سورت دېگەنلىرى بىكار گەپ، مانا ھوسۇل كەملەيدۇ دەۋاتىدىلا، تېخى مەن جاۋاب قىلمىشمەن. نېمىشقا؟

— بەللى، — دېدى يېزا باشلىقى ئاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، — ئانداق بولسا «ئارمىيە بىرىنچى» سورتىنى ساپ قىلىمىز دەپ پۈتۈن مىسىر كېۋىزنى ئاغدۇرغۇزۇۋەتتىلىيا؟

— مەن ئەمەسمەن! — دېدى راھمانجان يېنىچە ياتقان يېرىدىن قوزغىلىپ قويۇپ، — مەن، سىلى بىلىلا، سورت. سىناق، ئىلمىي تېرىقچىلىق دېگەنلىرىگە قىزىقمايمەن. بۇ ئىشلارنى قۇربان شۇجى تدابىرلار دېگەچكىلا قىلىۋاتىمەن. تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ باشلىقىمەن. لېكىن تېخنىكا بىلەن خوشۇم يوق، ھەم بىلمەيمەن. سىياسىي جەھەتتىنلا قارىسام بولىدۇ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى راھمانجان زەنجاڭ؟

— سىلى بىلەن بىز سىياسەتنىڭ ئەھلى، بۇنى بىلمەملا؟ دىلداردەكلەر بىز بولمىساق ئۈسەلمەيدۇ. بىز چىك تۇتمىساق ئۇلار ئىشلىمەيدۇ. مەسىلە چىقىرىپ قويىدۇ. بىز ئۇلارنى ئىشلىتىشكە مەسئۇل. قول چىرىغى بولمىسا كېچىدە ماڭغىلى بولمىغانغا ئوخشاش، بىز بولمىساق ئۇلار كور بولۇپ قالىدۇ.

ۋەتكىمۇ؛ تەڭ ئەمەسمىش. دوستۇم، ئېيتقىنا، نېمىشقا
راھمانجاندەكلەر مېنىڭ قانداق بىر غايە بىلەن
كەلگەنلىكىمگە قارىماستىن، كىم بىلەن ۋە كىمنىڭ
ۋاستىسى بىلەن كەلگەنلىكىمنى مېنى قەدىرلەشنىڭ
ئۆلچىمى قىلىدۇ - ھە؟ ناۋادا مەن ساڭا ئوخشاش
يازغۇچى بولغان بولسام، كىشىلەرنى رەنجىتمىدىغان
ئەسەرلەرنى كۆپرەك يازاتتىم. نېمىشقا دېمىسىنا؟ سەۋە-
بى ئاددىي، مېنىڭ قارىشىمچە، ئەدەبىي ئەسەر يازغۇ-
چىنىڭ تۇرمۇشقا قارىشىنىڭ مەھسۇلى، تۇرمۇش، كىشى-
لەر مېنى رەنجىتكەن ئىكەن، مېنىڭ ئەسەرلىرىممۇ
كىشىلەرنى رەنجىتىشى كېرەك.

دوستۇم، سېنىڭچە قانداق؟

مەن قۇربان شۇجىغا يېقىنمۇ ئەمەس، لېكىن شۇ-
جىغا تايىنىپ مەن ئاۋۇ ئىككى لۈكچەكنى جازالىتىۋې-
تەلەيمەن، مۇنۇ ئىككى يۈزلىمە راھمانجاننىڭ «زەن-
جاڭلىقى»نى تارتىپ ئالالايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، بايىقى
سۆزلىرى ئۈچۈن ئوسمان ئاكىنى گۇۋاھلىققا تارتىشلا
كۇپايە. لېكىن مەن بۇ يەرگە بىرلىرىگە ياخشى كۆ-
رۈنگىلى كەلمىگىنىمگە ئوخشاشلا، بىرلىرىنى يامان
كۆرگىلى، جازالىغىلى كەلمىگەن. ھەركىم ئۆز يولى
بىلەن ماڭسۇن، بىر - بىرىگە دەخلى قىلمىسۇن،
دەيمەن.

ئاۋغۇست ئېيى بۇ تەكلىماكان بىلەن تۇتىشىدى-
غان قۇرغاق يېزىلارغا ئوتلۇق ھارارىتى بىلەن خۇ-
شاللىقمۇ ئېلىپ كەلدى. يول بويىدىكى ياپراقلىرىغا

قىزىقىپ، — ماڭا قانداقلا ئورۇن بولسا بولۇۋېرىدۇ. باش-
لىق بولساملا بولىدۇ.

— سىلى كەسىپ ئەمەس، قىينىلىپ قا-
لىلا، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىغا دىلدارخان تازا لايىق ئىكەن.

— نېمە دەۋاتىدىلا؟ سىلىگە كىم دېدى؟ قايسى
باشلىقتىن ئاڭلىدىلا؟

— نېمىگە خاپا بولىدىلا؟ — دېدى ئوسمانجان
كۈلۈپ قويۇپ، — دىلدارخان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان،
ياش، قىزغىن.

— يەنچۇ؟ — دېدى راھمانجان ئاۋازى تىترىگەن
ھالدا يېزا باشلىقىنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — چىرايلىق.
قۇربان شۇجىغا يېقىن دېمەكچىمۇ؟ ھا! ھا! ھا!...

— نېمە دەۋاتىلا؟

ئۇلارنىڭ قالغان گەپلىرىنى ئاڭلىغىم كەلمىدى.
بۇ يەرگە قانداق يۈگۈرۈپ كەلگەن بولسام، شۇنداق
يۈگۈرۈپ ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم - دە، كارىۋىتىمغا
ئۆزۈمنى تاشلىدىم. دوستۇم، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، راھ-
مان قارىماققا ئىجابىي، ماھىيەتتە سەلبىي ئادەمكەن.
ئۇ ھاياتتا ئۆزىنى قانداق كۆرسەتكەن بولسا، ئەسەر-
دىمۇ شۇنداق ياز. ئۇ مېنى قۇربان شۇجىنىڭ يېقىنى
بولغىنىم ئۈچۈنلا ھۆرمەت قىلىدىكەن، ھىمايە قىلىدى-
كەن. دېمەك، ماڭا بولغان ئىشەنچ، ھۆرمەت ناھىيە-
لىك پارتكوم شۇجىسىغا يېقىن بولغانلىقىم بەدىلىگە
كەپتۇ. مېنىڭ ئەمگىكىم، ياخشى نىيىتىم، قىزغىنلىقىم
بىر باشلىققا يېقىن بولۇشتەك ئەرزىمەس بىر مۇناسى-

فەش قىلىدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، بۇ كەم ئورۇننى
كىلەر يىلى پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتكەندە تولۇقلىغىلى
بولىدۇ. تالاسچۇ؟ بۇنى ئاز كۈندىن كېيىن كۆرگىلى
بولىدۇ - دە.
بېشىمغا ئاق يىپەكتىن ياغلىق تېڭىپ، يېزا تېخ-
نىكلىرىنى باشلاپ كەنت ئارىلاپ، ئېتىزلارنى ئائىلى-
ۋ ئائىلە تەكشۈرۈپ، بۇ يىلقى كېۋەزنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالىدىن ئىلمىي خاتىرە يازماقتىمەن. بەزى ئائىلى-
لەرنىڭ كېۋەزلىرى ئۆلچەمگە لايىق غوزىكەلگەن،
بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئۆلچەمگە توشمىغان. بىر غېرىچ
تۇرۇپلا غوزىكەلگەن كېۋەزلەرنى كۆرگەندە خۇددى
كېسەلدىن ساقايغان بالىنى ئەركىلەتكەندەك غوزەكلەر-
نى نازۇك قوللىرىم بىلەن ئەركىلىتىپ: «خاپا بولماڭ-
لار، گۇناھ مەندە» دەپ قويىمەن ۋە چىن يۈرىكىمدىن
ئۇلار ئۈچۈن مەيۈسلىنىمەن. ئوخشىغان كېۋەزلەرنى
كۆرگەندە بولسا، كېۋەزلىك ئىچىگە كىرىۋېلىپ قاقاق-
لاپ كۈلۈپ، خۇددى ئوماق بالىلار بىلەن ئوينىشقان
ئوقۇتقۇچىدەك شادلىنىپ، كېۋەزلەرنى مۇبارەكلەپ
قۇچاقلايمەن.
مانا شۇنداق يۈرۈپ نۇرغۇن تەر ۋە كۆز ياش-
لىرىم سىڭگەن ئېتىزلاردا سالقىن شامالنىڭ كۈز پەس-
لىنى كۈتۈۋالدىم.
كۈز پەسلى خۇددى بۇ يەرنىڭ قوغۇنىدەك شې-
رىن، چۈنكى بۇ كۈنلەر ھەسەل ھەرىلىرى ھەسەل
ساندۇقلىرىنى تولدۇرغىنىغا ئوخشاش دېھقان يانچۇق-

قويۇق سېرىق توپا قونغان، خۇددى سوغۇقتا دۈگدىيىپ بىر پۈتلۈك بولۇۋالغان كۈركە توخۇلارغا ئوخشايدىغان غەمكىن مەجنۇن تاللار؛ قۇملۇقلار بىلەن ھاياتلىق تالىشىپ چارچىغان، يىراقتىن خۇددى يەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ئىسقا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان جىگدىلىكلەر؛ شامالسىز تومۇزدا خۇددى ھەيرانلىقتىكى بالىنىڭ كىرپىكىدەك ھەرىكەتسىز تۇرۇشقان تېرەكلەر بۈگۈن بۆلەكچە خۇشال. ئۇلار يازدىن بېرى سېرىق، ھال گۈللەرنى قىسىشقان كېۋەزلىكلەرنىڭ تويىغا كەلگەن مېھمانلاردەك نازاكەتلىك، تارتىنچاق. كېۋەزلەر بولسا تويىغا - ئىگىسىنى خۇشال قىلىدىغان كۆنلەرگە تەييارلىنىپ ئاق بۆرتمە شال سېلىشقان. ئىگىلىرى ئۇلارغا ئاخىرقى قېتىم سۇ قويۇپ، ئاختاملاپمۇ بولغان. ئەمدى بۇ يەرلەردە دېھقاننىڭ ئاخىرقى ئەمگىكى — ئاق بۆرتمە شاللىق كېلىنلەرنى كۆچۈرۈش ئىشى قالدى. دېھقان كۆڭلى پاختىدەك ئاق. ئۇ ئۆز ئېتىزىدىن مەيلى نېمىلا بولمىسۇن ھوسۇل يىغىدۇ. شۇڭا ئۇ خۇشال. لېكىن ھەممىدىنمۇ مەن بەك خۇشال، چۈنكى بىرىنچىدىن، مەن شۇنچە تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىپمۇ بىر تال غەيرىي سورتلۇق كېۋەز تاپالمىدىم. ئىككىنچىدىن، گەرچە كېۋەزلەرنىڭ تولىسى ئارانلا ئىككى قېتىم سۇغىرىلغان بولسىمۇ، نۇرغۇن ئېتىزلارنىڭ بىر مو يېرىدە ئالتە يېرىم مىڭ تالدىن كېۋەز ئۆسكەن. كېۋەز غوزىلىرىنىڭ بىر تۈپتە ئالتە يېرىمدىن بولۇشى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس، بۇ كۆڭۈلنى

ماقالەمنى ئېلىپ راھمانجان ئاكىنىڭ يېنىغا كىردىم.
بۆلۈمدە راھمانجان ناھىيىلىك پارتكوم شۇجى-
سى بىلەن بىر ئىشنى قىزغىن تالىشىۋاتقان ئىكەن.
ئۇلار مېنى كۆرۈپ توختاپ قېلىشتى. مەن خىجىل
بولۇپ كەينىمگە يېنىۋېدىم، شۇجى مېنى چاقىردى.
پاكىز كىيىنىۋاپتۇ، مەن ئۇنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بول-
غان ئىكەن. يازدىن بېرى ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ
كەلگەن كىشىگە بىرىنچى قېتىم تىكىلىپ قارىدىم. بۈ-
گۈن ئۇ ماڭا يېقىملىق، ئىللىق كۆرۈندى. ئۇ ئورنى-
دىن تۇرۇپ ماڭا ئورۇن كۆرسەتتى:
— ئولتۇرۇڭ دىلدار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ
تۇرۇپ، — پىكىرلىشەيلى. سىز بىلىسىز. بىزنىڭ بۇ
قېتىمقى ئەلا سورتلۇق كېۋەزنى سىناق قىلىپ تېرىش
خىزمىتىمىز ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. يېزا ئىگىلىكىنى
زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — زىرائەت
ئىلمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. زىرائەت ئىلمىنىڭ بىر
مۇھىم مەزمۇنى — ئۇرۇق تاللاش. سىز بۇ ئىشنى
ياخشى ئىشلىدىڭىز. ئاساسىي تەجرىبىلەرنى سۆزلەپ
بېقىڭ. مۇھىمى، كېلەر يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە
سىزنىڭ بۇ سىناقتىن ئۆتكەن تەجرىبىڭىزنى كېڭەي-
تىشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشقا بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىدە
پىكىر بېرىڭ. بىز يېقىندا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر
بىلەن يىغىن ئاچىمىز. يىغىندا سىز دوكلات قىلىڭ.
مەن ناھىيە رەھبەرلىرى ئالدىدا دوكلات قىلى-
دىكەنمەن. ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ئوقۇغۇچى ياكى

نى پومپايتتىدىغان، قازان - چۆمۈچنى مايلاشتۇرىدىغان كۈنلەر.

ھارۋىلارنىڭ توپا - چاڭلىق يوللاردىكى تىنىمسىز ھەرىكىتى بىلەن باشلىنىپ، توقۇمىچى قىزلارنىڭ چېۋەر قول ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ھەرىكەتچۇ؟ مانا بۇ ھەرىكەت — پاختىكارلىقنىڭ مېۋىسى. ئېتىزدا ئۈنگەن مايسا بىزنىڭ تەر ۋە ياشلىرىمىز بىلەن ئاق بۇلۇتتەك پاختىغا ئايلىنىپ، مانا ئەمدى تويى بولغان بەختلىك قىزلاردەك يىراق شەھەرلەرگە، چەتئەللەرگە كېتىدۇ. دېمەك بىز بارالمىغان يەرلەرگە تەر ۋە ئەمگەك مېۋىمىزنى ئەۋەتىمىز. مانا بۇلارنى ئويلىغاندا قانداقمۇ ھاياجانلانمايمەن؟

دوستۇم، مانا ئەمدى مېنىڭ ئېتىزدا قىلىدىغان ئەمگىكىم ئاخىرلاشتى. ئۇرۇقمۇ تاللاندى. ئەمدى كېلەر يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە سىناقتىن ئۆتكەن بۇ يېڭى سورتلۇق كېۋەزنى تېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك؟ ئەڭ مۇھىمى، خىزمەتنى خۇلاسىلىشىم، يۇقىرىغا يوللىنىدىغان تەلەپلەرنى ۋاقتىدا يېزىپ چىقىشىم كېرەك.

تۈنۈگۈن قىزىمنى ئېلىپ ناھىيىگە كۆچۈپ كىردىم. مانا بىر ھەپتىدىن بېرى ئىلمىي ماقالە يېزىۋاتىمەن. ئىلمىي ماقالىدا دېگۈدەك يېڭىلىق يوق. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ھازىرغىچە كىتابتا ئوقۇغان، لېكىن ئىشلەپ كۆرمىگەن ئىشلار. ئۆزۈڭ سۆيگەن ئىشنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈش قانداق كۆڭۈللۈك - ھە؟ مانا بايا

— ماڭا ئىشەنسلە، راھمانجان ئاكا، مەن سىلىنى شۇجىغا چاقىمىدىم. يازدىن بېرى بۇ كىشىنى كۆرۈشۈم مۇشۇ!

— نەدىن بىلدى ئەمىسە؟ سىلى چاقىمىسلا، يۇقىرىقىلارنى ئۇ نەدىن بىلدى؟

ئۇ ماڭا ئىشەنمىدى. بەلكىم ئوسمانجان ئاكا راھمانجاننىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىنى شۇجىغا ئېيتقان بولسا كېرەك. چۈنكى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى شۇ كىشىلا بىلەتتى.

— ئەمدى مېنى باشلىقلىقتىن ئېلىپ تاشلايدۇ. چاقىمىسلىمۇ مەن سىلىگە بۇ مەنسەپنى بەرمەمتىم؟

مەن گەپ قىلمايلا چىقىپ كەتتىم. شۇ كۈنى قۇربان شۇجىنى تېپىپ راھمانجاننىڭ ماڭا قىلغان «ياردەم»لىرىنى ئۇزاق سۆزلىدىم. مەن شۇجىدىن راھمانجان ئاكىنى تەقدىرلەش، ئۈستۈرۈشنى تەلەپمۇ قىلدىم. شۇجى كۈلۈپلا قويدى.

— دىلدارخان، بۇ يەردىن كېتەمسىز؟— ئۇ تۇيۇقسىزلا سورىدى.

— ياق،— دېدىم ھەيران بولۇپ،— كېلەر يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە يېڭى سورتلۇق كېۋەز تېرىشنى پىلانلىدۇق، مۇھىم نۇقتا يەنە ئوسمانجان ئاكىلارنىڭ يېزىسى. بۇ يىل ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى بۇلتۇرقىدىن كېمەيدى، كېلەر يىلى جەزمەن 50 پىرسەنت مەھسۇلات ئاشىدۇ. ئوسمانجان ئاكام ماڭا ئۆي تەييارلاپ قويدى، قىشتىلا شۇ يېزىغا كۆچىمەن!

10—15 دېھقانغا تۈزۈك سۆز قىلىپ كۆرمىگەن تۇرسام، قانداقمۇ رەھبەرلەر ئالدىدا سۆزلىيەلەيمەن؟ يۈزلىرىم كۆيگەندەك، قوللىرىمغا توك تەككەندەك بولدى.

— سۆزلىيەلمەيمەن! — دېدىم يەرگە قاراپ، — راھمانجىنىكام سۆزلىسۇن.

— نېمىشقا؟ ئىشلىيەلىگەن ئادەم سۆزلىيەلەيدۇ. بىز سىزنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىمىز. كەم قالغان يەرلىرى بولسا ئوسمانجان، راھمانجانلار سۆزلىسۇن.

— مەن بىر نەرسە يازغان، — دېدىم قولۇمدىكى دەپتىرىمنى كۆرسىتىپ، — مۇشۇنى ئوقۇپ بەرسەڭلار قانداق بولاركىن؟

شۇجى ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئۇزاتتى:

— ئەكىلىڭ، مەن كۆرۈپ باقاي.

شۇجى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن راھمانجان تويۇقسىز ئۆزگەردى: ئۇنىڭ مېنى دائىم ماختايدىغان چىرايلىق سۆزلىرىمۇ يوقالغان، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ تۇرىدىغان ئاق - سېرىق چىرايى قارىدىغان ئىدى، كۆكۈچ كۆزلىرى سېرىق قاشلىرى ئاستىدا تىنىمسىز چېلدىرلاپ نېمىلەرنىدۇر ئىزلەيتتى:

— مېنى شۇجىغا چېقىپلا! — ئۇ ماڭا قارىماي تۇرۇپلا سۆزلىدى، — كونا سورتنى تېرىشقا يول قويغانمۇ، سۇ مەسىلىسىدە كۆڭۈل بۆلمىگەنمۇ، لۈكچەكلەر سىلىنى بوزەك قىلسا پەسەنت قىلمىغانمۇ مەن بوپتىمەن. سىلى شۇجىغا يېقىن بولغاندىكىن تۆت ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويسىلا بولماسمىدى؟

بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈشۈم كېرەك.

كۆڭۈلسىزلىك يەنە شۇ راھمانجان ئاكىدىن كەلدى. توۋا، بىر ئادەمنى چۈشەنمەك تولىمۇ تەس ئىشكىنا.

يۇقىرىدىن مېنىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىملىرى يىغىنىغا قاتنىشىشىمنى بەلگىلەپ ماتېرىيالىمنى يېزىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتىكەن. يىغىندا كۆپچىلىك مېنىڭ ئورغۇن ياخشى گېپىمنى قىلىشتى. بەزىلەر ھەتتا مەن تېخى بىلمىگەن نەتىجىلىرىمنىمۇ تىلغا ئېلىشتى. ماختاش دەستىدىن يىغىندا ئولتۇرالماي قالدىم. مەن ھەم خىجىل، ھەم خۇشال بولدۇم. تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەكلا بىزنىڭ باشلىق راھمانجان پىكىر بەردى:

— نەتىجىسى مۇقىم، ئىلغار بولۇشىغا قوشۇلىمەن، — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — كىچىككىنە يېتەرسىزلىكىنىمۇ قوشۇپ قوياي.

مەن ئەمدى راستىنلا خۇشال بولدۇم. چۈنكى ھازىرغىچە ھېچكىم مېنىڭ كەمچىلىكىمنى تىلغا ئالمىدى ـ. دە! مەن كۈلۈمسىرەپ راھمانجان ئاكىغا قارىدىم. لېكىن ئۇنىڭ «كىچىككىنە» دېگىنى ماڭا خۇددى ئالدىمدا پارتلىغان قول بومبىسىدەك دەھشەتلىك ئاڭلاندى، مەن قورقۇپلا ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. پەقەت ئەتىسى دوختۇرخانىدا ھوشۇمغا كەپتىمەن. بېشىمدا ئۇسمانجان ئاكا ئەر - خوتۇن يىغلاۋاتقان

— ناھايىتى ياخشى، سىڭلىم، قاچانلا قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز ماڭا ئېيتىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

— مەن شۇجىنىڭ يېنىدىن خۇشال، روھلىنىپ قايتىپ چىقتىم.

— تۈنۈگۈن ناھىيە رەھبەرلىرى ئالدىدا مېنىڭ ماقالەم ئوقۇلدى. كىم ئوقۇدى دېمەمسەن، قۇربان شۇجىنىڭ ئۆزى.

كەچقۇرۇن راھمانجان ئاكا ئۆيۈمگە نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن كىردى. ئۇ يەنە مېنى ماختاشقا باشلىدى. سەۋەبى، شۇجى مېنىڭ ماقالەمنىڭ ئاخىرىدا ئوسمانجان ئاكا بىلەن راھمانجاننىڭ تىلغا ئاپتۇ ئەمەسمۇ!

6

— قىش ...

قىممەتلىك دوستۇم، بۇ يەرنىڭ بورانلىق، ئاچچىق قىش پەسلى يېتىپ كەلدى. تەكلىماكان قۇملىرى كېچىچە دېرىزەمنى چېكىپ چىقىدۇ. دەل - دەرەخنى يالىڭاچلاپ، ئېتىز - باغلارنى كېزىكتىن قوپقان ئادەمدەك سەتلەشتۈرۈپ قويىدىغان رەھىمسىز پەسىلنىڭ بۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈشىنى بىلگەن بولسام، سېنىڭ يېنىڭغا بېرىپ قىشلاپ كەلگەن بولاتتىم. ئامال قانچە، بارلىق سەۋرچان ئادەملەرگە ئوخشاش مەنمۇ

— دىلدارخاننىڭ كىچىككىنە ئەيىبى بار، — دەي-
دۇ ئۇ رەسۋا، — بىرىنچىدىن، شۇجىغا يۆلىنىپ نام
چىقىرىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن. نام چىقىرىش
ئۈچۈن بىر يېزىنىڭ بىر يىللىق پاختا مەھسۇلاتىنى
20—30 مىڭ دەن كېمەيتىۋەتتى. ئىككىنچىدىن، ناھى-
يە شۇجىسىنى ئۆزىنىڭ چىرايى، ناز - خۇلقى بىلەن
يولدىن چىقارغاننى ئاز دەپ، بىر لۈكچەكنىڭ بىر
مىنۇتلۇق كۆڭلىنى ئالغىنى ئۈچۈن 1000 يۈەن ھەق
ئالدى!

مۇشۇ تۇرقىدا مۇشۇ گەپلەرنى يېزىۋېتىپمۇ
پۈت - قولۇم تىترىمەكتە، بېشىم ئايلانماقتا. دوستۇم،
بۇ خىل گەپلەرنى ئاڭلاش قانچىلىك ئازابلىق - ھە؟

راھمانجان نېمە ئۈچۈن ماڭا شۇنچە يامان گەپ-
لەرنى ئىلگىرى قىلماي شۇ چاغدا قىلالىدى؟ بۇنىڭ
سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ھازىر قۇربان شۇجى بۇ
ناھىيىدە يوق. ئۇ يۆتكىلىپ كەتكەن. راھمانجانلار-
نىڭ نەزەرىدە بىزنىڭ قىممىتىمىز قابىلىيەت ۋە تۆھ-
پىدە ئەمەسكەن، بەلكى قانداق ئادەم بىلەن يىراق -
يېقىنلىقىمىزدا ئىكەن. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى
بىكارلا گۇمان قىلغان ئىكەنمەن. ئۇنىڭ ئاشكارا،
يوشۇرۇن قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى كۆرۈپ بىر غەرە-
زى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ بىكارلا ئۆزۈمنى ئۇنىڭ-
دىن قاچۇرغان ئىكەنمەن. ئۇ چىن قەلبىدىن دەۋر
تەلپىگە لايىق ئىش قىلغان ئىكەن. مانا شۇ تاپتا
ئۇنى قاتتىق سېغىنماقتىمەن. بەزىدە شان - شەرەپ

قىزىمنى بەزلەپ ئولتۇرۇپتۇ.

— مەن نېمە بولدۇم ئوسمانجان ئاكا؟— مەن دەرمانسىز قوللىرىم بىلەن قىزىمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدىم.

— ھېلىقى ئوغرى،— دېدى ئوسمانجان ئاكا.— پاھ، كۆڭلى قارىلىقىنى - ھە؟ سىڭلىم دىلدارخان، ئۇ سىزنىڭ ئابرويىڭىزنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەممىلا جايدا يامان گېپىڭىزنى قىلىپ يۈرۈپتۇ، ياتىقىڭىزغا پۇل تاشلىغان لۈكچەكلەرمۇ شۇنىڭ گېپى بىلەن شۇنداق قىپتۇ. ئەزالارغا كونا سورتنى تېرىساڭلارمۇ بولىدۇ دەپ تەشۋىق قىلىپ، سىزگە توسالغۇ بولغانمۇ شۇكەن!

— ئۇنىڭ مەندە نېمە ئۆچى باركىنە؟

— ئۇنىڭ ئىنىدىكىگە كەلمىگەن قايسى بىر قىز - چوكان بۇنداق زىيانكەشلىكتىن قۇرۇق قاپتىكەن، دەيسىز.

«سەن ھوشۇڭدىن كەتكۈدەك زادى نېمىلەرنى دېدى؟» دەپ سورىشىڭ مۇمكىن. دوستۇم، بەزى گەپلەرنى كىشى قەلەم بىلەن يېزىشتىنمۇ ئازابلىنىدۇ. ماڭا يېزىدىچە غەمخورلۇق قىلغان ئادەمنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرۈپ يېتىپ ئۇنىڭدىن ياردەم ئالغىنىمغىمۇ ئۆكۈندۈم.

دوستۇم، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگىنىنى قىسقا قىلىپ يېزىپ قوياي، ئۇقۇپلا خەتنى يىرتىۋەت. ئەسەر يازماقچى بولساڭ بۇ خىل گەپلەردىن زادىلا پايدىلانمىغىن. ئۇ نېمە دەيدۇ دېگىنە:




دەريا سىغا تولغان كۆنلەردە بۇ يەرنىڭ ھاۋا-
سىمۇ، مەنزىرىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ: شەرقتىن — تەكلىما-
كان چۆللۈكىدىن كېلىپ ھۇپىلدەپ تەننى كۆيدۈرىدى-
غان ئىسسىق شامال نەمخۇش، سالقىن بولۇپ قالىدۇ.
بولۇپمۇ كېچىلىرى تولىمۇ راھەت، قۇم ئۈستىدە يات-
ساڭمۇ تەرلىمەيسەن، سالقىن شامال يۈزۈڭنى سىلاپ
قەلبىڭدە ھېسسىيات ئويغىتىپ، سېنى زۇلۇمدىن قۇتۇل-
غان مالايدەك خۇشاللىق، ھالاۋەت ۋە بەخت بىلەن
ئۇچراشتۇرىدۇ- دە، «دۇنيادا 1000 يىل ياشىسامكەن»
دېگۈزىدۇ.

ئەتىگەنلىكى قۇم ئۈستىدە ئوڭدا يېتىپ، ئەترا-
پىڭغا قارىساڭ، يوپۇرماقلىرى يالتىراپ تۇرغان توغ-
راقلارنى كۆرىسەن، توغراقلار ساڭا كۈلۈۋاتقاندەك،
سالقىن شامالدا سىلىق لىڭشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك
بىلىنىدۇ. بۇ چەكسىز توغراقلىقنىڭ قوينىدىن يىرل

ئۈچۈن بولسىمۇ كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قۇربان شۇجى يۆتكىلىپ بارغان ناھىيىگە بارايمىكىن دەپمۇ ئويلايمەن. لېكىن بۇ يەردە مەن توغرىلىق نۇرغۇن يامان گەپلەر تارقالغان بولسىمۇ مەن بۇ يەردىن كېتەلمەيمەن. سەۋەبى، بۇ يەردە مەن باشلىغان ئىش، خەلققە بەرگەن ۋەدەم بار.

دوستۇم، ساڭا ئالتە پارچە خەت يازدىم. يازغانلىرىمدىن بىر نېمە چىقامدۇ؟

مانا، بۈگۈن كېچە ئايدىڭ. مەن خىيال بىلەن كوچا ئايلاندىم. يورۇقتا مېڭىشتىن قورقىمەن، چۈنكى يورۇق تېگىدىكەن، سايەڭ پەيدا بولىدۇ. خىيال شېرىن، مەن خىيالغا ئامراق، چۈنكى خىيال — غايە، ئارزۇ - ئىستەك دېگەن سۆز. مەن سايەمدىن قورقىمەن، چۈنكى ئۇ، سەن نۇرلانغانسېرى يوغانلايدۇ. نۇر بولمىسا دۇنيا بولمايتتى. لېكىن نۇرنىڭمۇ ئەيىبى بار ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ، نۇر سايە پەيدا قىلىدىكەن.

دوستۇم، يازماقچى بولغان ئەسەرلىرىڭگە مېنىڭ ھاياتتىن ھاسىل قىلغان بۇ چۈشەنچەمنىمۇ كىرگۈزۈپ قوي، لېكىن ئىسمىمنى زادى يازما!

قوپۇپ ئۈچ ۋاخلىق قوناق ئۇمىچى ئىچكەن چاغلىرى-
مىزدا ئەجەب خۇشال بولاتتىڭ، ناخشا ئېيتاتتىڭ،
ئۇسسۇل ئوينايتتىڭ، ئوسما قوياتتىڭ، خېنە ياقاتتىڭ،
ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟ يەيمەن دېسەڭ ئەنە
ئاق ئۇن، ئەنە پاقلان، كىيىمەن دېسەڭ ئەنە ئېسىل
رەخت، ئوينايمەن دېسەڭ ئەنە ئۈنئالغۇ، ئەنە رادىئو،
خالىساڭ ھارۋا بىلەن خالىغان يېزاڭغا، شەھەرلەرگە
ئاپىرىمەن، خەجلەيمەن دېسەڭ پۇلۇڭمۇ جىق، ئالتۇن -
كۈمۈشكىمۇ كۈچىمىز يېتىدۇ. بالىمىز يوق، كۆڭلۈڭ يې-
رىممۇ - يا؟ ئانداق بولسا بالا بېقىۋالايلى، خالىساڭ
ئىككىنى، 4 — 5 نى دېسەڭمۇ ماقۇل بولاي، مەن
سېنى تۇغماس دېمىدىم. ئۆزۈم تۇغماس ئوخشايمەن.
نۇرانىيە ئېيتقىنا، نېمىشقا نۇرۇڭ ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ؟
ئىلھام شاخ - شۇمبىدىن ياسالغان ھويلىسىدىكى
كات ئۈستىدە، ئايالىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ،
يۈرىكىدىكى سۆزلەرنى قىلدى. ئۇ تۇنجى قېتىم مۇھەببەت
ئىزھار قىلىۋاتقاندەك ئايالىغا يېلىناتتى. ئۇنىڭ يوغان
قوي كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى. ئېگىز قەددى يادەك
ئېگىلگەن، گۆرجەكتەك يوغان ئالقانلىق، قاتمال قول-
لىرى كېسەل تەگكەن توخۇنىڭ قۇيرۇقىدەك تىترەيتتى.
ئۇنىڭ قويۇق ساقال - بۇرۇتى دائىملا كىرپە تىكىنى-
دەك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، مال - دۇنيا ۋەسۋەسى-
بىلەن تاتىرىپ كەتكەن جۇدەڭگۈ يۈزىدە ئازاب ۋە خاپى-
لىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ئايالىنى ئىلتىجا بىلەن
يېلىنىماقتا ئىدى.
— مەندىن كۆڭلۈڭ سوۋۇدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ مەن

ئېلىپ شەرققە ئېقىۋاتقان يەكەن دەرياسى سېنىڭ شېرىن ئۇيقۇڭدىن ئويغانغانلىقىڭنى سېزىدۇ - دە، «مەن ئۇلغىيىۋاتىمەن!» دېگەندەك ھەيۋەت بىلەن شارقىرايدۇ.

مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلھام موللاق ئوغلى يىراق، ئەمما ئاۋات يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى خالىماي مۇشۇ دەريا بويىدىكى توغراقلىق ئىچىگە ئۆي سېلىپ، چىرايلىق ئايالى بىلەن ئوندەك قويىنى ئېلىپ، ئورمان ئىشچىسى بولۇپ كۆچۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ كۆچۈپ كەلگىنىگە ئۈچ يىل بولدى: ئۇلار دەريانىڭ شاۋقۇنلىۋق ۋە سۈيى قۇرۇپ مۇڭلانغان چاغلىرىنى ئۈچ قېتىم كۆردى. قويۇق توغراقلارنىڭ ياپيېشىل، چوغدەك قىزىل، ئاپتاقىر چاغلىرىنىمۇ ئۈچ قېتىم كۆردى. ئۇلار تالاي قېتىم ھاياجانلاندى، ناخشا ئېيتتى ۋە ئىچ پۇشقىدىن گەپ تالاشتى، ئۇرۇشتى. ئۇن تۇياقتىن 150 تۇياققا كۆپەيگەن قويلىرىمۇ ئۇلارنى يېتەرلىك خۇش قىلدى ۋە ئاۋارە قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ بايلىقى كۆپەيگەنسېرى خۇشاللىقى ئەمەس، خاپىلىقى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئىلھام كۈن بويى گەپ قىلماستىن شاخ پۇتاش، ئوتياش ئوتاش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان چىرايلىق ئايالىنىڭ كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ جۇدەۋاتقان چىرايىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىناتتى.

— ساڭا نېمە بولدى نۇرانىيە، — دېدى ئىلھام ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — توققۇزىمىز تەل بولغاندا تۇتۇلۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟ داق يەردە دۇم يېتىپ - دۇم

بۇلى بىلمەن، سەن راستىنى ئېيت، مەن ساڭا ئەركىنلىك بېرەي،
سېنىڭ بەختىڭگە كۆشەندە بولۇش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر!

نۇرانىيە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ ئۆيگە كى-
رىپ ياغاچ سۇپىغا تاشلاندى.

دەريا سۈيى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان شۇن-
داق كۈنلەر ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ۋەھىمىلىك ئىدى.
كۆڭۈللۈك بولۇشى — سۇ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى
ھەممىلا نەرسە ئۆزگىرىدۇ: دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن كې-
لىدىغان دەرەخ ئوغرىلىرى تىنچىيدۇ، ئەتراپتىكى
دەرەخلەر بىلەن ئوت - چۆپلەر تاشقىن سۇلاردىن
ياپراپ تېز ئۆسىدۇ، باراقسانلىشىدۇ، ئەڭ مۇھىمى،
لېرىقى قىرغىقىغا كۆز يەتمەيدىغان يېيىلاڭغۇ دەريا
ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، ھەر كۈنى دەريا بويىغا چىقىپ
لۆمشىپ ئېقىۋاتقان لاي سۇغا قاراپ تۇرساڭ كۆكسى-
قارنىڭ ئېچىلىپ، دوستلىرىڭ بىلەن بىللە بولغاندەك
خۇشاللىنىسەن. تىنىمسىز ئېقىۋاتقان، ئورمانلارغا چۈشت-
مىكسىز بىر نېمىلەرنى ۋارقىراپ، شەرققە قاراپ كېتى-
ۋاتقان سانسىز دولقۇنلار خۇددى سېنىڭ ئارزۇ - ھە-
ۋەسلىرىڭ بىلەن يۈرىكىڭنىڭ تەلپۈنۈشىنى يىراقلارغا
ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆز - ئۆزۈڭگە قىلغان ۋەدىلىرىڭنى
يىراقلاردىكى سىرداشلىرىڭغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېتى-
ۋاتقاندەك كۆڭۈللۈك، گۈزەل كۆرۈنىدۇ، بولۇپمۇ قۇياش
يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەندە دەريا بويىغا كەلسەڭ، شەپەق-
تىن قىزارغان دەريا سۈيىنىڭ جىمىرلاپ ئالتۇن نۇر-
لارنى چېچىپ تۇرغان بېتىدە قىرغاقلاردىكى توغراق،

مېنى ئالداپ ياكى مەجبۇرلاپ ئالمىغانغۇ؟ مەن پېداگوگىكا تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ سىلەرگە ئوقۇتقۇچى بولغاندا، سەن 10 - سىنىپتا ئوقۇيدىكەنسەن. بىز بىرىنچى قېتىم پۈتۈشكەندە سەن نېمە دېگەن؟ «ماڭا سىزنىڭ قەلبىڭىز ياقىدۇ» دېمىگەنمىدىڭ؟ كېيىن مەن يوقىلاڭغۇش ئۈچۈن ئادەم ئۇرۇپ قويۇپ تەربىيىگە چۈشتۈم، سەن خەتلىرىڭدە: «ھېلىغۇ بەش يىلكەن، 20 يىل كەتكەن بولسىمۇ سىزنى كۈتىمەن. سىز ئۆزىڭىزنى جىنايەتچى ھېسابلىماڭ. سىز ۋىجدانىڭىز ئالدىدا ئاق، سىزنى بوزەك قىلىپ، ئۇن مۇشت ئۇرغان جىنايەتچىنى بىرىنلا ئۇردىڭىز. شۇمۇ جىنايەت بولامدىكەن؟ مەن ئۆزۈم سىزنى ئاقلايمەن» دەپ يازغان سۆزلىرىڭ مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن ئالغان. مەن بۇ سۆزلەرنى قىلغان نۇرانىيەنىڭ مەن راسا بېيىغان، بەختلىك بولغان مەزگىلىمدە ماڭا كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىشىنى ئويلىغانمىدىم؟ ئېيت دەيمەن، سەن مېنى يالغاندىن ياخشى كۆرگەنمىدىڭ - يا؟ ياكى ئۆتكەن قېتىم بىزنىڭكىدە قونغان مېھمان مېنىڭ ئورنۇمنى تارتىۋالدىمۇ؟

— نومۇس قىلسىڭىزچۇ؟

نۇرانىيە يولدىشىغا ياش يۇقى كۆزى بىلەن يالت قىلىپ قارىدى. شۇ بىرلا قاراش ئىلھامىنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— نومۇس قىلغاچقا ساڭا بىر ئايدىن بېرى سۈكۈت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مەن ئاڭلىق ئادەم، ھېسسىيات ئۆزگىرىدۇ، مۇھەببەتمۇ يوقىلىدۇ، يەنە تۇغۇلىدۇ. مەن

نىيەنى سىناۋاتامدۇ؟ نۇرانىيە ئورنىدىن تۇردى — دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ باقتى. كارىۋاتتا قويۇق، ئۇزۇن چاچلىرى ئاق ياستۇققا يېيىلىپ ھېلىقى مۇخبىر يىگىت ياتقان بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن باش كۆرۈنمىدى، بېشىنى يوتقان بىلەن بۈركىۋالدىمۇ — يا؟ نۇرانىيە ئۆيگە كىرىشكە جۈرئەت قىلدى. يوتقاننى ئاچتى، يىگىت راستلا يوق. نۇرانىيە نېمىشقا ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمىغاندۇ؟ يىگىت دالاندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىلھام-نىڭ نۇرانىيەنى خۇددى قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرە-گەندەك بوينىدىن قۇچاقلاپ ياتقىنىنى كۆرگەن بول-سىچۇ؟ نېمە دەپ ئويلىغاندۇ، بەلكى: «ئىلھام مېنى ئۆز ئىشى—بايلىقىنى كۆرسىتىشكە ئەمەس، ئايالىنى قان-داق قۇچاقلايدىغانلىقىنى كۆرسەتكىلى ئۆيىدە قوندۇرغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئىلھام ئۈچۈن ھېچ-گەپ بولمىغىنى بىلەن نۇرانىيە ئۈچۈن بۇ ئىش تولىمۇ سەتچىلىك!

نۇرانىيە ئادىتى بويىچە دەريا بويىغا يۈگۈردى. ئۇ دەريا بىلەن مۇڭدىشىدۇ، يازنى شۇنداق ئۆتكۈز-مىسە بۇ چۆلنىڭ يەنە نېمە لەززىتى بولسۇن!

ئۇ دەريا بويىغا بېرىپ ھېلىقى سېرىق - قىز-غۇچ سىز بېتىدىكى خىلمۇ خىل شەكىللىك كۆلەڭگە-لەرگە قارىدى. قارىدى — دە، شەپەقتەك قىزاردى: چۈنكى ئۇ دەسلەپ مۇخبىر يىگىتنىڭ ئۇزۇن — قويۇق چاچلىق بېشىنى كۆرگەن ئىدى.

— قانداق گۈزەل نۇرانىيە خانىم، بۇنداق يەر-

ئېھوەكلەرنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بۇ چاغدا
سارغۇچ - قىزىل سۇ بىلەن قارامتۇل - يېشىل كۆلەڭ-
گىلەر ئارىلىشىپ ساڭا بىر ئۇستا رەسسامنىڭ پەلكۈچ
تۇتقان قولىنى ئەسلىتىدۇ: رەسسام ئۆز ئارزۇسىنى
بويىقلار بىلەن قەغەزگە چۈشۈرۈپ ئىنسانلارغا ئاۋاز-
سىز ۋارقىرىماقتا: ھاياتلىق — مەقسەت - گۈزەللىك -
تىرىشچانلىق ۋە ئاخىر بەخت بىلەن قوچاقلىشىش دې-
گەنلىك. كىمكى بۇنى بىلمىسە ئۇ، ھاياتتىن لەززەت
ئالالمايدۇ!

ئۇ كۈنى ئىلھام ئادىتى بويىچە ئورمان چارلىغىلى
سەھەر تۇرۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. نۇرانىيە ئىككى
ئېغىزلىق ئۆيىدە مۇخبىر يىگىت بىلەن يالغۇز قالدى.
نۇرانىيە ئاخشامدىن بېرى ئاجايىپ قىزىقارلىق يېڭى-
لىقلار، ھايات توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرى بىلەن يۈرە-
كىنى تىترەتكەن بۇ يىگىتنى يېرىم كېچىگىچە ئويلاپ،
ئۇيقۇسىز ياتقان ئەمەسمىدى؟ يەنە قانداق قىلىپ كۈن
چىقماستا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇخلا-
ۋاتقان يىگىتنىڭ نەپەسلىرىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ قال-
دى؟ يولدىشى — سۆيگۈنى بار ئايال ئۈچۈن باشقا بىر
يىگىت توغرىسىدا ئويلاش گۇناھ ۋە ئەخلاقسىزلىق ئەمەسمۇ؟
لېكىن گۇناھ بولسىمۇ، ئەخلاقسىزلىق بولسىمۇ نۇرا-
نىيە ئويلىماسلىققا ئىلاجسىز. كېچىلەپ يېنىدا بىئارام
بولۇپ ياتقان ئەر نېمە ئۈچۈن سەھەرلەپ ئايالىنى
يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتتى. بۈگۈن بىر كۈن ئورمان
چارلىمىسا بولماسمىدى؟ ياكى ئۇ پەسكەشلىشىپ نۇرا-

غان مۇھەببىتىنى بارلىق تىل سەنئىتىنى ئىشقا سېلىپ سۆزلەپ باقاي.

ئۇ شۇنداق سۆزلىدىكى، نۇرانىيە ھېچقانداق بىرسىدىن، ھېچقانداق كىتابتىن ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىمىغان ئىدى. مۇخبىر يىگىت دەريا، ئورمان، يەر توغرىسىدىلا سۆزلىدى. لېكىن ئۇ خۇددى نۇرانىيەگە سۆزلەۋاتقاندەك، نۇرانىيەنىڭ بۇ گەپلەر بىلەن يۈرىكى تىترىدى، تېپىرلىدى، ئېرىدى. ھەتتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى!

نۇرانىيە ئۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ؟ نۇرانىيە ئۆزىگە زادىلا بۇنداق سوئال قويۇپ باقمىغان. ئۇ كۈنى نېمىگە ھاياجانلاندى، نېمىگە ياش تۆكتى، نۇرانىيە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپمۇ قويمىغان ئىدى. ئەمما يىگىت كەتكەندىن كېيىن، ھەر كۈنى سەھەرلىكى شاۋقۇنلۇق دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ چىقىۋاتقان قۇياشقا قاراپ خىيال سۈردى، ئۆزى بىلەن، دەريا، ئورمان بىلەن سىرداشتى، بۇلار يىگىتنى سېغىنىشىمۇ؟ نۇرانىيە مانا بۇنىمۇ ئويلىمىغان. بۈگۈن ئىلھام خىيالدا كەلمىگەن نېمىنى ئېيتىۋېدى، نۇرانىيە خۇددى تۇيۇقسىز كالتەك تەگكەندەك كاتقا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىۋەتتى...

نۇرانىيە خىيال ۋە ئۇيقۇدىن ئېغىرلاشقان بېشىنى سەگىتىش ئۈچۈن دەريا بويىغا چىققاندا، كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان ئىدى. غەربتىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك نۇردا توغراقلارنىڭ ياپراقلىرى قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن ئىدى، كۈندىكىدىن يەنىمۇ ئۇلغايغان دەريا سۈيى ھەيۋەت بىلەن لۆمشىپ ئاقاتتى. قىرغاقتىكى ياپراقلىرى

ەە 100 يىل ياشىغىنىڭىز كېلىدۇ. دۇنيادا سىلەردىنمۇ بەختلىك ئادەم بارمىدۇ، قاردىڭە. ئالتۇن ئېقىۋاتىدۇ، شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ئۆزىنىڭ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ گۈزەل، ساپ نۇرلىرىنى سىلەرنىڭ بۇ يېرىڭلارغا چاچىدىغان ئوخشايدۇ. مەن بۇ گۈزەللىكنى زادىلا تىل بىلەن ئىپادىلىيەلمىدىم. ئاخىر مۇنداق شېئىر يازدىم. ئاڭلاپ بېقىڭ:

ئىككى كۆزۈم ئاپپارات بولسا،
بۇ گۈزەللىكنى سۈرەتكە ئالسام.
ئاشۇ سۈرەتنى تىل ـ تۇمار قىلىپ،
قانماس يۈرەكنىڭ قېتىغا سالسام!

— سىز قىرغاۋۇلنى دوراپ كۈلمەڭ، نۇرانىيە خانىم، بۇ يازغىنىم شېئىر ئەمەس، قوپال گەپلەر دۆۋىسى. قارىڭە دەريا بېشىدىكى دولقۇنلارنىڭ جىمىرلاشلىرىنى، دولقۇنلار سۆزلىشىۋاتىدۇ، قاردىڭە، ئاۋۇ سۇغا ئېگىلگەن بەختىيار توغراقلارنى، ئۇلار سۇنىڭ، دولقۇنلارنىڭ تىلىنى ئۇقىدۇ. نۇرانىيە خانىم، مېنى ئالجىپتۇ دېمەڭ، ئادەمنى ھاراقلا مەست قىلىدۇ دەپ ئويلىماڭ، گۈزەللىك، قايناق ھېسسىيات ـ مۇھەببەتمۇ مەست قىلىدۇ. مەن سىلەرنىڭ يېرىڭلارغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. كېيىنتكە مانا مۇشۇ يەرگە بولغان ئىشقى ـ مۇھەببىتىمنى ئەسەر قىلىپ يازىمەن!

— ئاڭلىماپتىكەنمەن، بىر يىگىت يەرگە ئاشىق بوپتۇ دېگەننى ئاڭلىماپتىكەنمەن!

— ئانداق بولسا ئاڭلاپ قويۇڭ، مەن يەرگە بول-

ئۈچۈن ئادەملەر ئۆمۈر بويى بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ھەممىلا ئادەم بەخت ئىزلەيدۇ. بىزنىڭ ئىلھام بىر چاغلاردا «قويۇم يۈزگە يەتسە مەن بەختلىك بولغان بولاتتىم» دەپ يۈرەتتى. مانا ھازىر قويى يۈزدىن ئاشتى، ئەمما بەختلىكمەن دېگۈسى يوق. ئۇ ئەددى قويلىرىنىڭ پۈتۈن تەكلىماكان قوينىدىكى كۆكرەپ تۇرغان يەرلەرنى ئىگىلىشىنى، پۈتۈن تارىم بويلىرى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ تىلىكى ئىشقا ئاشسا، ئۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلامدۇ؟ كىم بىلىدۇ تېخى؟ مەكتەپتە بالا ئوقۇتقان چاغلىرىدا 42 يۈەنلا ئايلىق ئالاتتى. بۇ پۇلى ئىككىمىزنىڭ قورسىقىغا ئارانلا يېتەتتى. چوڭراق مېھمان چاقىرىشقا توغرا كەلسە قەرز قىلاتتۇق. قەرزنى ئۆزۈم ئۈچۈن مەن قارا ئىش قىلاتتىم: يا تامچىلارغا لاي توشۇپ بېرەتتىم. يا مەكتەپنىڭ كۆكتاتلىقىدا ئىشلەيتتىم. ھېچبولمىسا بىرسىنىڭ بالىسىنى باقاتتىم. مانا شۇ چاغلاردا ئىلھام ئاخشاملىرى «بەختسىزمەن!» دەپ زارلىناتتى. ھازىرچۇ؟ ئۇ باي، ئۇ غەمسىز. لېكىن يەنىلا «مەن بەختسىز» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئۇ قاچان بەختلىك بولىدۇ زادى؟ ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆمۈر بويى بەخت دېگەننى كۆرمەي ئۆتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ «پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئىچىدە شەخسنىڭمۇ بەختى بولىدۇ. سوتسىيالىزم ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت»، كىتابلارغا شۇنداق يېزىلىدىكەن. لېكىن سوتسىيالىزمدا تۇغۇلغان، ياشاۋاتقان، بىزنىڭ ئىلھامدەك ئادەملەر، ئۇنىڭدىنمۇ ھالى ياخشى ئادەملەر

چوغدەك قىزارغان ھېلىقى «بەختىيار» تۇغراق شېخى
بىلەن دەريا بېتىگە بىر نېمىلەرنى يازاتتى. شاخ پەيـ
دا قىلغان تالا ـ تالا سىزىقچىلار ئالدىرىماي ئېقىۋاتـ
قان دەريا بېتىدە خېلى يەرگىچە باراتتى ـ دە، ئاسـ
تا ـ ئاستا يوقىلىپ كېتەتتى. «بەختىيار توغراق! ــ
دەپ پىچىرلىدى نۇرانىيە ئۆزىچىلا دەرياغا قاراپ ئولـ
تۇرۇپ خىيال بىلەن، ــ يالغۇزچىلىقمۇ بەختمۇ؟ بىر
تال شاخ پۈتۈن ياز بويى دەريا بېتىدە لىككىشىدۇ،
سائەت ماياتنىكىدەك، تۆگمەن تېشىدەك، چۆلدە
ماڭغان ئوتتۇنچى ھارۋىسىدەك بىرلا خىل ئىشنى
قىلىدۇ، بىرلا خىل ناخشىنى ئېيتىدۇ. مۇنداقلار
بەختلىك ھېسابلانسا ئاھاەمۇ بەختـ
لىك ئىكەن ـ دە! ئۇمۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ
ئورمان ئارىلايدۇ، قىش ـ ياز بىرلا دائىرىنى چۆگىـ
لەيدۇ، قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق ئورغىقى بىلەن شاخ ـ
شۇمبا چاتايدۇ. ھەر كۈنى ئىككى قېتىم قويلىرىنى
سانايدۇ، سەن بىلەن گەپ تالىشىدۇ... بەختنىڭ مەزمۇنى
مۇشۇنچىلىك بىر نېمە بولىدىغان بولسا، بىزنى ئارزۇ
قىلىشنىڭ ھاجىتى قانچىلىق؟ ياق، بەلكى ئۇ يىگىت
بەختنى تازا چۈشەنمىسە كېرەك، مۇخبىر بولغىنى
بىلەن بەخت توغرىسىدا بىلىمى چولتا بولسا كېرەك.
بەخت دېگەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر ئۇلۇغ
نەرسە بولۇشى كېرەك. ئۇمۇ دىلىمغا ئىسمى يېزىلغان
نامى ئۇلۇغ خۇدايىمغا ئوخشاش، سەن ئارزۇ قىلىدىـ
غان، لېكىن ئۆمۈر بويى دىدارىنى كۆرۈش ساڭا نېسىپ
بولمايدىغان سىرلىق بىر نەرسە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن
ئىنسانلار ئۇنى قەدىرلەيدۇ، ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ

لىك ئىلھامنىڭ كىچىلىك چىراي بولسىمغۇ: نە قاش -
كۆز، نە ئېغىز - بۇرنىنىڭ تايىنى يوق. كۈلكە بىلەن
ئاپئاق چىشتىن باشقا ئادەمنى جەلپ قىلغۇدەك ھېچنېـ
مىسى يوق. لېكىن نېمىشقا ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى ھايا-
جانغا سالدى، مەن نېمىشقا يىغلىدىم...؟»
نۇرانىيە ئولتۇرۇۋاتقان قوياشقا، شەپەق بىلەن
قوچاقلىشىپ سېرىقتىن قىزىلغا ئۆزگەرگەن دەريا بېتىـ
گە، قىزغۇچ ياپراقلارغا، ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلىشىـ
ۋاتقان چەكسىز ئورمانلىققا قارىدى. ئۇنىڭغا بۇ يەر
زېرىكىشلىك بىلىندى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ نەدىدۇر
بىر يەردە ئىت ھۆۋلىدى، مانا قويلار مەرەشتى، يېقىنلا
يەردە قويۇق توپا توزىتىپ ماشىنا كېتىپ بارماقتا. بۇ
ھال مۇخبىر بۇ يەردىن كەتكەن ۋاقىتتىكىگە نەقەدەر
ئوخشايدۇ - ھە؟ ئۇ كۈنى بىر قارا ماشىنا كەلدى -
دە، مۇشۇنداق كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا ئۇنى ئېلىپ
كەتتى. يىگىت ئىلھام بىلەن قىزغىن، نۇرانىيە بىلەن
سوغلا خوشلاشتى. بۇ سوغلۇق ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇشۇ
ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپتۇ. ئۇ قىزغىن
بولغان تەقدىردىچۇ؟ ئۇ چاغدا نۇرانىيە
بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن بولاتتىكەن - دە؟...
— نۇرانىيە! نۇرانىيە نەدە سەن؟
ئىلھام ئۇنىڭ يېنىغا ھاياجان، خۇشاللىق بىلەن
يۈگۈرۈپ كەلدى.
— نېمە بولدى، قايسى قويىڭىز ئۈچنى قوزىـ
لىدى؟

نېمىشقا ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلىمايدۇ ئەمىسە؟ بەل-
كى ھېلىقى مەن ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان مۇخبىر بەخت-
لىك بولسا كېرەك، ئۇ دائىملا خۇشال، جۇشقۇن يۈر-
ىدىكەن. بەختلىك ئادەمگە باشقىلارمۇ بەختلىك كۆرۈنىدۇ.
بۇمۇ خۇددى توق ئادەمگە ئۆلۈكمۇ كېكىردۋاتقاندەك
كۆرۈنگەنگە ئوخشاش گەپ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مۇخ-
بىرنىڭ كۆزىگە بىزمۇ، ئاۋۇ يالغۇز توغراقمۇ بەختلىك
كۆرۈنگەن ئوخشايدۇ... ۋاھ، نېمىشقا ھە دېسىلا شۇ مۇخ-
بىر يادىمغا كېلىدۇ. بۇ يەرگە ئارتىسلار، باشقىلار،
يۇرتلۇقلار دائىم كېلىپ مېھمان بولۇپ [illegible]ىدۇ. ئۇلار-
نىڭ ئىچىدە چىرايلىق ياشلارمۇ، سۆيگۈ - مۇھەببەت
خېرىدارلىرىمۇ كۆپ ئىدىغۇ؟ ھېلىقى دۇتارچى يىگىت
ئىككى كۈن ماڭا بېغىشلاپ ناخشا ئېيتتى، ئۇ خەلق
قوشاقلىرىنى ئېيتقىنى بىلەن كۆزلىرى مېنىڭ نامىمنى
يادلاپ تۇراتتىغۇ، ئىلھامنىڭ ھېلىقى مەنسىپى ئۆسكەن
دوستىچۇ؟ پاقلان گۆشىگە تويدى، ئىلھامنى مەست دەپ
ئويلاپ، يېرىم كېچىدە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دىسسەپ چىقىپ
يۈزۈمنى سىلاپ، قولۇمنى تارتتى. مەن ئۇلاردىن قان-
چىلىك يىرگىنىدىم - ھە؟ مۇنۇ مۇخبىر يىگىت ماڭا بىر
قېتىم تىكىلىپمۇ قارىمىدى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇن-
تۇپ قالغاندەك، بەلكى ئۇمۇ مېنىڭ چىرايىمنى ئۇنتۇپ
قالغاندۇ. مەن يەنە نېمىشقا ھە دېسىلا ئۇنى يادلاي-
مەن. ئۇنىڭ خۇددى ھاكلاپ قويغاندەك سىپ - سىدام
كۆرۈنىدىغان چىرايى بىلەن ئۆسكىلەڭ، قويۇق چاچ-
لىرى نېمىشقا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا بىز-

بېسىلىپتۇ. سەن رەسىمگە ئۆزۈڭچىلىك چىرايلىق چۈشـ
مەپسەن. مەن ساڭا قارىغاندا چىرايلىق، مەغرۇر
چۈشۈپتىمەن. يوق، ئۆيگە كىرىپ ئوقۇيلى. بەلكى سەن
مەندىنمۇ بەكرەك ھاياجانلىنارسەن؟

ئۇ ئائىلىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆيىگە قاراپ
سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

ئىلھامنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالغان بۇ گېزىت
نۇرانىيەنى زادىلا تەسىرلەندۈرەلمىدى. ئىلھام ئائىلىگە
سىنچىلاپ قاراپ تۇردى، ئائىلە گېزىتنى كۆڭۈلسىز،
بىپەرۋا ھالدا ئوقۇدى: «ئايىغى ۋە قولى
تىنىماس بۇ ئادەم 150 نەچچە تۇياق قوي، 20
نەچچە كالا، تۆت ئېتى ۋە بانكىدا بىر نەچچە
تۈمەن پۇلى بار خوجايىن بولۇشقا قارىماي، ئورمان-
لىقنىڭ مالىيە، پارلاق ئىستىقبالىنىڭ كۆرەشكۈچىسى،
مۇھاپىزەتچىسى ئىكەن ...»، دېگەن گەپلەر ئىلھامغا
ھاياجان بېغىشلىيالىغىنى بىلەن نۇرانىيەنىڭ دائىم
تۈرۈلۈپ تۇرىدىغان قوشۇمىسىنىمۇ ئاچالمىدى. نۇرانىيە
گېزىتنى كامۇت ئۈستىگە تاشلاپ قويدى ـ دە، ئوقۇ-
ۋاتقان كىتابىنى ۋاراقلاپ جىمجىتلا ئولتۇردى.

— قانداق؟ خۇشال بولغۇدەك گەپ يوقمىكەن؟ —
دەپ خاپا بولدى ئىلھام، — مەن توغرىلىق
يېزىلغىنى ئۈچۈن ساڭا خۇش ياقمىدى ـ ھە؟ مېنىڭ
ئۈچ يىلدىن بېرىقى ئەمگىكىم، بۇندىن كېيىنكى ئارزۇ-
ئارمانلىرىم يېزىلغان ماقالە سېنى ئازراق بولسىمۇ
خۇشال قىلالمىدىمۇ؟ نۇرانىيە، مەن بۇ يەرگە بالىغا-

— نېمە؟ مۇنۇنى كۆرمەمسەن!؟

ئىلھام ئايالنىڭ قولىدىكى كېزىتنى كۆرسىتىپ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— دولقۇن بىزنىڭ پاقلانىنى ھالاللاپ يەپتۇ. باشقىلار بۇ يەردىن كېتىپلا يامان گېپىمىزنى قىلىشاتتى. قارا، دولقۇننىڭ يازغان ماقالىسىنى! راست گەپ قىلىدىغان يىگىت ئىكەن!

— دولقۇن دېگەن كىم ئۇ؟

— ھېلىقى مۇخبىرچۇ!

— ھە، ھېلىقى مەن ئاشىق بولۇپ قالغان يىگىتمۇ؟ — نۇرانىيە ئىلھامغا تەنە بىلەن ئالىيىپ قارىدى.

— ئاشىق بولساڭ بولامسەن، ئۇ نەدە، سەن نەدە؟ ئۇ سېنى ئويلايدۇ دەمسىنا. ئۇنىڭ خىيالى شان - شەرەپ، يېڭىلىق بىلەن بەنت. ئۇنداق يىگىتلەر ئۆمرىدە بىرەر ئايالنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مەن ئاڭلىق ئادەممەن. ئويلىغىنىمنى دەۋېرىمەن، سەن ئاشىق، ئۇ بولسا بىخەۋەر، سەن ماڭا كۈلكۈلۈك، ئوخشاشلا ئۇ ساڭا كۈلكۈلۈك. ئالىيسەڭمۇ، سېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى كۈلكۈلۈكلىكى، ئىككىسى بىر گەپ!

— ئالجىپ قالمىغانسىز؟

— ئوقۇ، ماۋۇ مەن توغرىلىق يېزىلغان ماختاشنى، ئوقۇ! ماۋزۇسىغا قارىغىنا: «تەبىئەتنىڭ دوستى — زامانىۋى دېھقان مۇللاق ئائىلىسىدە ئۆتكەن بىر كېچە - كۈندۈز»، قارا، بىزنىڭ رەسىملىرىمىزمۇ

شەھەرلىگەن، جەنۇبى خوتەندىن شىمالىي كورلىغىچە، غەر-
بى يەكەنـدىن شەرقى چىڭخەي چېگرىسىغىچە بولغان بۇ
يەر بۆك باغلىرى، دەريا كۆللىرى، ئاۋات شەھىرى
بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئىكەن. شەھەرنىڭ بىر دەر-
ۋازىسى ئاقسۇدا، يەنە بىرسى خوتەندە، بىرسى
چەرچەن - چارقىلىقتا، يەنە بىرسى مۇشۇ ھازىرقى
بىز تۇرۇۋاتقان يەردە ئىكەن. تۇر پادىشاھ (تۇران
پادىشاھ)، ئەپراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا)، سىياۋۇش،
كەيخىسراۋ، رۇستەم، بەرزۇ، جەھۇن ئوخشاش ئۆلمەس
داستانلارنى ياراتقان قەھرىمان سەركەردىلەر مۇشۇ
شەھەر ئۈچۈن جەڭ قىلىپ نام - شۆھرىتىنى بۈگۈن-
گىچە قالدۇرۇشقان ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ھۈنەر - كە-
سىپتە يېتىلگەن، ئەمگەكتە پىشقان پۇقرالىرى ئۆز قوللىرى
بىلەن ئاجايىپ سەنئەتلىك بىنالار، باغ - ھەرەم، تەخت،
قەسىرلىرىنى، جاھاننىڭ نە - نەلىرىدىن يىغىلغان كىتاب،
ئالتۇن - جاۋاھىر، ئەسۋاپ - ئۈسكۈنىلىرى بىلەن
تولغان مەدرىس، رەسەتخانە، شىپاخانا، سارايلارنى
ياساشقان ئىكەن، لېكىن تەبىئەت ھادىسىلىرى بۇ
سەلتەنەتلىك شەھەرنى قۇم بورانلىرى بىلەن خاراب
قىپتۇ، دەريا - كۆللەر قۇرۇپ، پۈتۈن شەھەر ئادەم-
لىرى، بايلىقى ۋە نەپەس - ئاۋازلىرى بىلەن قۇم ئاس-
تىدا قاپتۇ - دە، قۇم ئاستىدىكى شەھەر خارابىسى
ئۈستىدە نەچچە يىللاپ بوران ھۇۋلاپ، چاڭ - توزان
ئۇچۇپتۇ... ئاخىر بۇ جاي ھازىرقى تەكلىماكان
(تەكتى ماكان) غا ئايلىنىپتۇ.»

نىلىق كاتتا ئۆيى سالسەن، باغ قىلسەن، ماشىنا سېتىۋالسەن، رۇس رومانلىرىدىكى ئاجايىپ داچىلار، چەت ئەل كىنولىرىدىكى ئېستىراھەتخانىلار مۇشۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئورنىدا پەيدا بولىدۇ. بىلىمەن، سەن مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ، باي بولۇش ئۈچۈن چۆلگە كۆچۈپ چىققىنىمغا نارازى، سەن دوستلىرىڭنى، بېرىش - كېلىش قىلىشىدىغان ئۈلپەتلىرىڭنى ئەسلەيسەن. يەنە ئىككى يىل غەيرەت قىلساڭ ھەممىسى بولىدۇ. كىچىك ماشىنا بىلەن خالىغان دوستۇڭنىڭكىگە بىردەمدىلا بارالايسەن. مەن ساڭا ماشىنا ھەيدەشنىمۇ ئۆگىتىپ قويىمەن. بىز زامانىۋى دېھقان، مەدەنىي پۇقرا بولۇش بىلەنلا چەكلەنسەك بولمايدۇ. بىز يەنە قۇرغۇچى، ياراتقۇچى بولۇشىمىز كېرەك. كەلگۈسىدە بىزنىڭ بۇ توغراقلىق چوڭ شەھەر بولۇپ كەتسە، بىزنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا ماگېللاندەك، كولۇمبۇدەك، ۋاشىنگتوندەك نامىمىز قالامدۇ تېخى. «ئىلھام موللاق شەھىرى» پەيدا بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئەمدى ئويلاپ باققىنا، سېنىڭ مېنى كەچ كىرگىچە قوي، ياغاچ، ئوت - چۆپ، شاخ - شۇمبىنىڭلا كېپىنى قىلىسەن، دەپ ئەيىبلىگەنلىرىڭ ھەققانىي بولۇپتىمۇ، بولماپتىمۇ؟ مەن ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى جەڭچىمۇ - ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە جەڭچى، گەپ قىلمايسەنغۇ نۇرانىيە؟ ھەرقانداق گەپ بولسىمۇ ئېيتە، گەپ قىلماي مېنى قىينىغىچە تىللا، يۈزلىرىمنى مورلا!

«... چەكسىز تەكلىماكان قەدىمدە بىر چوڭ

بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىغىنىدەك، نۇرانىيەمۇ ئىلھامنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. ئۇ چاغلاردا ئىلھام نۇرانىيە ئۈچۈن بىر «جانلىق لۇغات»، «مۇكەممەل قامۇس» ئىدى. نۇرانىيە ئۆزى بىلمىگەن ھەممىلا سوئاللىغا بۇ «قامۇس» تىن جاۋاب ئالالايتتى. لېكىن يىللار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېتىقاد ۋە ھۆرمەت پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. «قامۇس» تولا ۋاراقلىنىپ سىرلىق خىسلىتىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇنىڭ ۋاراقلىرىدىن نۇرانىيە ئىزلىگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. يىللار ئۇلار ئارىسىدىكى تۈگىمەس سۆھبەتلەرنىمۇ ئېلىپ كەتتى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى ئىناقلىقمۇ قۇمغا كۆمۈلگەن ھېلىقى شەھەردەك كۆڭۈلسىزلىكنىڭ چاڭ - توزانلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئاددىيلاشتى:

— يەكشەنبە بازاردىن نېمىلەرنى سېتىۋالدىز؟

— كىتاب.

— نېمە؟ مەن بۇ چۆل - جەزىرىدە قىرائەتخانا ئاچاتتىمىز؟

— ئانداق بولسا قوي - كالا سېتىۋېلىڭ ...

— نۇرانىيە بۈگۈن قىيىلغان شاخلارنى توشۇشۇپ بەرگىنە!

— ۋاقتىم يوق.

— نېمە؟ كىتاب شاختىن ياخشىمۇ؟ بىلىپ قوي، بىزگە نان بېرىدىغىنى كىتاب ئەمەس، شاخ - شۇمبا

«جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈلۈك. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، ئۇ چاغدا ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى سىر - ھېكمەتلەر ئېچىلىدۇ.»

مانا بۇ مورگان ئىسىملىق بىر ئالىمنىڭ سۆزى ئىكەن. شەرقنى ئۆز تەپتى بىلەن ئىللىتىپ تۇرغان بۇ سىرلىق ماكان بىزنىڭ يېنىمىزدا يېتىپتۇ. بىز ئۇنىڭ بېشىنى دەسسەپ تۇرماقتىمىز. ئىنسان ياراتقان پۈتۈن ماددىي بايلىق قۇمنىڭ تېگىدە چىرىپ تۈگىدى ياكى ئەسرارى تىلسىمغا ئايلاندى. لېكىن ئىنسانلار ياراتقان مەنىۋى بايلىقچۇ؟ ئۇ كۆمۈلمىدى، ئۇ بۈگۈن بىزنىڭ قېنىمىزدا ...»

بۇ گەپلەر كىمنىڭ؟ نۇرانىيەگە دۇنيانى تېخىمۇ سىرلىق قىلىپ چۈشەندۈرگەن كىم ئۇ؟ نۇرانىيەنى تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇشتىن يۈز ئۆرۈپ خىيالىي گۈزەللىك ئۈچۈن ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلغان بۇ يىگىتنى كۆز ئۇيقۇغا كەتكۈچە ئىسلەش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ئېھ ئىلھام، سەنمۇ بىر يىللىرى نۇرانىيە ئۈچۈن سىرلىق ئەپسانىدەك قىزىقارلىق ۋە كىتابتەك كۆڭۈللۈك ئىدىڭ، ئۇ چاغلاردا سەن ئىلىم ھېكمەتلىرى، دۇنيا سىرلىرى توغرىسىدا نۇرانىيەگە قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتىڭ، خۇددى بىر مۇخلىس سىرلىق دىنىي جامەدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزى «ئىختىدا» قىلىدىغان ئىمامنىڭ ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان «شەرھى - ھاشىيە» لىرىنى پۈتۈن ئىخلاس

كىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان. يوغان پەنجىلىك قولىنىڭ بۆرتۈپ چىققان تومۇرلىرى لوقشىپ تۇراتتى. بۇ قانلار ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىقىپ پۈتۈن بەدىنىنى ئايلىنىدۇ، ئۇلارمۇ خۇددى ئاھام توغراقلىقتىكى بىرلا يولنى ھەر كۈنى ئايلانغانغا ئوخشاش. ئاھامنىڭ بەدىنىنى تىنىمسىز ئايلىنىدۇ، بۇ لوقشىپ تۇرغان قانمۇ بەدەن ئىگىسى ئىلھامدەك بىرلا پەدىگە توۋلايدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۆڭۈلسىزلىك ۋە زېرىكىشنىڭ مەنبەسى.

نۇرانىيە تەتۈر ئۆرۈلدى - دە، ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ چۈش كۆردى: بىر ئاجايىپ بوران تەكلىماكان قۇملىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇدەك. خۇددى چۈمپەردىسى ئېچىلغان ياش كېلىندەك تەكلىماكان قۇم پەردىسى ئاستىدىن چىراي ئېچىپ، جاھانغا كۈلۈپ قاراۋاتقۇدەك. مىڭ يىللاپ ئۇخلىغان شەھەر، ئالتۇن ھەللىك بىنا، مەقبەرە، كۈنگۈرىلىرى بىلەن كۈن نۇرىدا يالتىراپ پۈتۈن شەرق ئاسمىنىغا ئالتۇن نۇر تارقىتىپ تۇرغۇدەك. سېرىق چاچ، قارا بۇدۇر چاچ، سەللىلىك، سەرپايلىق ۋە ياغلىقلىق ھەر خىل ئادەملەر سەپ - سەپ بولۇپ بۇ شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقۇدەك. ئەتراپ قالۇن، غېجەك، راۋاب، داپتىن پەيدا بولغان يېقىملىق سادادىن جانلانغان، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن كېلىشكەن يىگىت - قىزلار دولان ئۇسسۇلى ئويناۋاتقۇدەك. نۇرانىيە ئاشۇ ياشلار

بىلەن قوي...

— نۇرانىيە نەگە بېرىپ، ئويناپ كېلەي دەيسەن؟

— ھېلىقى سىز مۇئەللىمچىلىك قىلغان مەكتەپكە.

— نېمە مەن بىلەن قېرىشماقچىمۇسەن؟ مەن مەكتەپ دېگەن بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقان، بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ھەربىرنىڭ ئاۋازىدەك قورقۇنچلۇق. سەن مېنىڭ ئاغىنىلىرىمنىڭكىگە بارغىن.

— ياق، ئۇلارنىڭ غەيۋەتلىرى چۆل بۆرىسىنىڭ ھۇۋلىشىدەك سۇرلۇك...

بەس، بۇ كۆڭۈلسىز سۆھبەتلەرنى بىرمۇ بىر ئەسلەشنىڭ ھاجىتى يوق. نۇرانىيە ھېلىمۇ ئىلھامنىڭ ئايالى، مانا ئۇ تەكلىماكان قويىنىدىكى توغراقلىق ئارىسىدا، يەكەن دەرياسىنىڭ كەچكى كۆيىنى ئاڭلاپ ئېرى بىلەن بىر ياستۇقتا يېتىپتۇ. ئەر - ئاياللارنىڭ ئەقىدە - ئارزۇسى باشقا بولسىمۇ ياستۇقى بىر بولۇۋېرىدۇ، بۇ بىرنەچچە مىڭ يىللىق چىناردەك يىلتىزى چوڭقۇر، شاخلاۋاتقان بىر ئادەت. بۇ ئادەتنى نۇرانىيە ھېچقاچان تەۋرىتەلمەيدۇ...

نۇرانىيە ئۇيقۇسىز كۆزلىرى بىلەن يېنىدا پۇشۇلداپ ياتقان ئېرىغا قارىدى. تۈپە تۈگۈلۈكتىن چۈشكەن ئاي نۇرىدا ئېرى تولىمۇ چىرايلىق، كۆركەم كۆرۈندى: قىڭراق بۇرۇن، قاپقارا قاش - كىرپىك، كەڭ پېشانە، تاتىراڭغۇ چىراي ... ئۇنىڭ نۇرانىيەنىڭ نازۇك بىلە-

— قورقۇۋاتىمەن، ئىلھام.

— نېمىدىن؟

— بىر دۆۋە قۇم كۆچۈپ كېلىپ ئۆيىمىزنى بېسىۋالىدىغاندەكلا قىلىدىغۇ؟

— بىكار گەپ، قۇملار كۆچمەيدۇ. قۇم دۆڭلىرىنى كىرانلار بىلەنمۇ قىمىرلىتالمايسەن.

— تەكتى ماكان شەھىرىنى ئەجەب قۇم بېسىۋاپتىكەنغۇ، ئەمىسە؟

— ئۇ دېگەن ئۆتمۈش. يەر شارىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان مەزگىل. ھازىر دېگەن يەر شارى تۇرغۇن، چوڭ ئۆزگىرىش ئاسانلىقچە بولمايدۇ، قورقما، يەر شارىنىڭ يوقىلىشىغا يەنە تېخى 50 مىليارد يىل بار. ئاڭغىچە ئىنسانلارمۇ باشقا پلانېتلارغا كۆچۈپ بولىدۇ. يات، ئۇخلا، بوراندىن نېمە قورقىسەن، بوران دېگەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئەللىيسىدەك يېقىملىق، ئۇخلا نۇرانىيە!

ئىلھام كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئايالىنى يوتقانغا ئېلىپ كىردى...

— قويۇۋېتىڭ، چىشىمغا تەگمەك دەيمەن، توختىڭ، سىزدىن سورايدىغان گەپ بار!

— ھە، سۆزلە!

— سىز تەكتى ماكانغا راستلا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ھېلىقى شەھەر خارابىسىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆردۈمنى دېگىنىنى؟ ئۈچ كۈن شۇ يەردە توغراق سۆيىنى ئىچىپ، زاغرا غاجاپ ياتقان تۇرسام!

ئىچىگە تەلپۈنۈۋاتقۇدەك. ئىلھام ئۇنىڭ پۇتلىرىغا يامىشىۋېلىپ ماڭغۇزمايۋاتقۇدەك:

— تەكتى ماكاننىڭ ئاچقۇچى تېپىلدى، مېنى قويۇۋېتىڭ، ئىلھام!

— ياق، مەن سېنى چۆلگە ئېلىپ كېتىمەن!

— قويۇۋېتىڭ، مەن ياشلار بىلەن ئويۇنسۇل ئوينايمەن!

— مانا ساڭا ئويۇنسۇل، مېنىڭ تايىقىم، مېنىڭ مۇشتۇملىرىم سېنى راسا ئوينىتىدۇ!

ئىلھام نۇرانىيەنى قۇمغا يىقىتىپ ئۇرۇۋاتقۇدەك، دەسسەۋاتقۇدەك، مانا ئۇنىڭ ئاياغلىرى نۇرانىيەنىڭ يۈرىكىگە توغرىلاندى!

— ۋاي خالايىق!

ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىگە پاتماستىن تېپچەكلىمەكتە. ئۇنى قارا باسقان: بۇ قارا ئىلھامنىڭ ئېغىر پۇتلىرى ئىكەن. ئۇ نۇرانىيەنى ئېغىر، يوغلۇق يانپاشلىرى بىلەن بېسىۋاپتۇ.

— تارتىڭ، پۇتىڭىزنى، تارتىڭ دەيمەن. ئوغلاقنى چاتلىغاندەك قىلىپ ... مەن نېمىتىم سىزگە!...

نۇرانىيە ئىلھامنىڭ پۇتلىرىنى ئىتتىردى. ئىلھام ئويغاندى:

— نېمە بولدۇڭ، نېمىگە ئۆندەرەيسەن؟ بوران چىقىۋاتىدۇ، قورقما، ئۆيىمىزنى ئەكىتەلمەيدۇ. توغراقلىق بىزنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇخلا، نېمىگە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدىڭ؟

يىسەن؟

— ئالتۇن تاپالمىغان بىلەن باشقا نەرسىلەرنى تاپقانسىلەر؟

— تاپتۇق. ئەسكى - تۈسكى داتلاشقان بىر نېمىلەر، تاشلار، ساپال سۇنۇقلىرى. قارفورلار... سۇنۇق ياماقلا يارىمايدىغان نېمىلەر... ئۇخلا دەيمەن. قارا، بوران ئەدەۋاتىدۇ!...

— ئەدىسۇن، كۆمۈلۈپ قالغان شەھەرنى يالىڭاچلىسۇن!...

ئەتىگەنلىكى نۇرانىيە شەرق قىزارغانىدا تالاغا چىقتى. كېچىچە ئۇلارنىڭ ياغاچ ئۆينى تىترىتىپ گۈركىرىگەن بوران توختىمىغان، ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى قېرى توغراق يىقىلغان. ئۇنىڭ يېنىدا بىرلا كېچىدە ئۆي بىلەن تەڭ بىر قۇم دۆۋىسى پەيدا بوپتۇ. ئۇلارنىڭ تونۇرى قۇمغا يېرىم كۆمۈلۈپتۇ. باشقا يەرلەر كۈندىكىدىن پاكىز، سۈزۈك بولۇپ، ئىلھام ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئورماننى ئارىلىغىلى كېتىپ قاپتۇ، ئۇ بوراندا يىقىلغان توغراقلىرى بىلەن قۇمدا كۆمۈلگەن ياش كۆچەتلىرى توغرىسىدا كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەيلى، ئۇ شۇنداق قىلسۇن.

نۇرانىيە بولسا بورانلىق كېچىدىن كېيىن، تۇپە شاخلىرى قۇياش نۇرىدا يېلىنجاۋاتقان ئورماننى ئارىلاپ شەرق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يالىڭاياق، كۆڭلەكچان. ئۇ خۇددى باغلاقتىن قاچقان ھوزىيىنى تۇتماقچى بولغاندەك تېز يۈگۈرەيتتى. ئۇ بەزىدە مۆ-

— نېمه قىلدىڭىز ئۇ يەردە؟

— قاسىمەك تازىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئالتۇن تاپىمىز دەپ قۇم كولىدۇق خوتۇن، ھەي، ئۇنى سورىماڭلا قوي، قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغىلى تاسلا قالدۇق.

— قانداق قىلىپ؟

— قۇمدا ئۇخلىدۇق. ھېلىمۇ ياخشى ئەڭ ئېگىز دۆڭگە چىقىپ كۆيۈپ تۇرىدىغان قۇم ئۈستىدە ئۆسكەن قومۇشلىقتا ئۇخلىغىنىمىز، ئەتىگەنلىكى قوپساق بىر چارەك قىلىنلىقتا قۇم بېسىۋاپتۇ. باشقا يەردە ياتقان بولساق، قۇم ئاستىدا قالاتتۇقكەن.

— راستلا ئۇ يەردە خورازلار چىللاپ، ئىتلار قاۋىشامدىكىنا!؟

— ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىمىدىم، ئەمما خورازلار چىللاشتى. بۇلار قەدىمكى شەھەر قۇمغا كۆمۈلگەندە سالامەت قالغان توخۇلارنىڭ نەسىللىرى...

— توخۇمۇ نەچچە مىڭ يىللار ياشامدۇ، قانداق ياشايدۇ؟

— دېگەن گېپىنى، ئالقات، چۈچۈك بويا ئۇرۇقى... ئۇلار يەيدىغان دان كۆپ تۇرسا نېمىشقا ياشىيالمايدۇ...

— ھەيتاڭەي... قىرغاۋۇل ئەمەستۇ؟

— قىرغاۋۇل بىلەن توخۇنىڭ پەرقىنى قالتىس بىلىمىز بىز. قىرغاۋۇل خورىزى ئۇزۇپ - ئۇزۇپ، تۇزلا چىللايدۇ. توخۇ دېگەن سوزۇپ - سوزۇپ ئەگىتىپ چىللايدۇ - يا. ئۇخلا دەيمەن، يەنە نېمىگە چەكچىي-

يەت مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنە ئاچقۇچى تېپىلسا، نۇرانى-
يە تەكلىماكان تەنتەنىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسە،
ھېلىقى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كېلىشكەن ئادەملەر
بىلەن بىللە دولان ئۇسسۇلى ئويناشقا قاتناشسا...
سىرلىق تەكلىماكان قۇياش نۇرىدا نۇرلاندى،
ئۇنىڭ ئۇپۇق سىزىقى بىلەن تۇتاشقان قۇم دۆڭلىرى
خۇددى راھەتلىنىپ كۆشەپ ياتقان تۆگىلەر پادىسى-
غا ئوخشايدۇ. بىر يەرلىرى كۆلرەك، بىر يەرلىرى
سارغۇچ، بىر يەرلىرى كۈمۈشتەك ئاپئاق - يالتىراق كۆ-
رۈنىدىغان تۈزلەڭلىكلىرى قىزىل، يېشىل، بىنەپشە، سې-
رىق، ھال... نۇرلارنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار يەر
شارىنىڭ كۆكسىدىكى مەرۋايىت، دۇردانە. جاۋاھىر،
زەرمارجانلار. شەرققە سىنچىلاپ قارىسىڭىز، سىمابتەك
يالتىراق بىر خىل گاز ئېقىمى جەنۇبتىن شىمالغا ئې-
قىپ، يۇپقا تۇمان پەردىسى ئىچىدە غىلىلداپ تۇرى-
دۇ. شەرققە قاراپ راۋان ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسى
بويىدىكى چەكسىز ئورمانلىق بولسا، كېچىچە چىققان
بوراننىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن چارچىغان بولسا كېرەك، جىم-
جىت سەھەر ئۇيقۇسىنى باشلىغان... نەلەردىدۇر قىر-
غاۋۇل خورىزى چىللىماقتا...
— نۇرانىيە، نۇرانىيە ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ماڭ، چاي
تەييارلا، مەن پاقلاننى تەييارلاپ قويدۇم. بىلەم-
سەن، بوراندا يىقىلغان توغراقلارنى ئەرزان باھادا سې-
تىپ بەرگىلى باشلىقلار كېلىدۇ، چاسا مەيداننىڭ ئۆزى-
دىلا 86 تۈپ چوڭ توغراق يىقىلىپتۇ. دەر-

دۈرۈپ يىقىلىپ، بەزىدە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋېلىپ شەرق-
قە قاراپ يۈگۈرۈۋەردى. بەزى يەرلىرى قويۇق،
بەزى يەرلىرى تاقىراق ئورمانلىق ئۆزەڭگىدا تونۇش، ئۇ
توغراقلا تېرەك ئۆلاش، شاخ قىيىش، چۆپ ئورۇش
ئىشلىرى بىلەن بۇ يەرلەردە بولغان، ئۇ ئىلھام بىلەن
بىللە يۈرۈپ نۇرغۇن قېرى توغراقلارغا ئىسىم قويغان...
كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە، ئۇ قۇم تاغ باغ-
رىغا ياماشتى. قۇم تاغ — كۆلرەڭ، سارغۇچ قاتلام-
لىق، بەزى جايلىرى تاشقا ئايلانغان، بەزى جايلىرى
تالقاندەك يۇمشاق قۇم تىزمىسى، ئېگىزلىكى 70 — 80
مېتىر كېلىدىغان بۇ ئەڭ چوڭ قۇم دۆۋىسىنى ئۇلار
قۇم تاغ دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ چوققىسىدا كۆركەم توغراق-
لار، ياپپېشىل قومۇشلار بار. قۇم تاغ چوققىسىدا ئۆس-
كەن قومۇش ئۆمۈر بويى سۇ كۆرمەيدۇ. لېكىن ئۇ بې-
لىق كۆللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈنجىرە ۋە خىمىيىۋى
ئوغۇت بىلەن ئاينىغان قومۇشلاردىن قېلىشمايدۇ، ئۇ-
نىڭ غوللىرى سۇ قومۇشلىرىنىڭكىدىن مەزمۇت، چۈنكى
ئۇ چۆل بورانلىرى بىلەن ئېلىشىپ پىشقان...
نۇرانىيە قۇم تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ
شەرققە سۇنايلىنىپ ياتقان چەكسىز قۇملۇققا قارىدى:
تەكلىماكان تېخىلا ئۇيقۇدا، ئاخشامقى بوران ئۇنى
ئويغىتالماپتۇ، چۈشىدە كۆرگەن بوران چىقسا بولماس-
مىدى! بوران ھەممىنى ئويغاتسا، قەدىمىي شەھەر قۇم
ئاستىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۇيقۇسىنى تاماملاپ، كېرىلىپ را-
ھەتلىنىپ مۇنۇ بىز ياشاۋاتقان جاھانغا قارىسا، ئىنسانى-

لارلى تېرىپ كېلىمەن. كىم بىلىدۇ، ھېلىقى ئاچقۇچ
بۈگۈن يەر بېتىگە چىقتىمۇ تېخى!

— ئالجىپسەن، ساراڭ بوپسەن، ماڭ شەقىقە، تولا جۆيلىمەي ماڭ!

ئىلھام ئايالىنىڭ قولىدىن شۇنچىلىك قاتتىق تۇتتىكى، ئۇ بەلكى ئورمانلىقتىكى ياۋا شاخلارنىمۇ بۇنچىلىك چىڭ تۇتمىغان بولغىيتتى. ئۇ ئايالىنى شۇنداق قاتتىق سىلكىپ سۆرىدىكى، ئايالى ئۇنىڭ نەزىرىدە تونۇرغا قالايدىغان شاخ - شۇمبىغا ئايلىنىپ قالدى. بايىلا ئايال كىشىنىڭ يالىڭاياق پۇتىنىڭ ئىزى چۈشكەن يۇمشاق قۇم ئۈستىگە ئەمدى شۇ ئايالنىڭ بەدەن ئىزى — ئارزۇلۇق يۈرىكى تىنىمسىز تىپىرلاۋاتقان گەۋدىسىنىڭ ئىزناسى چۈشتى. نۇرانىيەنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلدى، قوللىرى بوغۇلدى، يامپاشلىرى سۇرۇلدى. ئۇ ئازاب بىلەن ئىڭراپ يېلىندى:

— ئىلھام، مېنى ئۆلتۈرەمسىز؟

— مەن ساڭا بۇندىن كېيىن كىتاب ئوقۇغۇزمايمەن، ئىلىم توغرىسىدا، ھېلىقى مۇخبىردەك زامانىمىزنىڭ دونكىخوتلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە، ئويلاشقا رۇخسەت قىلمايمەن. بىز بۇ چۆل - جەزىرىگە پۇل - دۇنيا، بايلىق - پاراغەت ئىزلەپ كەلگەن. ھەرگىزمۇ ئىلىم، مەدەنىيەت توغرىسىدا خىيال قىلغىلى، ئىستىقبال توغرىسىدا سۆزلىگىلى كەلمىگەن، ماڭ! ماڭمىساڭ شاختەك سۆرەيمەن، ئوتۇندەك پارچىلايمەن!

— مەن ئادەممەن!— نۇرانىيە ئېرىنىڭ قوللىرىـ

يا ياقىسى، قاراڭغۇلۇق، بەش داۋان تەرەپلەرگە بارمىدىم تېخى، ئىش قىلىپ، بىرەر يۈز تال خەپۈتتى، جەگە، ۋاسا، شاخ - شۇمبا دېگەنگە تىنىدۇق خوتۇن. ئىككى قەۋەتلىك، ئاستى - ئۈستى بولۇپ ئۇن ئېغىزلىق ئۆي پۈتتى. ئىلھام موللاق شەھىرىنىڭ بىرىنچى ئۆيىگە ئۇل قويۇلدى دېگەن سۆز. ماڭ خوتۇن، بۈتتەك ئولتۇرماي، راسكالىقىڭنى قىل دەيمەن.

— ياق، ئۆزىڭىز قىلىڭ!

— نېمە؟ سەن نېمە قىلىسەن؟

— مەن خىيال قىلىمەن!

— نېمە خىيال؟ مەن سىنى ئاشنىسى توغرىلىق كۈن بويى خىيال قىلسۇن دەپ خوتۇنلۇققا ئالغانمۇ؟ قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولسۇن، خىزمىتىمنى قىلسۇن دەپ ئالغانمەن! ماڭ دەيمەن، بۈگۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت!

— ماڭمۇ؟ تېپىلغۇسىز پۇرسەت!

— سەن نېمە قىلماقچىسەن؟

— بوراندىن كېيىنكى تەكلىماكاننى كۆرىمەن!

— نېمىسىنى كۆرىسەن؟

— قەدىمكى شەھەرنى كۆمۈپ تاشلىغان بورانلار ئۇنى جەزمەن ئۆزى ئاچىدۇ. قانچىلىك ئاچىدىكىن، نېمىلەرنى يەر بېتىگە چىقاردىكىن، شۇلارنى كۆرىمەن!

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، خوتۇن؟

— كۆردىڭىزمۇ، قۇملۇقلارنىڭ بېتىدە ئالتۇن، مەرۋايىت، ئېسىل تاشلار يالتىراۋاتىدۇ. مەن بېرىپ ئۇ-

غۇز ئۆيدە چېلىنىۋاتقان ساز، ئېيتىلىۋاتقان ناخشا، ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇللاردىن خۇشال بولمىغان مېھمان يوق. ئىلھام موللاق بولسا، ئەتىگەنكى ئايالى بىلەن قىلىغان ماجىرانى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان. ئۇ مېھمانلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن چالا مەست بولۇۋېلىپ بىردە پىيادە، بىردە ئاتلىق چېپىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ قەلبى بۈگۈنكى تەنتەنە، ئەتىكى غەلىبە، كەلگۈسىدىكى ئامەت - پېشانە خۇشاللىقى بىلەن شادلانغان، ئۇنىڭغا ھايات كۆگۈللۈك، توغراقلىق ئاۋات، دەريا بويلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن گۈزەل، يورۇق بىلىنمەكتە ئىدى.

لېكىن خۇشاللىق بار يەردە خاپىلىقمۇ بولىدۇ. بۇمۇ خۇددى يورۇقلۇق بار يەردە، سايە - گۈڭگىلىق بولغاندەكلا بىر ئىش. بۇ خاپىلىق يالغۇزلا نۇرانىيەگە مەنسۇپ: ئۇنىڭ قەلبى ئازاب، ئەلەم ۋە خۇرسىنىش ئىچىدە پۇچىلانماقتا. كۆز ياشلىرى بولسا بېلىق كۆزى قىلىنغان قەدەھتىن تامچىلىغان شارابتەك داۋالغۇپ تۆكۈلمەكتە. ئۇنىڭ قۇلىقىغا نە تەنتەنە سادالىرى، نە مېھمانلارنىڭ خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن يۇغۇرۇلغان تاتلىق گەپلىرى، نە دەستىلىكىدىن شەھۋەت ئىشتىھاسى ئۇرلىگەن مەمەدانە يىگىتلەرنىڭ قانات سۆرەپ ئېيتىشقان ئىشق - مۇھەببەت قوشاقلىرى... ئومۇمەن ھېچنېمە كىرمەيتتى. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى يىراق يەرلەردە: قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىشىدىغان ئادەملەر، ھاياتنى ئۆزگەرتىش، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن ياشلار، بالىلار بىلەن ئاۋاتلاش-

دىن سىلكىنىپ بوشاندى، قەددىنى رۇسلىدى، — مەن
ئادەممەن، ئۆز ئىستىقبالىم ئۈچۈن كۈرەش قىلالايمەن!
— ئىستىقبال؟ نېمە ئۇ؟ بىلەمسەن، ئىستىقبال،
غايە، بەخت دېگەنلەردىگىنىڭ ھەممىسى پۇل، پۇل بولماي-
دىكەن سېنىڭ ئاۋازىڭ، كۆز نۇرىڭ، بەدىنىڭدىكى قې-
نىڭمۇ تۈگەيدۇ، مەن سېنى باشقىدىن ئوقۇتىمەن: خى-
يال ئۈچۈن يالىڭاياق يۈگۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ بىر نا-
داننىڭ، ساراڭنىڭ ئىشى، يالىڭاياق يۈگۈرۈشكە توغ-
را كەلسە، بىرلا نەرسىگە — پەقەت پۇلغىلا يۈگۈرۈشكە
بولىدۇ. مانا بۇ ھايات بىلىمى، ئىنسان ھەقىقىدىكى
ھەقىقەتنىڭ يەكۈنى — جەۋھىرى!
بوراندىن كېيىنكى ئورمانلىق غەمسىز يۈرەكتەك
قۇپقۇرۇق، غايىسىز قەلبتەك جىمجىت ئىدى. بۇ
ئورمانلىقنىڭ يەكەن دەرياسى بىلەن تۇتاشقان تەرى-
پىدە بۈگۈن كەچكىرگىچە ماشىنىلار گۈركىرىشىپ، ئادەم-
لەر شاۋقۇن — سۈرەت سېلىشتى: ئۇلار ۋارقىراشتى،
كۈلۈشتى، ناخشا ئېيتىشتى، خۇشاللىقتىن بىر — بىرى-
نى ئەپسانە تىللار بىلەن تىللاشتى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەم-
مىسى ئىلھام موللاقىنىڭ ئۆيىدە، ھويلىسىدا، بېغىدا ۋە
ئورمانلىرىدا بولدى. ئادەملەر ئىلھام موللاقىنىڭ پاق-
لان گۆشى، ئىسسىق نان، سامسىلىرى، ھاراق — پىۋىلى-
رى بىلەن مېھمان بولۇشتى. ئۇلار ئىلھامنى بايلىقى،
پاراستى، جاسارىتى، پىلانلىرى بىلەن ماختاشتى، تەب-
رىكلەشتى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئۇتۇق، بەخت، بايلىق
تىلەپ رومكا كۆتۈرۈشتى، چۆل ئورمان ئىچىدىكى يال-

دىن كېيىنكى كېچىنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى دەريا قىنىغا پاتماي قالىدۇ؛
ئۇ كۈندۈزلىرى ھېچنەرسە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، بۇر-
لى كۆپكەن يىگىتكە ئايلىنىدۇ - دە، ئىككى قىرغاقنى
سىلكىپ - نوقۇشلاپ، مەستلەردەك ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئا-
ۋازىدىكى ھەيۋە قەپەزدە زېرىككەن ئارسلاننىڭكىدەك.
ئۇنىڭ رەڭگى كىشىنى مەست قىلغۇچى موڭغۇل بوزىس-
دەك بولۇپ قالىدۇ - دە، قىرغاقتا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئال-
دىراقسان، تەلۋە ئېقىنىغا قارىساڭ بېشىڭ قايىدۇ، تې-
نىڭ شۈركىنىدۇ، كۆزۈڭ قامىشىدۇ. قىرغاقلاردىكى بىھې-
ساب تال - توغراقلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تازىم قى-
لىشلىرىنى كۆرسەڭ، سېنىڭمۇ ئۇلارغا قېتىلىپ، رىتىم
بىلەن تازىم قىلغۇڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ساھىب-
قىران چاغلىرىدا ئېيتقان ناخشىلىرىنىڭ مەنىسىنى بىل-
گۈڭ، ئۇنىڭغا قېتىلىپ، ۋارقىرىغىڭ؛ ھايات، ئىنسان
ۋە ئۇلارنىڭ سىرلىرى ھەققىدە ناخشا توقۇغۇڭ كې-
لىدۇ...

نۇرانىيە قىرغاقتا تۇرۇپ، ھەيۋەتلىك دەرياغا
ئۇزاق قارىدى. يېڭىدىن يېڭى قايىنام، چۆگىلىمەچ
دولقۇنلارنى پەيدا قىلىپ، ئانا تۇپراقنى قانغۇچە سۆ-
يۈپ ئالدىراپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى نېمە دەيدىكىن؟
«سەنمۇ ئاق، گۈزەل كۆل بولغۇچە، بۇزغۇنچى دۆس-
تەڭ بول» دەمدىكىن؟ «سۆيگۈنىڭ قىممىتى ھەرىكەت -
ئېقىندا، بىز ئاقمىغان بولساق ھايات كۆلمەيتتى، تە-
بىئەت ياشنىمايتتى، ئانا يەرمۇ موزىيىغا ئۇۋىغان سى-

قان شەھەرلەر، سىرلىق تەكلىماكان، قارلىق تەڭرىتاغ، كوئېنلۇن، مىسلىسىز ئىزلار چۈشۈپ، قانلار تۆكۈلگەن يىراق جۇڭغار — ئالتاي... ئۇمۇ مەن. ئىنسانىيەت ياشاۋاتقان ۋە ياشاپ ئۆتكەن يەرلەرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى...

— نېمىگە تۇتۇلۇۋالدىڭ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەنا؟ دولقۇننى چاقىرمىدىم، شۇنىڭغا خاپىسەن. سەن بۇزۇلدۇڭ، مەندىن چاندىڭ، مېنى قېرى، سەت كۆردۇڭ. لېكىن مەن ئاڭلىق ئادەممەن، ئۇرمايمەن، تىللىمايمەن.

— ئاڭلىق ئادەم كىشىگە قارا چاپلىمايدۇ!

— نېمە، قارا؟ راست گەپ قىلىش قارا چاپلاش ئەمەس، سېنىڭ ئېسىڭ - خىيالىڭ دولقۇندا، بولمىسا نېمىشقا مېنىڭ مېھمانلىرىمغا قاپاق ئاچمىدىڭ؟ بىلەمسەن، بۇلار ھەقىقىي ئادەملەر. ماڭا 130 توپ يىقىلغان توغراقنى شاخ - شۇمبا باھاسىدا بېرىۋەتتى. مەن ئەتىلا بازارغا كىرىپ ئۇستىلارنى باشلاپ چىقىمەن. شۇنداق ئاجايىپ ئۆي سالايلىكى، سەن بۇ ئۆيگە خۇددى 100 يىللىق چىنارغا زەنجىر بىلەن باغلانغان دىۋىدەك، مىدىر - سىدىر قىلالماس بولۇپ باغلىنىسەن. بىلىپ قوي، گىلەم زاۋۇتىدا ئون پارچە گىلەممۇ بۇيرۇتۇپ قويىمەن. «ئىلھام موللاق شەھىرى» نىڭ تۇنجى ئۆيى خان سارىيىدەك ياسالسۇن. ئايال دېگەن چىۋىن، گۈزەل ئۆي ھەسەل شىرنىسى، ئاياللارنىڭ گۈزەل ئۆيگە تۇمشۇقى تەگسىمۇ، چاپلىشىپ قالىدۇ...

ئۇلار مۇشۇ سۆھبەتلەر بىلەن مېھمانلار ئۇزىغان-

تەييارلىق قىل، ئەمدى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۆزگىرىدۇ بىز ھايات پەلەمپىيىنى دەسسەپ يېڭى قاتلامغا كۆتۈرۈلىمىز، ماڭ تەييارلان!

ئىلھام موللاق كەچقۇرۇن راستلا ئۇنى نەچچە ئادەم باشلاپ كەلدى. ئۇ ھاياجان ۋە خۇشاللىق بىلەن ئۆيىگە كىردى — دە، ھاڭ — تاڭ قالدى: ساندۇقلار ئوچۇق، ئايالىنىڭ كىيىملىرى يوق ئىدى. تامغا چاپلاغلىق تەقدىرنامە ئۈستىدە دوم ياتاتتى. ئىلھام تەقدىرنامىنىڭ كەينىگە يېزىلغان مۇنداق گەپلەرنى ئوقۇدى: «خەير — خوش ئىلھام. ناھايىتى ئەپسۇس. مەن سىزنىڭ پەيدا بولغۇسى شەھىرىڭىزنىڭ پۇقراسى بولالمايدىغان بولدۇم. مېنى ئىزلىمەڭ، كۈتمەڭ، نەگە ماڭغانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم ئەمەس...»

— ئىزلەيلى! — دېيىشتى ئۇستىلار خەتكە قايتا-قايتا قارىشىپ چىقىپ، — نەگە كېتەتتى، چۆلگە قاچىدىغان بۆرە كۈچۈكى ئەمەس، ئۇ ئادەم!

لېكىن ئىلھام دەريا بويىدا ئۈن — تىنسىز زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى نەم قۇم ئۈستىدىكى ئاياغ ئىزىغا تىكىلگەن. ئىز ئۇنىڭغا تونۇش، ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئىز ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى يادلىدى:

— نۇرانىيە!

ئۇنىڭغا جاۋابەن دەريا ھەيۋەتلىك گۈركىرىدى. تارىم ئالدىراپ ئاقماقتا. ئۇ ھەرگىز، ھەرگىزمۇ كەينىگە ئاقمايدۇ!..

يىردەك ئۆسۈپ بەرمەيتتى. سەنمۇ ئاق، قەيەردە سىرھېكمەت بولسا شۇ يەرگە قاراپ ئاق، ھاياتنىڭ لەززىتى ئېقىندا...» دەمدىكىن - يا؟...

دەريانىڭ تونۇش ئاۋازى، تونۇش دولقۇن، تونۇش ئۆركەشلەر نۇرانىيەنى سىرلىق بىر دۇنياغا — ھاياتنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن زۆرۈر لېكىن قىممەتلىك بولغان بىر يېڭى قاتلىمىغا دەۋەت قىلماقتا. ئۇنىڭ ئىنسانلارغا نېمىلەرنىدۇر سۆزلىگۈسى، مۇنۇ دەريادەك چۇقان - سۈرەن سېلىپ كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى. بىر ئۆمۈر بۇرۇختۇم بولۇپ، تەغدىرنىڭ قارا تامغىسى بېسىلغان «ئاياللىق بۇرچ» نى قوغدىسۇنمۇ؟ ئۆزىنى زورمۇ زور يالغان «ساداقەت»، «پاكلىق» نىقابى بىلەن چۈمكەپ ئازابلىسۇنمۇ؟ ئۇ ئىنسانلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ھەممىلا نېمىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق. شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۆز نېسىۋىسىگە قول سوزالمايدۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئۆز خاھىشى - ئىرادىسىنى ئۆز ھاياتىنىڭ مېغىزى قىلالمايدۇ؟ دۇرۇس، ھايات بېقىندىلىق، يۆلىنىش، بويسۇنۇشلارنى رەت قىلالمايدۇ. لېكىن ھەرقانداق بىر سودىنىڭ پايدا - زىيىنى بولغىنىدەك، يۇقىرىقى ئاتالمىلار ئىستېمال قىلىنغاندا ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر نېمىگە ئېرىشىش زۆرۈرغۇ؟ شۇنداڭ ئۈچۈن ئىنسان دەريادەك ھەرىكەتچان، قۇم ئۈستىدە ئۆسكەن قومۇشتەك ئۈمىدۋار ئەمەسمۇ!؟

— نۇرانىيە، مەن ئۇستا باشلاپ كېلىمەن، سەن

— سەھەردە بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن، ئاچا.

— تەبىئەت بىزنىڭ ئانىمىز. تەبىئەت بىزنى باقىدۇ ئۇكام.

— قۇشقاچلارنىچۇ؟

— ھەممىنى باقىدۇ: ئات ـ كالا، قوي ـ توخۇ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىمۇ باقىدۇ.

— قويلارنى بىز ئوت يۇلۇپ باقىمىزغۇ ئەمەسمە؟

— ئوتنى بىزگە تەبىئەت بېرىدىغاندۇ؟

— بىز يەرنى سۇغارمىساق ئوت ئۆسمەيدۇ. تەبىئەتنى بىز باقىمىز.

ئوت ئېلىۋاتقان قىزلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دادىسى كۈلۈپ كەتتى. ئۇ كىچىك قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— ئۇنداق دېمەك قىزىم، تەبىئەت ئاڭلاپ قالىدۇ،— دېدى.

ئامانگۈل ھەيران بولۇپ يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتتى:

— تەبىئەتنىڭ قۇلىقى بولامدۇ؟


— قۇلىقى بار قىزىم،— دېدى دادىسى كۈلۈپ،— ئاۋازى بار، ھەرىكىتى بار نەرسىنىڭ نېمىشقا قۇلىقى بولمايدىكەن؟

— يالغان...

— ئاڭلاپ باققىنا،— دېدى ھەدىسىمۇ دادىسىنى قوللاپ،— تەبىئەت مۇزىكا چېلىۋاتىدۇ.

ئامانگۈل تىڭشاپ باقتى، راستتىنلا قومۇشلۇقتىن

# قومۇشلۇقنىڭ چۈشى



ئايگۈل بىلەن ئامانگۈل دادىسى بىلەن تەڭ سەھەردە ئېتىزغا چىقتى. ئېتىز تولىمۇ سالقىن، كۆكۈللۈك ئىدى. دەرەخلەر سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدا ياپراقلىرىنى شالدىرلىتىپ خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك، قۇر - قۇر ئۆسكەن كېۋەزلەر ئۇيقۇسىنى قاندۇرۇپ، پاكىز يۇيۇنۇپ يەر بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك، دالا قۇشلىرى چۇرۇقلىشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئايگۈل ھاياجانلاندى: «تەبىئەت نېمانچە گۈزەل!» دېدى ئۇ.

توققۇز ياشلىق ئامانگۈل 12 ياشلىق ئاچىسى ئايگۈلدىن سورىدى:

— ئاچا، تەبىئەت دېگەن نېمە؟

— يەر، ھاۋا، سۇ، دەل - دەرەخ، ھەممىسى تەبىئەت.— ئايگۈل ئۇماق سىڭلىسىنىڭ سوئالىدىن خۇشال بولۇپ قايتۇرۇپ سورىدى:

— تەبىئەت چىرايلىقمىكەن ئۇكام؟

چىقىپ، ئاماننىساخاننى سەھنىدە كۆرسىتىپتۇ. ھەدىسى-
نىڭ خىيتىنى ئۇقۇپ ئىنى - سىڭىللىرى ئاماننىساخاننى
تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. چوڭلىرى بىز ئۆينىڭ
ئەڭ كىچىكى ئامانگۇلنى «ئاماننىسا» دەپمۇ ئاتاشتى.

— دادىسىنىڭ مەنىلىك گېپى كىچىككىنە ئامانگۇلنىڭ
يۈرەك تارلىرىنى تىترەتتى.

— قومۇشلار ئاماننىسانىڭ ناخشىلىرىنى بىلەمدۇ
دادا؟

— بىلىدۇ بالام، — دېدى دادىسى ئىككى قىزىنىڭ
قولىنى تۇتۇپ، — ئاماننىساخان سىلەرچىلىك ۋاقىتلىرى-
دا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇۋۇچىلىق قىلىش جەريانىدا
ئىجاد قىلغان بوم باياۋان، زىل باياۋان، خۇدەك بايا-
ۋان، جولا مۇقاملىرىنى كۆپ ئاڭلىغان. دولان ئۇسسۇللى-
رىنى كۆپ كۆرگەن، ئوينىغان. ئۇ يەنە قومۇشلارنىڭ،
دەرەخلەرنىڭ، سۇلارنىڭ. خىلمۇخىل قۇشلارنىڭ
ناخشىلىرىنىمۇ كۆپ ئاڭلىغان. شۇڭا قىزلىرىم، ئۇ نۇر-
غۇن مۇزىكا، ناخشىلارنى ئىجاد قىلالىغان. ئابدۇرېشىت-
خاننىڭ ياردىمى، يۈسۈپ قەدىرخاننىڭ جان كۆيدۈرۈشى بىلەن
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلمەس مۇزىكا ناخشىلىرى
بولغان 12 مۇقامنى رەتلەپ، - توپلاپ بىزگە قال-
دۇرالىغان.

ئۇ كىشىلەرگە تارىخ توغرىسىدا ئوقۇغان، ئاڭلى-
غانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئامراپ. بىر ئېغىز يېڭى
سۆز ئاڭلىسىمۇ بىرسىگە سۆزلەپ بەرمىسە ئىچىنىڭ ئۇي-
قۇسى كەلمەيتتى. بۈگۈن ئۇ قىزلىرىغا يەكەن توغرىسى-

خۇددى مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋازلار: شىلدىر - شىلدىر، چاكۇر - چۇكۇر، چىڭ - چىڭ، تاق - تۇق ئاۋازلار ئاڭلانماقتا ئىدى...

قىزچاق خۇشال بولۇپ چاۋاك چالدى:

— خۇددى ئاچام ئىككىمىزدەك، بىرسى دۇتار چالماقتا، بىرسى داپ ئۇرماقتا، بىرسى سازغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

قومۇشلۇق① ئامانىساخاننىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى دادىسى كەڭ دالانى كۆرسىتىپ، — قومۇشلۇق ئۆزىنىڭ قىزىنى سېغىنغان ئوخشايدۇ.

ئامانگۈلنىڭ دادىسى بىلىمگە ئامراق، سەنئەتكە خۇشتار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە كىتاب كۆپ، چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى بار. ئالتە بالىسىنىڭ ھەممىسىلا ناخشا - ئۇسسۇل، كىتاب خۇمارى. ئۇ خەلق ئىچىدە دائىم: «ئامانىساخان بىزنىڭ مەھەللىلىك. بىزنىڭ ئۆيىمىز ئۆز ۋاقتىدىكى مەھمۇت ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنى. بىز تېرىۋاتقان يەرلەر ئابدۇرشىتخان ئوۋچىلىق قىلغان قومۇشلۇق!» دەيتتى ۋە بالىلىرىغا ئامانىسا، ئابدۇرشىتخان، 12 مۇقام توغرىسىدا دائىم ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى. شۇنداق بولغاچقا، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئامانىساخاننى ياخشى بىلەتتى. بۇ ئۆينىڭ بېيجىڭ سەنئەت شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتقان چوڭ قىزى «ئامانىسا» ناملىق درامىدا باش رولغا

---

① قومۇشلۇق — مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىسىدىكى بىر كەنت — ئامانىساخاننىڭ تۇغۇلغان يۇرتى.

مەتكە — دولان مەشرىپى بولغان يەرگىمۇ بېرىپ كەل-
دى. قىزلار يوق. ئاتا - ئانا ئەمدى ئەنسىزچىلىككە
چۈشتى. قولۇم - قوشنىلار ئۇلارنى ئىزلەپ تەرەپ-
تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. ھەتتا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە مەلۇم
قىلىشتى: پۈتۈن يېزىغا داڭقى بار ئىككى كىچىك ئار-
تىس ھېچنەدىن تېپىلمىدى. يېرىم كېچە بولۇپ تولۇن
ئاي چىقتى. لېكىن قىزلاردىن دېرەك يوق. پۈتۈن مە-
ھەللە غەمدە، ئانا يىغلىماقتا، ئاتا خىيالچان...

قىزلار كۈندۈزى قومۇشلۇق ئارىسىدا ئويناۋېتىپ
بىر تۈپ بۈك - باراقسان جىگدىنىڭ تېگىگە يۇم-
شاق چۆپ، شاخ - شۇمبىلار بىلەن ئۆي ياساپ، بۇ
ئۆينى «ئامانىساخانىنىڭ ئوردىسى» دەپ ئاتىغان. قىز-
لار ئۇ يەردە ھوزۇرلىنىپ يېتىپ، شاختىكى قۇشلارنىڭ،
قومۇشلۇقتىكى جان - جانىۋارلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭ-
لاشقان. كەچقۇرۇن ئامانگۈل ئاچىسىغا:

— ئاچا، دادام قومۇشلار ئاخشىمى ئاجايىپ ناخ-
شا ئېيتىپ مۇزىكا چالىدۇ، دېيۋېدى، بېرىپ «ئامانىسا-
خان ئوردىسى»دا تىڭشاپ باقمامدۇ؟— دەپ يالۋۇردى.

قىزلار «ئوردا» ئىچىدە يېتىپ تىڭشىدى: سالقىن
شامالدا قومۇشلار پىچىرلىشاتتى، نېمىدۇر دۇمباق چال-
دى، تىزناپ دەرياسىمۇ رىتىملىق شارقىرىدى. قىزلار
راستىلا ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان ئاھاڭلارنى ئاڭلىدى.
ئۇلۇغ تەبىئەت يۇمشاق ئەللىيى بىلەن ئاخىر قىزلا-
رنى ئۇخلىتىپ قويدى.

ئامانگۈل چۈش كۆردى:

دا يېڭى ھېكايىلارنى سۆزلەپ بەردى. قىزلىرى بۇ يې-
ڭى گەپلەرنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى.

قىزلار شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە قومۇشلۇقتا ناخشا
ئېيتىشتى، ئۇسسۇل ئوينىشتى، ھەتتا دۇتار، داپلىرىنى
ئاپىرىپ چېلىشتى. قايتا رمىسى «چىمەن ئىچىدە، گۈل ئىچى-
دە» دەپ تەكرارلىنىدىغان يېقىملىق ناخشىسىغا:

- قومۇشلۇقلار ساز چالسا،
تاللار ئۇسسۇل ئوينايدۇ.
چىمەن ئىچىدە تومۇچۇق،
سايراپ - سايراپ تويمايدۇ.

دېگەندەك بېيىتلارنى تۈزۈشتى.

كەچكى تاماقتىن كېيىن بۇ يېزا ئاۋاتلىشىپ كېتىد-
دۇ. توپىلىق يوللاردا توپ - توپ بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ
يۈرگەن باللار بۇ يېزىنىڭ ئاساسىي ئويۇنچىلىرى.
ئۇلار قايسى ئۆيدە تېلېۋىزور بولسا، شۇ ئۆينىڭ ھويلىسىنى
چاڭ - توزان، ۋاڭ - چۇڭغا تولدۇرىدۇ. لېكىن قىزلار
مۇلايىم، ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپ ھويلىسىغا توپلىشى-
ۋېلىپ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۆزلىرى ئارتىس، ئۆزلىرى
كۆرگۈچى بولۇپ ئويۇن قويۇپ، ئۆزلىرىنى خۇشال قى-
لىدۇ. بەزى كۈنلىرى بۇ ئۇماق سەنئەتچىلەرنىڭ ئويۇن-
لىرىنى چوڭلارمۇ كېلىپ كۆرۈشىدۇ.

قاراڭغۇ چۈشتى، دەرەخلەر قارا، ئاسمان ئاقۇچ،
يېزا ئۇيقۇدا. ئايگۈل بىلەن ئامانگۈل تېخىچە ئۆيىگە
قايتمىدى. ئانىسى ئەنسىرەپ قىزلىرىنىڭ دوستلىرىدىن
قويماي سوراپ چىقتى. دادىسى ھەتتا كەنتلىك ھۆكۈ-

— ئەنە مېنىڭ قىزىم، قىزىم ئامانگۈل كەپتۇ!

— قېنى قىزلىرى، خانىشىم؟

— ئەنە، چىنار ئۈستىدە.

خانىش ئامانگۈلنىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرسەتتى. ئۇ بۇيرۇق قىلدى:

— قىزىمنى تەختىمگە ئەكىلىڭلار، ئۇ ناخشا ئېيتسۇن!

ھەممە ئادەم چىنارغا قاراپ قول سوزدى:

— چۈشۈڭ ئامانگۈل، ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ!

لېكىن چىنارغا ھېچكىمنىڭ قولى يەتمىدى. شۇ چاغدا بىر يوغان قارا دۆۋە قىزغا قولىنى سوزدى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى:

— توختاڭلار، مەن ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ بېرىمەن. مېنىڭسىز ئىشلار پۈتمەيدۇ. ھا-ھا-ھا!... — دۆۋە قول سوزدى.

ئامانگۈل ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ ئويغىنىپ ئۆز ئۆيىدە كۆزىنى ئاچتى. ئۆيىدە ئادەملەر كۆپ ئىدى.

— ياسىغان سارىيىڭدا يېتىپ نېمە چۈش كۆردۈڭ قىزىم؟

— مېنى نېمىشقا ئەكىلىسىلەر، مەن ئامانىسا خانىنى كۆردۈم!... — قىز كۆرگەن چۈشىنى تولۇق ئېيتىپ بەردى. دادىسى كۈلدى:

— سېنى ئاران تاپتۇق قىزىم. ئۇ سېنىڭ چۈشۈڭ ئەمەس، قومۇشلۇقنىڭ چۈشى.

— قومۇشلۇقمۇ چۈش كۆرەمدۇ، دادا؟

— ناخشا ئېيتالىغاندىكىن، چۈشمۇ كۆرىدۇ قىزىم. قومۇشلۇق قىزنى سېغىنغان ئوخشايدۇ!...

ئېگىز تاملار ئىچىدىكى بۈك دەرەخ، رەڭگا رەڭ گۈللەر بىلەن تولغان باغ. گۈللەرنىڭ سۈيى ئەينەك-تەك گۈزەل، ئامانگۈل بىر توپ قېرى چىنارنىڭ ئۈس-تىدە تۇرۇپ، كۆل بويىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلار-نىڭ ئۇسسۇل، ناخشىلىرىنى كۆرمەكتە. قىزلارنىڭ ئېسىل يىپەك كۆڭلەكلىرى، ئالتۇن تۈگمىلىك كۈمۈش جىيەك-لىك كەمزۇللىرى، بېشىدىكى ئالتۇن قاداق، مەرۋايىت-كەھرىۋالارنىڭ ئاجايىپ جۇلالىرى قىزنى ھەيران قال-دۇرماقتا. ئەنە بىر ئاجايىپ ئايال چىقتى: ئۇ دۇنيادى-كى ئاياللارنىڭ گۈزىلى. ئۇنىڭ ئالتۇن زەرلىك، لەئلى-ياقۇتتىن بېزەلگەن خانىش كىيىمى ئۇنى چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلارغا ئوخشىتىپ قويغان. ئۇنىڭ يېنىدا ئالتۇن تاجلىق، زەرباپ تون كىيگەن، ئالتۇن غىلاپلىق خەن-جەر ئاسقان، قارا بۇرۇت، ئاق يۈز، كۆزلىرى ئويناق يىگىت كەلمەكتە. بۇ ئەلۋەتتە خان. كۆل بويىدىكىلەر چۇرۇلداشتى:

— ئامانىسا خېنىم! — سۇناي، كاناي، ناغرا، بۇرغىلار چېلىندى. خان بىلەن خانىش ئوڭ قولىنى كۆتۈردى. يېقىملىق ساتار، ئاندىن كېيىن مۇقام... ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىتكى، چىنار ئۈستىدىكى زاغ، كەپتەرلەرمۇ بويۇنلىرىنى سوزۇپ قېتىپ قېلىشقان، كۆل سۈيىمۇ توختاپ قالغاندەك جىم. مۇقامدىن كېيىن داس-تان، نەغمە...

خان بىلەن خانىش ھاياجانلىنىپ سۇدىكى شولى-سىغا قارىدى. خانىش بىردىنلا خۇشاللىق بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

بىلىندى. مەن بارلىق ھارارىتىمنى قوللارغا تاشلاپ، مېنى ئادەمزاتتىن يىراق قوم بارخانلىرى ئارىسىدا تون پەردىسى بىلەن چۈمكەش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقان قۇياشقا نارازىلىق بىلەن قارىدىم - دە، كىر پەلىيىم بىلەن كۆزۈمنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان ئاچچىق تەرىنى سۈرتتۈم.

قانداق قىلغۇلۇق؟ تىنچىق، سۇسىز بارخانلار ئارىسىدا تۈنەش كېرەكمۇ؟ يالغۇز بولسامغۇ مەيلىدى، لېكىن ماشىنىدا يالغۇز ئايال ئولتۇرۇپتۇ. ئايال ياش، چىرايلىق، لېكىن سۈرلۈك. باشلىقىمنىڭ ئايالى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئارتۇقچە ئېھتىياتچان بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، ئىش قىلىپ، بۇ ئايالنى كۆرسەم، ھودۇقىمەن، تىتىرەيمەن. خۇددى دەرسىدە ئۆلگۈرەلمىگەن بىچارە ئوقۇغۇچى ئۆز مۇئەللىمى ئالدىدا تەمتىرىگەندەك. ئۇنىڭ ئالدىدا قىلىۋاتقان ئىشىمدىن ئازىدىمەن. مەن كۆزلىرىنى قاچۇرىدىغان يەر تاپالماي قالىمەن. بۇ مېنىڭ نومۇسچانلىقىمدىنمىكىن دېسەم، باشقا ئاياللار ئالدىدا تولىمۇ خۇش خۇي، شوخ، تەنتەكمەن.

بۇنداق چۆلدە، بۇنداق ئايال بىلەن تۈنەش دېگەن سۆز بەتالەگلىك مىلتىقنى ئوينىغاندەك قورقۇنچلۇق ئىش.

— قانداق قىلماقچىسىز، ئابلەت؟ — ماشىنىدىن يېنىك سەكرەپ چۈشكەن ئايال ئۆزىنى يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— بىرەر ماشىنا ياكى تراكتور كېلىپ قالسا،

# قۇم بارخانلىرى



يەنە شۇ قۇملۇق، يەنە شۇ تومۇز ... ئۆتەر يولۇمدا پەيدا بولغان قۇم دۆۋىسى خۇددى چاتقاللار ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان يولۋاستەك نە ئالغا، نە كەينىگە مېڭىشىمغا يول قويماي، سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ، مېنىڭ قاۋۇل كۆك ماشىنام قانچە چىڭقالىسىمۇ، چاقلىرىنى بىر ئورۇندا پىرقىرىتىپ، يەركولاش بىلەنلا چەكلەندى. ئۇ كۈچىگەنسېرى تاپانلىرى ئاستىدىكى قۇم ئورنىكى چوڭقۇرلىماقتا ئىدى. بۇ هالدا يە چېكىنگىلى، يە ئىلگىرىلىگىلى بولمايدۇ - دە!

ماشىنامدىن چۈشتۈم، ئەتراپ خۇددى تونۇردەك يېلىنجايدۇ. قۇم دۆۋىلىرىنىڭ كەينىگە ئاستا ساڭگىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان قۇياش خۇددى مېنى زاڭلىق قىلىپ هىجىيىۋاتقاندەك

چاڭقاپ ـ تەرلەپ ماڭغاندىلا، يېزىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. تراكتور كەلگىچە، يېرىم كېچە بولىدۇ ـ دە؟! مانا قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئاز قالدى. ئايال كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ باشلىقىمنىڭ ئايالىنى يالغۇزدىن يالغۇز قانداقمۇ بۇ سۈرلۈك چۆلدە يولغا سالغىلى بولسۇن؟ ئۆزۈم بارسامچۇ؟ ئۇ چاغدا ئايال يەنە يالغۇز قالىدۇ. شوپۇرنىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز بۇ ئايالنى دېگەن يېرىگە يەتكۈزۈشلا ئەمەسقۇ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى، سالامەتلىكىگە ھەم مەن مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك ـ تە!

— سىزنى يالغۇز قويۇپ بېرەلمەيمەن، ماشىنا قالسۇن، ئىككىمىز پىيادا ماڭايلى، — دېدىم مەن ئاخىر ئامالسىز. — يوق ـ تاقىنى مەن كۆتۈرەي.

— ياق! — دېدى ئايال كەسكىن قىلىپ، — ماشىنىنى چۆلگە يالغۇز تاشلىغىلى بولمايدۇ. شوپۇر تۇرۇپ بۇ قائىدىنى بىلمەمسىز!؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ھازىرقى ئەھۋال ئالاھىدە.

— ئالاھىدە ئەھۋالدىمۇ قائىدىلىك ئىش قىلىڭ!— ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا شۇنداق دېدى ـ دە، ھۇلۇلدەپ تۇرغان قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراشتىن قورۇندۇم، لېكىن ئۇنىڭدىن رازىمەن، ئۇ مېنىڭ گېپىمگە كىردى.

بىز ئۈن ـ تىنسىز قاراڭغۇنى كۈتتۇۋالدۇق. قاراڭغۇلۇق سالقىن شامال بىلەن راھەت بېغىشلىدى. سۇسىراپ قۇرۇدىغان بەدىنىمگە ئاز ـ تولا ماغدۇر كىر-

سۆرەپ ...

— بۇ يول ماشىنا يولى ئەمەستە!

— كولاي دېسەم، گۆرجەك يوق، قولۇم بىلەن 3 — 4 كۈنىمىز ...

ئايال پىخىلداپ كۈلدى، مەن قومغا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى سىزىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنى كايىدىم.

— بۇ يولنى قوم بېسىپ كېتىدىغىنىنى نېمىشقا ئويلىمىدىم، بۇمۇ ماشىنا ئىزى چۈشمىگەن يولغا ھەيدىگەندىكى جاجام!...

— سىزنىڭغۇ جاجىڭىز، بىراق مېنىڭچۇ؟ تۇغقانلىرىم يولۇمغا قاراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەنلىككە نېمىلا بولمىسۇن مېھمانخانىدا بولۇشىمىز كېرەك. بولمىسا، خوجايىنىنىڭ ئىشى ئاقسايدۇ.

ئۇنىڭ دىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست، بولۇپمۇ خوجايىن يەنى مۇنۇ ئايالنىڭ ئېرى، مېنىڭ باشلىقىم ۋاقىتقا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان ئادەم، ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا ماشىنا تەق بولمىسا، خاپا بولىدۇ.

— بۇ يەردىن ئالدىمىزغا قاراپ ئون كىلومېتىر يول ماڭساق، يېزىدا، كەينىمىزگە 14 كىلومېتىر ماڭساق، شەھەرگە بارالايمىز، — دېدى ئايال پوستى 70 گىرادۇس كېلىدىغان قىزىق قۇمنى يالىڭاياق دەسسەپ دۆڭگە يامىشىۋېتىپ، — مەن پىيادە بېرىپ تراكتور ئەۋەتەي، سىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ.

ھېسابلاپ كۆردۈم، قۇملۇقتا سائەتتىگە 2 — 3 كىلومېتىر ئارانلا ماڭغىلى بولىدۇ. دېمەك، بەش سائەت

كاچاتمۇ ئازلىق قىلىدۇ. لېكىن كاچات سىز ئۈچۈن ئازابلىق ئەمەس، كاچات بىلەن قارا كۆڭۈلنى ئاقارتقىلى بولمايدۇ!

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئاياغلىرىغا يىقىلىشقا تەييارمەن، ئەرلىك غۇرۇرۇم، ۋىجدانىم بۇنىڭ ئۈچۈن كاشىلا بولالمايدۇ.

— مەن يالۋۇرىمەن، مېنى بىرنەچچە كاچات ئۇرۇڭ!

مەن ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتىم.

— تۇرۇڭ، پەسكەشلىك قىلماڭ! — دېدى ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مەن بۈگۈن قول تەگكۈزگىلى بولمايدىغان ئايال — باشلىقنىڭ ئايالى بولغىنىم ئۈچۈن، ئالدىمدا كۈچۈكلىنىۋاتىسىز، ناۋادا سىزگە موھتاج، ھىمايىسىز ئايال بولغان بولسام، بۇ يالغۇز چۆلدە مەندىن جازا تەلەپ قىلىش ئورنىغا، ھالاۋەت، كۆڭۈل خۇشلۇقى تەلەپ قىلاتتىڭىز، ھەتتا مېنى مەجبۇرلاشقا پېتىنالايتتىڭىز، راستمۇ؟

راست، ئۇنىڭ گېپى راست. ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە بىرلا مېنىڭ بۇلغانغان كۆڭلۈم گۇۋاھچى بولۇپلا قالماي، ئاۋۇ يۇلغۇنلار، ماۋۇ يولۇمنى تورۇۋالغان قۇم بارخانلىرىمۇ گۇۋاھ!

ئۇ چاغدا راست گۈلى ھىمايىسىز، موھتاج قىز ئىدى. ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى كۆتۈرۈلگەن كۆكرەكلىرى، ياشلىق گۈزەللىكى چاقناپ تۇرغان جىلۋىلىك چىرايى

دى. شۇنىڭ بىلەن جانلاندىم ـ دە، قاراڭغۇلى دالدا
قىلىپ سۇرلۇك ئايالغا گەپ تاشلىدىم:
— سىزنى ئازابقا قويدۇم، قىينالدىڭىز ...
— بىرىنچى قېتىم ئەمەسقۇ!
ئۇنىڭ ئاۋازى قوپال، قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى.
خۇددى جاۋابقا تارتىلغان گۇناھكاردەك ۋۇجۇدۇم تىت-
رىدى.

يۇلغۇن نوتىلىرىنى ئۇشتەك چالغۇزۇپ، ئىسسىق
شامال ئۇرۇلدى. لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئىسسىق شامال
بىلەن يۈزۈمگە قۇم ئۇرۇلدى. بۇ ئۇرۇلغان قۇم ئە-
مەس، گويا چۆلنىڭ جازاسى، تۇرمۇشنىڭ نەپرەت كا-
چىتىدەك بىلىندى. مەن خۇرسىندىم، ئازابلاندىم.
— گەپ قىلىڭ، ئابلەت!
ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ نەپرەت، غەزەپ ئارىلاش چىقماقتا.
ئىنسان گۇناھ قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدىكەن،
ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ جازالايسەن، ياكى باشقىلار جازالاي-
دۇ. جازانى كۆتۈپ يۈرگەندىن، جازالانغان راھەت.
مەن غەيرىتىمنى يىغىپ، ئۇنىڭغا يېلىندىم.
— كاچىتىمغا ئۇرۇڭ، گۆلى ئۇكام، تۈكۈرۈڭ، تىل-
لاڭ، مەن سىزدىن يولدىشىڭىزغا شوپۇرلۇق قىلغان بى-
رىنچى كۈنۈمدىن باشلاپ مۇشۇ جازانى كۈتۈپ كېلىۋا-
تىمەن.

— بىرلا مەنمۇ؟ سىز يەنە قانچىلىغان ئايال،
قىزلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدىڭىز؟ ئۇلار ئۇچۇنمۇ
سىزنى كاچاتلايمۇ؟ لېكىن مەن خالىمايمەن. سىزگە يۈز

ئوڭ قولۇمنى قىزنىڭ بېلىگە تاشلىدىم.

— بىرچىرايلىق يىگىت ئىكەنسىز، قىلىقىڭىز چىرايىڭىزغا ماس ئەمەسكەن! — ئۇ يەنىلا كۈلۈپ قويۇپ، قولۇمنى ئاستا ئىتتىردى. ماشىنامنى توختاتتىم.

— نېمە قىلماقچىسىز؟ — ئۇ ئەدەب بىلەن سورىدى.

— ماشىنام بۇزۇلغان ئوخشايدۇ.

ئۇ ھەيران بولۇپ، ماڭا قارىدى.

— مەن، ماشىنىڭىزغا ياراشمىغان ئوخشايمەن.

— ماڭا ياراشسىڭىز بولمىدىمۇ.

قىز ماشىنىدىن چۈشتى. مەنمۇ چۈشتۈم. ئەتراپقا قارىدىم. قوم بارخانلىرى. قاغجىرىغان يۇلغۇنلار، خۇددى تونۇردەك يېلىنجاپ تۇرغان يول ... ئىككىمىزدىن باشقا جان ئىگىسى يوق. ئىككىمىز تەرلىمەكتىمىز. چاڭقىماقتىمىز.

— سىز نەدىن كېلىۋاتىسىز؟

— قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان يەردىن.

— ئۈرۈمچىگىمۇ؟

— ھەئە.

— بۈگۈن يېتىپ بارالمايدىغان بولدۇق.

— كېچىچە بولسىمۇ ماڭساق...

ئۇ يېلىنغاندەك ماڭا تەلمۈردى. دېمەك، ئۇ ماڭا موھتاج، مەن ئۇنى خاپىمۇ قىلالايمەن، خۇشالمۇ قىلالايمەن. ئۇمۇ مېنى خۇشال قىلىشى كېرەك.

— ماشىنا قىزىپ كەتتى. مايىنى سۈمۈرەلمەي-

مەن ئۈچۈن ھالاۋەت، خۇشلۇق ئۈچۈنلا يارىتىلغان كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇمى ئىدى.

مەنمۇ ئۇ چاغدا ماشىنام بىلەن ئۆزۈمنى ھەممە ئادەمدىن ئۈستۈن ھېسابلايدىغان، ھەممىلا يەرگە قولۇم يېتىدىغان تەنتەك يىگىت ئىدىم.

ئۇ نەق مۇشۇ چۆلدە، نەق مۇشۇنداق قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا، تازا تومۇزدا خۇددى پىشىپ يېتىلىپ شېخىدىن چۈشكەن شىرنىلىك مېۋىدەك ئالدىمدا تويۇقسىز پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، تەبەسسۇم بىلەن يول ئۈستىدە پەيدا بولغاندا، خۇددى قوزىغا يولۇققان ئاچ بۆرىدەك، بەدەن - بەدىنىم سۆيۈنۈپ، كۆڭلۈمدە ئامەتكە، تەقدىرگە، چۆلگە مىڭلاپ رەھمەت ئېيتقان ئىدىم.

نېپىز كۆڭلەك ئىچىدىكى ھارارەتلىك بەدىنى بەدىنىمگە تەگكەندە بولسا، رولدا قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا تەلپۈندۈم. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، ماڭا يېقىملىق قايرىلىپ قارىغاندا بولسا، پۈتۈن تاقىتىم تۈگەپ، خۇددى ئۇزاق يىللىق ئاشنامدەك، بىر قولۇم بىلەن نازۇك بارماقلىرىنى تۇتتۇم.

— تىنىچ مېڭىڭ! — ئۇ نېرىغا سۈرۈلۈپ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا يېلىندى، — كەپسىزلىك قىلماڭ!

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ تاقەتنىڭ چېكى بولىدۇ قىزچاق.

— ئايالىڭىزنى، ھېچ بولمىسا بالىڭىزنى ئويلاڭ.

— جېنىمنى ئۇنتۇغان يەردە ئۇلار ئەستە قالاتتىمۇ؟

مەن خېلىدىن كېيىنلا ھوشۇمغا كەلدىم. كۆزلىرىم-
نىمۇ ئۇۋۇلاپ ماشىنامغا چىقتىم.

ئاخشىمى ماشىنا بېكىتىدە ئولتۇرۇپ ۋىجدان ئا-
زابى تارتتىم. ئۇنىڭ كونا بېرېزېنت سومكىسى ماشىنام-
دا قالغان ئىكەن. سومكىدا كونا پىلات، تاغاق، لۆڭگە،
بىر زاغرا بىلەن لىپاپىسى ئېچىلغان خەت تۇراتتى.
خەتنى ئوقۇدۇم. قىزنىڭ ئالدىراپ مېڭىشىنىڭ سەۋەبى-
نى بىلدىم. ئۇنىڭ يىگىتى يازلىق تەتىل قىلىپ بېيى-
جىڭدىن كەلگەن ئىكەن...

مانا شۇ يىگىت ھازىر مېنىڭ باشلىقىم. تەقدىر
مېنى مانا شۇنىڭ خىزمىتىگە بۇيرىدى. باشلىقىم ماڭا
قىزغىن، سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭ
ئايالىدىن خۇددى ئەجەل ئوقىدىن قورققان كېيىكتەك
دائىم چۆچۈپ قورقۇپ كەلدىم. تەقدىر مانا بۈگۈن بۇ
كۆڭۈل غەشلىكىنى ئەسلەشكە مەجبۇر قىلدى.

— سىڭلىم گۈلى، — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇ
ئىشلارنى باشلىق بىلمىسۇن، مەن گۇناھىمنى ئاق-
لايمەن!

گۈلى قاقاقلاپ كۈلدى:

— بىلمىگىنى نېمىسى؟ ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا
دېيىلمەيدىغان گەپ بولامدۇ؟ ئۇ ئاللىقاچان بىلىپ بول-
غان: بىلىپ تۇرۇپ، سىزنى شوپۇرلۇققا ئالغان!

مانا خورلۇق، مانا ئازاب. مەن چىدىيالمىدىم:

— ئانداق بولسا، مەن ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىنى
قىلمايمەن.

ۋاتىدۇ، سالقىنىدا ماڭايلى.

ئۇ خۇددى يېڭى كىيىم كىيگەن يوقسۇل بالىدەك خۇشال بولدى:

— ئەتىگەنگىچە ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارىمىزمۇ؟

قولۇمنى مۇرىسىگە قويدۇم. ئۇ قارشىلىق قىلمىدى. كۆزلىرى شادلىقتىن خۇمارلاشتى. مەن قالغان بەختنى ھەرىكىتىمگە تاپشۇردۇم - دە، ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىدىم.

— بۇ ئىشىڭىز بولمىدى! — دېدى ئۇ سىلىق ئاۋازدا يېلىنىپ، — بۇنداق قىلسىڭىز، بۇنداق قىلسىڭىز ...

— سىزگە ئوت - كاۋاپ بولۇپ ... ھېچ بولمىسا قۇچاقلاشقا ... — مەن ئۇنىڭ قارشىلىقلىرىنى ئۇنتىنىپ ھەرىكەت بىلەن يەڭدىم. مانا قىزنىڭ نازۇك بەدىنى ئاستىمدا، ئۇ مېنىڭ ئولجام، ئۇ مېنىڭ قۇربانلىقىم، ئۇ ئۆز ھۆسنى، ۋۇجۇدى بىلەن مېنى خۇش قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلسىلا، مەن ئۇنى خۇش قىلىمەن.

لېكىن كۈتۈلمىگەندە قىزنىڭ تەبەسسۇملىرى ئورنىنى يىغا، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قارشىلىق ئىگىلىدى. ئۇ ئىتتىردى، چىشلىدى، تەپتى، كۆزۈمگە قۇم چاچتى، ئاخىر چاچلىرى پاخپايغان ھالدا ئاستىمدىن ساق - سالامەت تۇرۇپ كەتتى - دە!

— پەسكەش! — دېدى ۋە خۇددى ئوۋ ئىتىدىن قاچقان توشقاندەك قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يۈگۈرۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.




... دەرەخلەر ئوق تەگكەن جەگچىدەك يىقىلىدۇ، كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستى چۇۋۇا - چاتقال بىلەن تىنىدۇ، ياپراقلار قورۇلۇپ، غۇنچە ۋە دانلار تۆكۈلىدۇ، ئۆيلەرنىڭ ئۈستى ئېچىلىپ، دېرىزىلىرى تىنىمسىز سىلكىنىدۇ، ئادەملەر ئۆيلىرىدىگە، مال - ۋاران قوتان - ئېغىللىرىغا گۇناھسىز قامىلىدۇ. تەبىئەت بۇ خىل غارايىپ ئۆپراتقۇچ زەربىسى بىلەن مەغرۇر، بىزچۇ؟ بىز ھەممىگە كۆنۈك، مەئلۇبىيەت، زىيان - زەخمەت بىزنى قورقىتالمايدۇ، كۆچىرۈۋېتەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا بىز بۇ يەرنىڭ خوجايىنى، بۇ يەرنىڭ دەرەخلىرىمۇ، بوۋايلىرىنىڭ ساقاللىرىمۇ، خورازلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىمۇ قىڭغىر دېگەن سۆز بىكار چىقمىغان. بۇ سۆز بىزنىڭ بۇ يەردە ھەر يىلى 130 — 140 قېتىم بوران بىلەن ئېلىشىدىغانلىقىمىزنىڭ ئىسپاتى. سىلەرچۇ؟ بىر يىلدا كۆپ بولسا ئۈچ قېتىم ياكى 4 — 5 قېتىم بوراندىن

— يەنە ئەسكىلىك قىلاي دەمسىز؟

مەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا قاراپ يۈگۈردۈم؛

— قۇم بارخانلىرى، ئۆز ۋاقتىدا گۈلنى قۇتۇلدۇرغان ئىدىڭلار، بۈگۈن مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!

1985 - يىل، ئىيۇن، قەشقەر.

چىلەر. پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىزگە سىزنى كۈتۈش
توغرىلىق ئالاھىدە يوليورۇق بەرگەن. سىز 12 يىل بو-
راننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن دەپ چىڭ تۇرۇۋال-
دىڭىز، سىز مۇنۇ «خۇڭدۇ» كىيىم - كېچەك كارخانىسى-
دا تىكىلگەن قىممەت باھالىق كاستۇم - بۇرۇلكىڭىزنى
ئالماشتۇرۇشنىمۇ، ھېچ بولمىسا ئۈستىگە پىلاش كىيىۋې-
لىشنىمۇ رەت قىلدىڭىز. دېمەك سىز 12 يىل بورانىنى
كۆرۈشكە شۇنچە خۇشتار، دېمىسىمۇ بۇنداق پۇرسەت
ئىنسان ھاياتىدا بىر ياكى ئىككى قېتىملا كېلىدۇ. بۇ
بىز ئۈچۈنمۇ ياخشى پۇرسەت، سىناق. مەن گەرچە
ئىشخانا مۇدىرى بولساممۇ ئۆز ساداقىتىمنى ئىپادە قىل-
غۇدەك جىددىي سىناقلاردىن ئاز ئۆتكەنمەن. ئىسمىم
ئابلەت بولسىمۇ ياش تۇرۇپلا «ئافەندى» دىن «ئامشۇ»-
غا ئاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا «ئاجىزىن»غا ئالمى-
شىپ «ئابلەت» دېگەن ئىسمىم ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. شۇ-
نىڭغا ئوخشاشلا ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆرسەتكەن خىز-
مىتىمۇ تېزلا كىشىلەرنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتكەن.
بۈگۈن بۇ بىر ياخشى پۇرسەت، بىزمۇ ئۆزىمىزنى سى-
ناپ باقايلى، بىرىنچىدىن گىزۋاھچىلىققا، ئىككىنچىدىن
ماشىنىنى بوران ئۇچۇرۇپ ئۆرۈۋەتمەسلىكى ئۈچۈن
«تاش» ئورنىدا خىزمەت قىلسۇن دەپ مۇنۇ تالىپ ئاكى-
نى ئېلىۋالىمىز. ھازىر ئۇ ئېغىر مەست، تۇنۇگۈندىن
بېرى بىزگە ئاتاپ بەش پاقلان، ئوغلاق سويۇلدى. ئۇ-
نىڭ كەم بولغاندا ئىككىسىنىڭ گۆشى مۇشۇ تالىپ ئاكى-
نىڭ قورسىقىدا، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئېغىرلىقى 112 كى-

زەخمەت چېكىسىلەر، لېكىن سىلەرنى قاقشاتقان ئۇ بو-
رانلار 8 — 9 بال، بىزنىڭ بوران ئېغىزلىرى-
مىزدا چىقىدىغان 11 — 12 بال بوراننى سىلەر ھەر-
گىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسىلەر. سىز تەبىئەت ھادىسىلى-
رى توغرىسىدا بىلىمگە ئىگە ئالىم، لېكىن سىز ئوقۇغان
كىتابلاردا ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان، ياپ-
راقتەك ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان بورانلار توغرىسىدا، پو-
يىزلارنى دېڭىزغا ئاپىرىپ تاشلايدىغان 13 بالدىن يۇ-
قىرى سەرە - سەرە (قۇيۇن) توغرىسىدا بىلىم بولمىغىنى
بىلەن، ھېكايە، تەسىرات، بولغاندىمۇ بىۋاستە تەسى-
رات يوق. سىز گېئولوگىيە ئالىمى، سىزگە بوران،
يەر تەۋرەش، تېمپېراتۇرا توغرىسىدا گەپ سېتىش
كۇلكىلىك، سىز بۇ توغرىدىكى بىلىمنىڭ پىرى. لې-
كىن مال دوختۇرلىرى مال سويۇشنى قاسساپلارچىلىك
بىلمەسلىكى، ئۇزۇق - تۈلۈك تەتقىقاتچىلىرى يېمەك-
لىكلەرنى ئۆي ئاياللىرىچىلىك چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن.
شۇڭا سىزنىڭ بوراننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي دې-
گىنىڭىز تولىمۇ توغرا. سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزگە بىرىن-
چىدىن مەن، ئىككىنچىدىن بىزنىڭ قابىلىيەتلىك، ئەم-
گەك نەمۇنىچىسى شوپۇرىمىز مەسئۇل. ۋىلايەت رەھ-
بەرلىرى سىزنى بىز ئىككىمىزگە تاپشۇرغان، يوليورۇق
سىزدىن، رول تۇتۇش ئۇستامدىن بولىدۇ. بىز ھەر ئىك-
كىمىز تالاي - تالاي سىناقلاردىن ئۆتكەن. ھەرقانى-
داق قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ يولىنى خۇددى
ئۆز ئۆيىمىزنىڭ يولىدەك يادقا بىلىدىغان مۇھاپىزەت-

لىق بىلەن قوبۇل قىلىپ غەلىبە بىلەن ئورۇنلايدۇ. دېمەك، ھۆرمەتلىك ئالىم، بىز بەش ئادەم «شاڭخەي» ماركىلىق كىچىك ماشىنا بىلەن 12 بال بوران چىقىۋاتقان بوران ئېغىزىدىن ئۆتىمىز. ھازىر تالادا 9—10 بال بوران چىقىۋاتىدۇ. غەلىبە، سالامەتلىك ئۈچۈن ھەممىمىز بىر رومكىدىن ئىچەيلى - دە، ئالىمىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە بوران ئېغىزىغا قاراپ يولغا چىقايلى!

— غەلىبە ئۈچۈن!

— سالامەتلىك ئۈچۈن!

— ئۆلمەسلىك ئۈچۈن!

سىرتتا بوران گۈركىرىمەكتە. ئۆي ئىچى دىمىق، ئاچچىق ئىس، چاڭ بىلەن تولغان. بىزنىڭ ئابلەت قول ۋە قاشلىرىنى ئۆينىتىپ ئۇزاق سۆزلىدى. يۇقىرىدىن كەلگەن ئاق چاچ، خام سېمىز، كۈلۈپلا تۇرىدىغان، ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان تەنتەربىيىچىلەردەك بولجۇڭ گۆشلىرى تەرەققىي قىلغان 40 نەچچە ياشلىق گېئولوگىيە ئالىمى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئاغىنەم تالىپ قورسىقىنى دۈملەكلىك قازاندەك پومپايتىپ خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا، شوپۇر ھاراقتىن چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن خاپا. ئۇ، دىۋاندا ئاچچىق موخوركىسىنى شوراپ ئۆز باشلىقىغا غەزەپلىك ئالىيىپ ئولتۇرماقتا. مەن خىيال بىلەن. ئابلەتنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا بىردە كىرىدۇ، بىردە كىرمەيدۇ. مەن 30 نەچچە يىلدىن بېرى بۇ خىل دەبدەبىلىك، ھەممىدانلىق بىلەن قىلىنغان نۇتۇقلارنى ئاڭلاپ

لوگرامغا، هازىر گەپ يوق 120 كىلوگرامغا چىقتى -
دە. دېمەك، تالىپ ئاكا شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ -
دە، ماشىنىنى بوران ئۆرۈۋېتىشتىن خاتىرجەم بولىمىز.
خوش، مۇنۇ ئاۋاق، كەم سۆز ئادەمنىڭ ئىسمى مجىت
ئاكا، هاياتى يېزا خىزمىتى، كاتىپلىق بىلەن ئۆتكەن،
پات يېقىندا پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان كادىر.
بۇ ئادەم بىرىگە ئۇستاز. بىزنىڭ ۋالىي، شۇجىلارغىمۇ
ئاۋۋال ئۇستاز، كېيىن كاتىپ بولغان. بىزنىڭ
تالاي باشلىقلىرىمىزغا سۆزلەشنى، ئىشلەشنى، ئۆز-
زىنى تۇتۇشنى، ئىش ۋە ئادەم باشقۇرۇشنى ئۆگەتكەن.
هازىر ۋالىي، شۇجىلارمۇ دائىم بۇ توغرىدا سۆزلىشى-
دۇ. «توۋا! — دەيدۇ بىر كۈنى بىزنىڭ هازىرقى مۇ-
ئاۋىن ۋالىي، — «پارتىيە» دېگەن سۆزنى بىرىنچى
قېتىم ماڭا مجىت ئەپەندى ئۆگەتكەن ئىدى. پايپاق،
مايكا كىيىشنى ماڭا شۇ كىشى ئۆگەتكەن، هازىرغىچە
مەن سۆزلىگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى، تالاي - تالاي
هۆججەتلىرىمىزنى مجىت ئەپەندى يېزىپ چىققان، ئۇ
ئادەم نە پارتىيىگە كىرەلمەي، نە ئۆمرىدە بۆلۈم باش-
لىقىمۇ بولۇپ باقماي پېنسىيىگە چىقىپ كېتىدىغان بول-
دى. مېنىڭ كۆڭلۈم غەش بولۇۋاتىدۇ». بۇ گەپتىن مە-
جىت ئەپەندىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى چۈشىنىپ ئالا-
لايسىز. بەلكى سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ قالسا بىز
ۋە سەپىرىمىز توغرىسىدا! ئاجايىپ قىزىقارلىق ئەسەر
يېزىپ چىقىش مۇشۇ مجىت ئەپەندىگە هاۋالە قىلىنار.
مېنىڭچە بىز تاپشۇرغان ئىشنى مجىت ئەپەندى خۇشال-

شال بولدۇم. ئۇلار بالا ـ قازاغا يولۇققاندا ئاتام قازا
بولغاندەك ئازابلاندىم. مەن راستىنلا ئۆزۈمنى ئۇلۇغ
غايە يولىدا ئىزدىشىۋاتقان، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى
ئويلىمايدىغان «پارتىيە سىرتىدىكى كوممۇنىزمچى» ھې-
سابلاپ «ھامان بىر كۈنى مېنى پارتىيە چۈشىنىدۇ،
پارتىيىگە قوبۇل قىلىدۇ، خىزمىتىمنى ئۆستۈرىدۇ. دېھ-
قانلارنىڭ مېنى ناھىيە رەھبەرلىرىدىن تۆۋەن كۆرمەس-
لىكى بىكار ئەمەس، مەن ھامان بىر كۈنى ناھىيە،
ۋىلايەت رەھبىرى بولىمەن، بۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك بىلەن تەقدىرداش بولغىنىم
كەلگۈسى ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ ئويلىدىم. ئويلاپ
باقسام، بىزنىڭ ناھىيىدە 38 ھاكىم ئالمىشىپتۇ. مەن
ئۇلارنىڭ قايسى بىرىگە پارتىيە دەرسى ئۆتمىگەن؟
قايسى بىرىگە كاتىپلىق قىلمىغان ۋە ئۇلارغا قولاق،
ئېغىز، ئەقىل، يانتاياق بولمىغان؟ ئۇلار يېزا كادىرلى-
قىدىن ھاكىم، ۋالىيلىققا ئۆسكەندە ئۆز ياردىمىنىڭ ئۇ-
لۇغلۇقى بىلەن خۇشاللانغان ئەڭ بەختلىك ئادەم مەن
ئىدىمغۇ؟ ئۇ چاغلاردا مەندە نە ھەسەت، نە خۇرسىنىش
يوق ئىدى. مەن دېھقان تېنىدەك ساددا، ئاق كۆڭۈل
ئىكەنمەن... لېكىن ھازىر ئويلىسام پۈتۈن ئۆمرۈم باش-
قىلارنى يۆلەش، باشقىلارنى قوللاشقا سەرپ بولۇپ، ئا-
خىر ئۆزۈم كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئىلىنمايدىغان تاش-
لاندۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتىمەن. ھېچكىممۇ مەندىن
«بىر ئۆمۈر باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپتىڭ، زادى نې-
مىگە ئېرىشتىڭ؟» دەپ سوراپمۇ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ نە-

قېتىم ئاڭلىغانىمەن. مەن بۇ خىل نۇتۇقلاردىن ئاللىقا-
چان زېرىككەنمەن. مەن 56 ياشقا كىرگەن، نەۋرىلى-
رىم ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا تۇرغان يېزا كا-
درى، ماڭا نۇتۇق، قۇرۇق ھېسسىيات دېگەنلەر لەز-
زەت بېرەلمەيدۇ. مەن گېزىت - ژۇرناللاردىن بىرەر
پارچە ياخشى ئەسەر ئوقۇۋالسام، ياكى مۇنۇ ناھىيىدىن
ئەرزان باھادا سېتىۋالغان گۆش - مايلىرىمنى ئاسان
ۋە بۇزماستىن ئۆيۈمگە ئاپىرىۋالسام ھاياتتىن خۇرسەن
بولىمەن، شۇ چاغدا ھەممە نەرسە ماڭا كۈلۈپ قارا-
ۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، مېنى راسا كېرەكسىز نېمىكەن دەپ
قالارسىلەر بەلكى. بۇ مەيلى، راست شۇنداق، چۈنكى
مەن ھازىر باشقا ئىشلاردىن قول ئۈزگەنمەن. مەن بول-
مىساممۇ جەمئىيەت ئۆز يولى بىلەن ئىلگىرىلىيەلەيدىكەن.
مەن بۇنى قېرىغاندا چۈشەندىم. ياش - قىران چاغلىرىمدا
مەن گويا مەن بولمىسام ھاياتتا ئورنىنى تولدۇرغىلى
بولمايدىغان بىر كەمتۈكلۈك پەيدا بولىدۇ دەپ قارايت-
تىم. ئەمدى بىلدىم، جەمئىيەت ئۈچۈن بىزدەكلەرنىڭ
بار - يوقلۇقى ھېچقانچە گەپ ئەمەسكەن. ئەمدى ئۆتكەن
ياشلىق، قىران چاغلىرىمنى ئەسلىسەم ھەم خىجىل
بولىمەن، ھەم ئېچىنىمەن. خىجىللىقىم شۇنىڭ ئۈچۈن:
ئۇرغۇن ۋاقتىمنى تەمەخورلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم.
ئېچىنىدىغىنىم: ئەقلىم بىلەن ۋاقتىمنى بىھۇدە زايا قى-
لىۋەتتىم. 30 نەچچە يىلنىڭ تەڭدىن تولىسىنى يېزا
خىزمىتى بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم. دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئازراق
ئاشقىنىنى كۆرگەندە خۇددى ئايالىم ئوغۇل تۇغقاندەك خۇ-

نى كۆزىتىدۇ، خۇلاسىلەيدۇ، ياراتمايدۇ، ئۇ قول تىقمايدىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن كاشىلىغا ئۇچرىمايدىغان بىرمۇ ئىش يوق ...

مەن ئابلەت بىلەن 20 يىلدىن بېرى بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىدىن ئاللىقاچان بىزار بولغانمەن. ئۇنىڭ ھەرقانداق چىرايلىق گېپىمۇ ماڭا خەقش بالىنىڭ يىغىسىدەك ئاڭلىنىدۇ.

لېكىن، ئۇ ھازىر ئىشخانا مۇدىرى، ھەرقانداق ناچار ئادەمنىڭمۇ ئادەملىك غۇرۇرى بولىدۇ. بۈگۈن 12 بال بوران چىقىدىغان بوران ئېغىزىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. قېنى، بىزنىڭ ئابلەت رولنى قانداق باشقۇراركىن. ئىش قىلىپ سالامەت بولايلى، يۇقىرىدىن كەلگەن مۇنۇ ھۆرمەتلىك ئالىم ئالدىدا ئابلەتنىڭ يۈزى تۆكۈلمىسۇن، چۈنكى ئۇ نېمىلا بولمىسۇن بىزنىڭ مۇدىرىمىز - دە!

مانا پىكاپ ئىچى توپىغا توشتى، مانا بىز زۇۋاندىن قالدۇق. ھەممىمىزنىڭ كۆزى يولدا، شۇرقۇراپ ئېقىۋاتقان قۇم ئېقىمى، شېغىل - تاشلىق يولنى غىلپال كۆرسىتىپ قويىدۇ - دە، كەلكۈن سۈيىدەك داۋالغۇيدۇ. دەھشەتلىك گۈركىرەشتىن قۇلاقلىرىمىز پۈتكەن، ماشىنا چىرىغىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ، يەنە كۆرۈنمەي قالىدىغان تاشيوللا بىزگە نىجاتلىق، خۇشاللىق كەلتۈرگۈسى. بوراندا سىلكىنىپ كېتىپ بارغان ماشىنىمىزنىڭ ئاۋازىمۇ بىزنىڭكىدەك ئۈچكەن. ھەممىمىزنىڭ كۆزى يولدا. تاقىر، ھاكىلىغاندەك ئاقىرىپ كەتكەن يول ئۇس-

زەردە مەن گويا قابىلىيەتسىزلىكىمدىن ئۆسەلمىگەنمەن. قابىلىيەت دېگەن نېمە؟ مەن ئۇنى بىلىمەن. خىزمەت قابىلىيىتى، بىلىم قابىلىيىتى، كۈچ - مادۇر قابىلىيىتى بولىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا مەن ھېلىقى ئۆسۈپ كەتكەن كادىرلاردىن كەم ئەمەسمەن، بەلكى ئۈستۈنمەن. مەن بىرلا ئىشتا، يەنى مەنسەپ ئۈچۈن تىرىشىش جەھەتتىلا باشقىلاردىن تۆۋەن ئوخشايمەن. كىشىلەرنىڭ ئەيىبى ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل «قابىلىيەت»نىڭ ھەممە قابىلىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى نېمىشقا بۇرۇنراق بىلمىدىم - ھە؟ بۇ قابىلىيەت يېتىلگەن ئادەملەر مۇنۇ بىزنىڭ ئابلەت مۇدىردەك بولىدۇ. بۇنداق ئادەم ئاددىي ئاڭكىتنى ئۆزى تولدۇرالماستىن باشقىلارغا يېلىنسىمۇ، نە كاتىپلىق، نە تەرجىمانلىق، نە بوغالتىرلىق، نە مۇئەللىملىكنى قاملاشتۇرالمىسىمۇ بەرىبىر ئۆسۈۋېرىدىكەن. بىزنىڭ ئابلەت مانا ئۆستىغۇ؟ ئۇ باشقىلارغا نۇتۇق تەييارلاشتا قانچە قېتىم كۆلكىگە قالدى، قانچە قېتىم تىل ئاڭلىدى؟ ئۇ ماشىنا باشقۇرۇش بىلەن ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىش ئىمگىنكىگە كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىشتىلا قابىلىيەتلىك. چۈنكى ئۇ باشقىلار بىلەن جېدەل قىلىشتىن ھەرگىز قورقمايدۇ. زىيابەت ئۇيۇشتۇرۇش، باشقىلارنىڭ خىزمەت ۋە «ئىدىيە»سىدىن چاتاق تېپىشتا ئۇ ئەلۋەتتە قابىلىيەتلىك. مۇشۇ جەھەتتە قابىلىيەتلىك بولغىنى ئۈچۈن بەلكى ھازىر ناھىيەمىزدە ئۇنىڭغا يارايدىغان بىرمۇ كادىر بولمىسا كېرەك. ئۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىشـ

بەسلىكى يامان ئەلەم قىلدى:
— ئوت ئالدۇرىسەن، ماشىنىدىن چۈشۈپ قاپقى-
قىنى قايرىۋەت، ماي يولىدا چاتاق بولسا جۆندە دەي-
مەن! — بىزنىڭ ئابلەت شوپۇرنى نوقۇغىلى تۇردى.
شوپۇر تامدەك تاتىرىپ پۇتى بىلەن تەپكۈچنى مىدىرلىتىپ
ماشىنىسىنى غىڭىلداتماقتا. ئابلەت مۇشتۇملىرىنى تۈ-
گۈپ سەرگازدەك كۆكرىپ ۋارقىرىماقتا:
— چۈش، قاپقىقىنى ئاچ، تېز ياسا، تېز ماڭ! —
دەيدۇ ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا قارا تۇتەك بىلەن سې-
رىق تۇتەك ئالمىشىپ سېرىدىق قۇم - شېغىل تاشلار
ئېقىۋاتقان يولغا ئالاقزادىلىك بىلەن تەلمۈرۈپ چىشلى-
رىنى غۇچۇرلىتىپ، — بىرەر ھادىسە بولسا كاللاڭ بې-
لەن جاۋاب قىلىسەن!
— چۈشمەيمەن! — دېدى شوپۇرمۇ ۋارقىراپ، —
ئالتە بالامنى كىم باقىدۇ؟ مېنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىپ ئۆ-
زۈڭ ئامان قالماقچىمۇ؟ سېنىڭ نەرىڭ پارتىيە
ئەزاسى؟
— ماشىنا بوران تۆۋىنىگە سۈرۈلۈۋاتىدۇ، يەنە
ئازراقلا سۈرۈلسە نېمە بولىدۇ بىلەمسەن؟ قۇتۇلدۇر،
ئامال تاپ!
— سەن تاپ، سەن قۇتۇلدۇر!
— سەن قۇتۇلدۇرىسەن!
— يولىيورۇق مەندىن، رول تۇتۇش سەندىن
دېمەكچىمىدىڭ؟
— جاۋابكارلىقتىن قاچقىنىنى قارا! ..

تىدە سارغۇچ، كۆلرەڭ توپىلار تىنىمسىز ئاقىدۇ. بۇ ئېقىن تومۇز كەلكۈنلىرىدەك سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك، دولقۇنلۇق. مەن بوراننى نۇرغۇن كۆرگەنمەن. لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق ئادەمنى بۇرۇختۇم قىلىدىغان تىلسىم قايناملىرى بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. مانا قاراڭغۇلۇق خۇددى بىرسى تۇيۇقسىز كۆزىمىزنى ئېتىۋالغاندەك بولدى. بىرنەچچە سېكۇنتلۇق تۇن قاراڭغۇلۇقىدا ئاغىنەم تالىپ سەگىپ قالدى. ئۇنىڭ توپاقنىڭ ھۆركىرىشىدەك يېقىمسىز، غەزەپلىك، قوپال ئاۋازى بىزگە ھاياتىمىزنىڭ خەتەرگە يولۇققانلىقىنى تېخىمۇ چۈشەندۈردى:

— ھەي ھارامتاماق ئىت شوپۇر، ساڭا گازنى ئۆچۈرمە دەپ نەچچە رەت ئېيتتىم؟ مانا ئەمدى ئالدىڭمۇ، كەينىڭمۇ ماڭالمايمىز، ئۆلمەكتىن باشقا ئامال يوق!

شوپۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ خۇددى تالىپنى تىرىك يۇتۇدىغاندەك ئالىيىپ ۋارقىرىدى:

— سەن نېمە، بىلەتتىڭ سامان قورساق!

— قېنى ئوت ئالدۇرۇپ باقە، بىر كۆرۈپ باقاي؟

شوپۇرنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكار بولدى. نېمىلا قىلمىسۇن ماتور قايتا ئوت ئالمىدى، بەشىمىزدىن ھېچقايسىمىز بوران تىلىنى تالىپچىلىك بىلمەيدىكەنمىز. شوپۇرمۇ، مەنمۇ، ئون بالدىن يۇقىرى بوران ئىچىدە قالغاندا ماشىنىنى بىر ئۆچۈرۈپ - بىر ياندۇرۇپ ماڭغۇزغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز.

بىزنىڭ نەمۇنچى شوپۇرنىڭ بۇ قانۇنىيەتنى بىل-

بال بوران توغرىسىدا يازىدىغان ماقالىسىنىڭ مەزمۇ- نىنى ياكى مۇنۇ ئىنسانلارغا ئاپەت كەلتۈرىدىغان تەبى- ئەت هادىسىسىنىڭ يولىنى توسۇشنىڭ ئۇسۇلى توغرى- سىدا باش قاتۇرۇۋاتامدىكىن، چۈنكى هاياتتا هامان ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئىشنى ئويلايدىغان ئادەملەر بولىدىغۇ؟ بىزنىڭ تالىپ هازىر تولۇق سەگىگەن، ئۇ، كۆڭلەك- چان، يالاڭباش بولۇۋالغان، ئۇنىڭ ئاجايىپ تەرەققىي قىلغان كۆكرەكلىرى چالا بوغۇزلانغان قوينىڭ قورسـ قىدەك ئىگىز - پەس مىدىرلايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئازابلىـ نىۋاتقانلىقى، ۋەھىمىگە چۈشكەنلىكى:

— ماشىنىنى كۈچەپ باسقىنا، بىردەم بولسىمۇ سىلجىمىغاي! مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدىم.

— ماشىنا بىزنى باسىدىغان بولدى! — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — يەنە بەش مىنۇت قالدى.

— نېمە؟ بەش مىنۇت؟ بەش مىنۇتتىن كېيىن غۇلايمىزما؟ ئابلەت ئالاقزادە، مىسكىن، ئۈمچەيگەن هالـ دا تالىپقا قارىدى، — ئۆلۈپ كېتەمىزما؟

— رىسقى پۈتكەنلەر ئۆلىدۇ، پۈتمىگەنلەر ساق قالىدۇ!

تالىپ كۈلۈپ قويدى.

مەن مۇنۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىردىنلا ئورنى ئۆز- گىرىپ قالغانلىقىغا هەيران قالدىم. ئىدارىدە ئولتۇرۇشـ لاردا ئابلەت ئۈستۈن، تالىپ تۆۋەن ئورۇندا ئىدى، مۇ-

ئۇلارنىڭ دەتالاشلىرى ئېخىمۇ دەھشەتلىك تۇ-
مانىنىڭ چۇمكىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇمىدى نە-
پەس ئېلىشمۇ، گەپ قىلىشمۇ قىيىنلاشتى. ھەر خىل
كېيىنگەن ئىدۇق، بىر خىل سارغۇچ توپا بىزنى چۇم-
كەپ بىر خىل توپا رەڭ قىلىپ قويدى. چىرايلىرىمىز-
مۇ كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇنلارغا توپا كىرىپ كەت-
كىنى ئۈچۈن بىر خىل رەڭگە كىرىپ، لايدىن ياسالغان
ئادەمگە ئوخشاپ قالدۇق. بىزنىڭ كىچىككىنە ماشىنى-
مىز ھەر قېتىم سىلكىنگەندە بىر غېرىچتەك سىلجىپ
بوران تۆۋىنىدىكى گوداڭغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ما-
زىر قەيەردە، قاچان دۇم كۆمتۈرۈلىمىز؟ بۇنى ھېچكىم
بىلمەيدۇ. ئەمما دۇم كۆمتۈرۈلىمىز، قۇتۇلۇشقا ھازىرچە
ئامال يوق. ماشىنىدىن چىقساق بوران بىزنى يوپۇر-
ماقتەك ئۇچۇرۇپ ماڭىدۇ ۋە قۇم دولقۇنلىرى ئارىسىدا
بۇرۇختۇم قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. مانا بۇ ئاسان ئۆلۈمگە
ھەممىمىزلا قايىل، لېكىن بىز ئۆلۈشنى خالىمايمىز!...

ماشىنا سىلجىماقتا، بوران — قاپقارا، تونۇردىن
چىقىۋاتقان ھۆل سامان ئىسىدەك ئاچچىق ئېقىن بىزگە
ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى ئەجەل گودى-
كىغا ئىتتىرمەكتە. بىز ئۆلۈشنى خالىمايمىز، قۇتۇلۇشنى-
مۇ بىلمەيمىز. مەن ھەمراھلىرىمغا قارىدىم. ئوتتۇرىدا
ئولتۇرغان ئالىم ئېسىل كىيىملىرى بىلەن ئىككىلىك قېلىن-
لىقتىكى توپىغا چۇمكىلىپ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ،
قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ قېتىپ قالغاندەك جىمجىت ئول-
تۇرماقتا. ئۇ بەلكى ئۆلۈمنى ئەمەس، كەلگۈسىدە

چىمىز ھېسابىدا ماشىنا 1 — 2 مېتىر ئالغا سىل-
جىپ، رولنىڭ ئوڭغا بۇرۇلۇشى بىلەن ماشىنا غۇلاي-
دىغان گوداڭدىن يىراقلاشماقتا. ئەمدى مەندە مىدىر-
لىغۇدەك ماغدۇر قالمىدى. نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلاش-
تى. مەن ئەمدى ماشىنىغا ئېسىلىپ جان ساقلىماقتى-
مەن. يالغۇزلا تالىپ ماشىنىنى ئىتتىرىپ مېڭىشىمۇ قو-
شۇپ سۈرىمەكتە. ئۇنىڭ ھاسىرىشى، ئىنجىقلىشى، بىر-
سىنى تىللىشى ماڭا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مەن دوستۇم
تالىپنىڭ بۇنچىلىك قاۋۇل، يارامىلىق يىگىت ئىكەنلى-
كىنى زادىلا بىلمەپتىكەنمەن. ئېست، ئۇنى ئېمىشقا
بۇرۇنراق چۈشەنمىدىم، چۈشەنگەن بولسام مانا مۇ-
شۇنداق ئادەمگە كاتىپ بولۇپ ئۇنىڭ ھاراقنى جىق-
راق ئىچىپ، باشقىلارنى تىللاپ قويۇشى، ئېپى كېلىپ
قالسا ئاياللارغا چېقىلىپ قويۇشقا ئوخشاش ئەيىبلىرى-
نى تۈزىتىشكە ياردەم قىلالىسىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن
بىزنىڭ تالىپ يارامىلىق رەھبەرلەردىن بولۇپ قالاتتى
ئەمەسمۇ، ئېست، ئېست!...

مانا بىزنىڭ تالىپ ئاغىل - تاغىل ۋارقىراپ
ماشىنا ئىتتىرمەكتە. ئۇنىڭ بۇرنى قانىغان، لەۋلىرى
يېرىلغان، پۈتۈن بەدىنى توپا - تەر ئارىلاشمىسىدىن
لايغا ئايلىنىپ خۇددى ئوق تېگىپ ئۆلۈم بىلەن ئېلى-
شىۋاتقان ئېيىققا ئوخشاپ قالغان. مەن ئۇنىڭغا يامى-
شىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدىم:

— بولدى، خېلى يىراقلاشتۇق!

— نېمە؟... يەنە ... ئون مېتىر ئىلگىرىلىسەك

ئۇ جان ھەلقۇمىغا يەتكەن پەيتتە بۇ ئورۇن ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ، تالىپ باشقۇرغۇچى، ئابلەت بېقىنغۇچى بولۇپ قالماقتا:

— تالىپ ئاكا، ئامال قىلساڭچۇ؟

ئاخىر ئابلەت شوپۇرنى تىللاشتىن توختاپ تالىپقا يېلىنغىلى تۇردى.

تالىپ مېھمانغا، ئاندىن كېيىن ماڭا قاراپ قويدى - دە، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ماشىنىنى دالدا قىلىپ يەرگە چۈشتى. ماشىنىنىڭ ئىچى كۆز ئاچقۇسىز چاڭ - توزان بىلەن تولدى. تالىپ ماشىنىنىڭ كەينى چاقىغا مەھكەم يامىشىپ تۇرۇپ ماڭا ۋارقىرىدى:

— مىجىت ئاكا، ئەكەل قولۇڭنى! — مەنمۇ جان پىدا قىلماقچى بولدۇم - دە، ماشىنىدىن ئۆمىلەپ چۈشۈپ تالىپقا ياماشتىم. تالىپ شوپۇرغا ئىش بۇيرىدى:

— بىز ماشىنىنى ئالدىغا ئىتتىرىمىز، سەن رولنى ئوڭغا بۇرا!

بوران بىزنى چۆلگە تارتماقتا، بىز ماشىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋېلىپ ئىككى قول، بېشىمىز بىلەن ماشىنىنى ئىتتىرىپ، كۆكرىكىمىز بىلەن يىلاندەك سىپىلاپ سىلجىماقتىمىز. بوران بىزنى بوغماقتا، چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلاش ئۈچۈن سىلكىپ تارتماقتا، تاش - قۇملىرى بىلەن بىزنى ئۇچۇقدىماقتا. بىزچۇ؟ كۆكرەك بىلەن يەرگە چاپلىشىپ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ماشىنىنى ئىتتىرمەكتىمىز. بىزنىڭ بارلىق كۈ-

— بۇ قانچىلىك جاپا دەيسىلەر، بىردەمىلىك ئىش، ئۇن يىل خالىق تېگىدە ھارۋا سۆرىگەنمەن!

چۈشىنىشلىك، بىز ماشىنىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقانلار ئوخشاش ئادەملەركەنمىز: توپىغا مىلىنىپ شۇ ياشقا كەلگەنلەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئابلەتتەكلەرنى قۇتۇلدۇرۇش بىزنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان بۇرچىمىز ئىكەن!


بىردىنلا يورۇقلۇققا چىقتۇق، قارا تۇمان يوقالدى. بىز بىر - بىرىمىزنى كۆردۇق. لېكىن بوران يەنىلا ئادەم ئۇچۇرراتتى. بىز قول تۇتۇشۇپ، بىر - بىرىمىزنى يۆلىشىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق، ئەمدى ماشىنا سىلجىمىدى. ھازىرقى بوران بىزگە راھەت بىلىنمەكتە. دەرەخلەر يىراقتىن كۆرۈندى. ئەتراپ سۈزۈك، بوران ھەممىلا نېمىنى تازىلىۋەتكەن. بىردەمدىلا ماشىنىنىڭ ئىچى - تېشى، بىزنىڭ ئۈستى - بېشىمىزنىڭ چاڭ - توزاندىن تازىلاپ بىزنى راھەتلەندۇرۇپ قويدى.

ھېلىقى ئون نەچچە مېتر كېلىدىغان بوران ئېگىزى بىزدىن 3 — 4 مېتر نېرىدا بۇرۇختۇم، قاپقارا كۆرۈنمەكتە ئىدى.

— قۇتۇلدۇق! — دېدى ئابلەت بىرىنچى بولۇپ سۆزلەپ، — مېھماننى بالا - قازادىن ساقلاپ قالدىم!

— ئابلەت جۇرىن سىز بولمىسىڭىز يامان كۈنگە قالاتتۇق جۇمۇ! — دېدى تالىپ كۈلۈپ قويۇپ.

شامال ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كېتىمىز!
تالىپ ھالسىزلىنىپ سوناىلىنىپ ياتتى. لېكىن قوللىرى يەنىلا ماشىنىنى ئىتتىرمەكتە ئىدى. مەن پۈتۈن غەيرىتىم بىلەن چاقلارغا يامىشىپ يۆرۈپ ئۆمىلەپ ماشىنا ئىشىكىگە كەلدىم:
— ئابلەت، سەنمۇ چۈشكىن!
— نېمە؟ مەن ماۋۇندىغا يول كۆرسىتىۋاتىمەن!
— نېمە دېگۈلۈك؟ ئەمدى كىم ياردەمگە چۈشىدۇ؟ مېھمانمۇ؟
— مەن چۈشەي! — دېدى مېھمان مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلىغاندەك ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ. مەن ئەمدى ئابلەت چۈشىدۇ، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ يۇقىرىدىن كەلگەن مېھماننىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغاندىكىن، مېھماننىڭ توپىدا يەر بېغىرلاپ مېڭىشىغا يول قويمايدۇغۇ، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئابلەت خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك شوپۇرنىڭ بېشىدا دېۋەيلەپ، قوللىرىنى شىلتىپ، «ئوڭغا، سولغا!» دەپ يولىيورۇق بېرىپ ئولتۇرماقتا.
ئاخىر مېھمان يەرگە چۈشتى. مېھماننى كۆرۈپ ماڭا جان كىردى، تالىپقا غايىبتىن كۈچ پەيدا بولدى. ئىككى يېنىمدا ئىككى قاۋۇل يىگىت يەر بېغىرلاپ ماشىنا ئىتتىرمەكتە. ماشىنا ئەمدى خېلىلا ئىتتىك ئىلگىرىلىدى. مېھمان تولىمۇ تېمەن، قاۋۇل ۋە جاپادىن قورقمايدىغان يىگىت ئىكەن، ئۇ كۈچەپ ماشىنا ئىتتىرىپ كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدى:




ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، باغلارنىڭ كىشىگە راھەت ۋە ھېسسىيات بېغىشلايدىغان چاغلىرى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، قېرىداللىقنىڭ ئۆزىگە يارىشا گۈزەللىكى ۋە سىرى بولغىنىغا ئوخشاش، بۇ مەزگىلنىڭمۇ ئۆز ھۆسنى. ئۆز گۈزەللىكى ۋە خاسلىقى بار. ياشانغان ئادەم يۈزىدىچە ھايات قايناپ، يوپۇرماقلار يالتىراپ، قۇشلار چۇرۇقلاشقان باغنىڭ تىنىمسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياپراقلار، يالڭاچلىنىۋاتقان دەل - دەرەخلەر، سولىشىپ يەرگە ئېگىلىشىۋاتقان گۈل - گىيالار بىلەن غازاڭ پەسلىگە ئايلىنىۋاتقان سولغۇن ھۆسنىنى كۆرسە، غەم - غۇسسە بىلەن مەيۈسلىنىدۇ. لېكىن، ياشلىق ھەۋىسى، مۇھەببەتلىك ھېسسىياتى ئىچ - ئىچىگە پاتمايۋاتقان ئوت كۆڭۈل ياشلارچۇ؟ ئۇلار بۇ خىل غازاڭلىق باغدىنمۇ ھۇزۇر ئالالايدۇ، بۇ خىل باغلاردا تۆكۈلۈۋاتقان سېرىق يوپۇرماقلار، پۇرىقى تۈگەپ خى-

ئۇ ئەلۋەتتە تەنە قىلماقتا.

— مېھماننى ئۆمىلەتكىنى ئۈچۈن جۇرېنىنى ماختامسىنا؟

— شوپۇر غەزەپ بىلەن ئابلەتكە ئالايدى.

— نېمە؟ ئۆزۈڭچە رولنى مەن تۇتتۇم دەمسىنا؟ يوليورۇق كىمدىن بولدى؟ ساڭا ئوڭ-سولنى كىم كۆرسەتتى؟ — ئابلەت ئۆز تۆھپىسىنى دالۋاي قىلىپ ھەممىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. خۇددى ماشىنىنى ئىلگىرىلەتكۈچىلەرنى تىلغا ئالىدىغان ئادەم چىقمىغىنىغا ئوخشاش، ئابلەتنىڭ سوئالىغىمۇ جاۋاب بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى.

مەن ئويلايمەن: جەمئىيەتمۇ بىر ماشىنا، بىز ئۇنىڭ ئىچىدىكى يولۇچىلار. ماشىنىمىز 12 بال بوران ئېغىزىدا قالغاندا كىم كىمنى قۇتۇلدۇردۇ؟ ماشىنىنى كىم ئىلگىرىلەتتى؟ تۆھپە كىمنىڭ؟ رول تۇتقان شوپۇرنىڭمۇ، ئىتتىرگۈچىلەرنىڭمۇ؛ ياكى «يوليورۇق» بەرگۈچىنىڭمۇ؟

بۇ سوئاللارغا ئەقىللىق كىتابخانلىرىمىز ئۆزلىرى جاۋاب بەرسۇن!

1986 - يىل، 2 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

قويۇق ئۆرۈكلۈك ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇنى بىلەن قوشۇلۇپ كۆزنىڭ ئالتۇن سۈيىگە چۈمۈلدى. قىزىل ئېقىن ئۆز قوينىغا كىرىپ كەلگەن بۇ قىزىل ئاتلىق قىزچاقنى گويا بوۋاقنى قىزىل تاۋار بىلەن زاكىلىغاندەك سىلىق ۋە يۇمشاق مۇئامىلە بىلەن ئۆز قوينىغا ئالدى.

قىز قىپقىزىل ياپراقلار بىلەن چۈمكەلگەن باغ ئىچىدە ئېتىدىن چۈشتى. ئۇ ئېتىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئات ئىگىسىگە ھېسداشلىق قىلىپ يېنىك پۇشقۇرۇپ، قىزنىڭ پوپايكىسىنى لەۋلىرى بىلەن يالماپ قويدى. قىز مەڭزىنى ئاتنىڭ ياڭىقىغا يېقىپ، خېلىغىچە جىمجىت تۇردى. ئۇ گۈزەل تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى خاپىلىق ۋە كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن چېغى، ئۇ ياشلىققا خاس بولغان نازۇك ھېسسىياتلار بىلەن تەبىئەت ۋە سالقىن ھاۋانىڭ سېزىملىرىنى ئويغىتىپ راھەت بەخش ئېتىشىدىن ئاتايىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۈگۈنكى ئار-نومۇسىغا، ئىززەت-ئابرويىغا تېگىدىغان ئىشنىڭ قارىمىقىغا ئىلىنىپ، سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك ئازابلانماقتا. ئۇ نېمىشقا ئازابلىنىدۇ؟ ئۇياتتىن، مەغلۇبىيەتتىن. ئەلۋەتتە. ئۇ قانداق ئۇيات؟ قانداق مەغلۇبىيەت؟

بۇ ئىش باشقىلار ئۈچۈن ھار ئالغۇچىلىكى يوق، بىر ئەرزىمەس ئىش. لېكىن، بۇ قىز ئۈچۈن ئۆلگەن بىلەن باراۋەر. ئۇ ئېتىنى بىر ئاي تاۋلاپ بىرنەچچە

جالەتتىن يەرگە قاراشقان گۈللەر بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەر ئۇلاردا ھايات ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر، ھېسسىيات، شېئىر پەيدا قىلالايدۇ. ئۇلار بۇ خىل باغلاردا يېزىچە مەلۇم بولمىغان يېڭى كارامەت، خىسلەت ۋە سىرلارنى بايقىيالايدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك كەچكى شەپەق پۈتۈن باغنى نۇرلاندۇرغان مەزگىلدە، پۈتۈن پەسىلدە تېپىلمايدىغان ئاجايىپ مەنزىرە نامايان بولىدۇ، بولۇپمۇ قويۇق ئۆرۈكلۈك ئۆزىنىڭ ھال - قىزغۇچ، تۇم سېرىق، خۇددى ئالتۇن سۈيىگە چىلاپ ئالغاندەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان يوپۇرماقلىرى بىلەن ئادەمنى بىر سېھىرلىك دۇنيا ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ، ئالتۇن سۈيى ئىچىدە بىمالال نەپەسلىنىدۇ...

ئۆكتەبىرنىڭ باغ مەنزىرىسىدىكى بۇ خىل خاسلىق سىزگە كامال تاپقان ئەقىل ئىگىسىنىڭ قەلبىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قەلب جۇلا ۋە چوغ بىلەن قىش پەسلىنى كۈتىۋالماقچى. بۇ پەسىل سىزگە ھاياتنىڭ سىرىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، سىزگە مۇشكۈل ئىشلارنىڭ يولىنى، كەلگۈسىنىڭ لەززىتىنى روشەن ئاشكارىلاپ، سىزنى پۇشايمان، غەم - قايغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدۇ...

جىرەن ئاتلىق، قىزىل پوپايكا، قىزىل يوپكا كىيگەن، بېشىغا قىزىل ياغلىق تاڭغان، يۈزلىرىمۇ ئاناردەك قىزىل بىر قىز ئات ئۈستىدە غەمكىن ئولتۇرۇپ، كۆز گۈزەللىكى نامايان بولۇۋاتقان بۇ باغقا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ،

قوغداپ بىرنەچچە قېتىم قىزغا چاقپىلەككە ئوغلاق ئېتىشقا ئىمكان بەردى. نەق قىز ئاتىدىغان چاغدا، ھېلىقى يىگىت نەدىندۇر يېتىپ كېلىپ، قىزنى ئاتقۇزمىدى. بىر قېتىم قىز ئاتقان بولسىمۇ، چاقپىلەككە چۈشمىۋېدى، يىگىت ئوغلاقنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇرۇپلا تۇتۇۋېلىپ، چاقپىلەككە ئېلىپ قويدى. بۇ ئىش بىلەن ئۇ قىزنىڭ غەلىبىسىنىمۇ تارتىۋالدى. مەيداندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. يۈزلىگەن ئاتلىقلار، توپا - توزان ئىچىدە قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، ئوغلاق ئويناۋاتقان كەڭ مەيدان قىز ئۈچۈن تار تۇيۇلدى. ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك، نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدى. لېكىن ئۇمىدىنى ئاخىرىدا — ئوغلاقنى يەككە تارتىشقا بېغىشلىغان ئىدى. مەھەللە بويىچە تارتىشىش ئاخىرلىشىپ، يەككە تارتىشىش باشلىنىش بىلەن، يەنە ھېلىقى يىگىت ئوغلاقنى ئاخىرقى قېتىم قىزنىڭ قولىدىن يۇلۇۋالدى. قىز نومۇستىن قاتتىق ئازابلاندى. يىگىت قىزنىڭ ئۈستىدىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ «ھۈنىرىمنى كۆرۈپ قوي» دېگەندەك، قىزنى يېرىم قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئوغلاقنى تارتىۋالدى. قىز ئېتىنى قامچىلاپ چۆلگە قاراپ چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆپچىلىككە كۆرسەتكۈسى كەلمىدى.

قىز ھاياتىدا بۇنچىلىك ئويلىمىغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان يىلى تارىخ دەرسىدە ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك جىرەن ئېتىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ، دەرسكە قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇئەللىمىنىڭ تۇيۇقسىز سوئاللىرى ئالدىدا يەرگە قاراپ تىرناق تاتى-

قېتىم ئوغلاقلاردا كەيلى - كەيىندىن چاقپىلەككە
(ھارۋىغا) ئوغلاق تاشلاپ، خەلق ئىچىدە داڭ قازان-
دى. قىزىل ئاتتا قىزىل پوپايىكلىق قىز پەيدا بولغان-
دا، پۈتۈن ئوغلاق مەيدانىدا جانلىنىش، ھاياجان
پەيدا بولىدىغان، نۇرغۇن چەۋەندازلارنىڭ يۈرەكلىرى
تىترەپ، ھەسەتخورلۇقى ئۆرلەيدىغان بولۇپ قالدى.
ئۇ مەيداندا ئات چاپتۇرۇپ، بىردە توپتىن ئۈزۈپ
چىقىپ، بىردە يەرگە ئېڭىشىپ، بىردە يىگىتلەردەك ئوغ-
لاقنى مۈرىسىگە سېلىپ، بىردە ھەمراھلىرىغا چەبدەس-
لىك بىلەن «پاس» بېرىپ، بىردە بولسا، چاقپىلەككە
ئەپچىللىك بىلەن ئوغلاق تاشلاپ ھەرىكەت قىلغاندا،
كۆپچىلىك ئۇنىڭ پۈتۈن ئوغلاق مەيدانىدىكى بىردىنبىر
قىز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشاتتى. لېكىن، بۈگۈن
ئۇنى ئۆزىدىن ياش بىر يىگىت تولىمۇ ئىزادا قالدۇر-
دى: ئۇ ئوغلاق ئالسىلا، ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭدىن تار-
تىۋالدى، قىز يا چاقپىلەككە ئاتالمىدى، يا مۈرىسىگە
ئوغلاق ئېلىپ ھۇزۇرلىنىپ ئات چاپتۇرالمىدى. قىز
بارلىق ھۈنىرى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ،
ھېچ نەتىجىگە ئىگە بولالمىدى. قىز ئوغلاققا ئېڭىشسە،
يىگىت چاققان چىقىپ ئېلىۋالدى؛ قىز چاتلىسا، يىگىت
يۇلۇۋالدى؛ قىز غەزەپ بىلەن قوغلىسا، يىگىت قىزنى
يېقىن كەلتۈرمىدى. قىزنىڭ جىرەن ئېتى قوغلاپ يېتىپ
كەلگەندە، يىگىت قارا ئېتىنى شۇنچىلىك تېز ئەگىتە-
تتىكى، جىرەن ئات قاڭقىپ توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ
كېتەتتى. قىزنىڭ يۇرتلۇقلىرى قىزنى ھىمايە قىلىپ،

چىرايىڭنى، ئۆتكۈر ئەقلىڭنى دەپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھلىققا تاللىغانىمەن. مېنى دېسەڭ، ئات چاپتۇرۇشنى توختات!

— چىرايىم بىلەن ئەقلىم سىزنى بەختلىك، مېنى بەختسىز قىپتۇ. مەن ھەممىنى قۇربان قىلالايمەن، لېكىن، ھەۋىسىمدىن قول ئۈزەلمەيمەن!

— ئۇنداق بولسا؟...

مانا شۇنىڭ بىلەن، ئارانلا ئىككى ئاي ئۆي تۇتقان سۆيۈملۈكى بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ ئاتقا بولغان ھەۋىسى ئۇنى بەختلىك قىلدىمۇ ياكى بەختسىز قىلدىمۇ؟ بۇ ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇ، ئۇ بۇنى ئويلاپمۇ كۆرگىنى يوق. ئۇ سەھەر تۇرۇپ، شوخ جىرەن ئېتىنى مىنىپ، سۇغىرىشتىن بۇرۇن ئېتىز ئارىلىرىدىكى يۇمشاق توپىلىق يوللاردا بولۇشىغا چاپتۇرىدۇ، بىردە ئاتنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، بىردە بىر قولى بىلەن ئات يايلىنى تۇتۇۋېلىپ ساڭگىلاپ، بىر قولىدا ئېتىز گۈللىرىنى تېرىپ ئات چاپتۇرىدۇ. ئېتى بىر تەرلىگەندىن كېيىنلا ئۇنى سوۋۇتىدۇ - دە، ئاندىن كېيىن سۇغىرىدۇ. ئېتىمۇ ئۇنىڭغا ئىجىل، ئىگىسى ۋاقتىدا كېلىپ دۈمبىسىگە مىنمىسە، ئات كىشنەپ - تىپىرلاپ تەقەززا بولىدۇ. زىلۋا، گۈزەل قىز چەبدەس سەكرەپ ئۈستىگە چىقىش بىلەن، ئۇ جانىۋار خۇددى يادىن ئاجرىغان ئوقتەك، تونۇش يوللارغا قاراپ توپا توزىتىپ ئىلدام چاپىدۇ. ھەر كۈنى بىر سائەت داۋام قىلىدىغان بۇ ھەرىكەت قىز ئۈچۈن راھەت ۋە بەخت. ئۇ

لىغىنىدىمۇ؛ سۆيگەن يىگىتى تۇنجى قېتىم بويىنغا گىرە سالغانىدىمۇ؛ ئانىسى توي توغرىسىدا بىرىنچى قېتىم گەپ ئاچقانىدىمۇ بۈگۈنكىدەك ئۇيالمىغان. ئۇ چاغلاردا ئۇ يالغۇزلا نومۇس قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. بۈ-گۈنچۇ؟ نومۇس ئۈستىگە ئازاب، ئازاب ئۈستىگە چە-ۋەندازلىق غۇرۇرىنىڭ سۇنۇشى... ناۋادا ئىرادە ئار-نومۇستىن ئۈستۈن بولمىغان بولسا، ئۇ بۈگۈن نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭغا: «نومۇسنى غەزەپكە، يېڭىلىشنى ئىنتىقامغا ئايلاندۇرالايسەن، قىزچاق! بۇ كەڭرى كۆك ئاسمان ئاستىدا سېنىڭمۇ ئىستىقبال يۇل-تۇزۇڭ چاقنايدۇ...» دەپ پىچىرلاپ، ئۇنى غەيرەت بىلەن ياشاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. قىز ئۆزىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. ئۇ، ھامان ئىرادىنىڭ قولى. ئىرادىسىگە بېقىنغانلىقى ئۈچۈن، ئالتە يېشىدىن 22 يېشىغىچە ھەر كۈنى ئات چاپتۇرۇپ قەھرىماندەك پىشىپ، يىگىتلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، يۇرتىنىڭ داڭلىق ئوغلاقچىسى بولۇپ يېتىلدى. يەنىچۇ؟ يەنىچۇ؟ ئۇ مۇھەببەت، ئائىلە دېگەن قىزلار ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان، كۆپچىلىك ئۈچۈن ئۆزگەرمەس تەن-تەنە ھېسابلىنىدىغان بەخت بۆشۈكلىرىنى ئۆز خاھىشى ئۈچۈن پاچاقلىيالىدى، ئۈچ يىل بۇرۇن سۆيۈملۈك كۈيۈۋى بىلەن قىلىشقان ئاخىرقى سۆھبەت ئۇنىڭ يا-دىدا:

— مەن سېنىڭ چەۋەندازلىقىڭنى ئەمەس، پاكىز

ئاغزىدىن چىقىش بىلەن، ئۇ ئۆز ئىشىدىن ياكى خۇ-
شاللىنىدۇ، ياكى خاپا بولىدۇ، بولۇپمۇ يۈزلىگەن
تاللانغان ئاتلىقلار ئۇغلاق تارتىشقا چۈشۈپ، يۇرت
ئۈچۈن ياكى ئائىلە ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرۈشكە
جانبازلىق قىلىدىغان چوڭ سورۇنلاردا دادىسى قىزى-
نىغا قارىماي، يوغان قورساق تورۇق بايتالنى دىڭ-
گاكلىتىپ، قىزىنىڭ كەينىدىن قالمايدۇ. بۇنداق چاغ-
لاردا قىز ھەممە ھەرىكەتنى دادىسىغا يارىتىشنى
يادىدىن چىقارمايدۇ. قىزى يەردە ياتقان ئۇغلاقنى
خۇددى لاچىن ھاۋادا جان سوققاندەك چەبدەسلىك
بىلەن ئىگەردىن ئاتنىڭ قارنىغا ساڭگىلاپ لىككىدە
ئالغاندا، دادىسى ئاق تەلپىكىنى قامچىسى بىلەن سۇ-
رۇپ قويۇپ: «بەلەن، بەلەن!» دەپ ئىختىيارسىز ۋارقى-
رايدۇ. ئۇ چاغدا قىزىنىڭ قەلبى يايراپ، خۇمار كۆز-
لىرى چاقناپ كېتىدۇ. باشقىلار چاتلاۋاتقان① ئۇغ-
لاقنا يېتىشىپ بېرىپ، ئۇغلاقچىنىڭ ئۇغلاق تۇتقان
قولىنىڭ يېنىدىن تۇتماي، ساڭگىلاپ تۇرغان پاقالچاق-
تىن ئىگىشىپ تۇتۇپ سىلكىپ تارتقاندا، دادىسى ئى-
گەردىن كۆتۈرۈلۈپ: «ئاپلا!» دەپ توۋلايدۇ. بۇ چاغدا
قىز رەللە بولۇپ، قامچا سىپىغا قوشۇپ لەۋلىرىنى
چىشلەيدۇ...

تۈنۈگۈن، ھېلىقى كۆك كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە
يېشىل تاۋار بەلباغ باغلىغان تەلۋە قارا ئېتىنى چاپ-
تۇرۇپ كېلىپ، قىزنىڭ ئۈستىدىن چۆۋىنندەك ئېگىلىپ،
چاقپىلەككە چىقىش ئالدىدىكى ئۇغلاقنى يۇلۇپ ئالغان-

شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى، قاتتىق - يىرىك گەپ - سۆزلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ بىلىدۇ: ھەرقانداق بىر ئادەم — بىر ھەۋەسنىڭ قۇلى. بۇ ھەۋەسلەرنىڭ پاكىزىمۇ، پاسكىنىسىمۇ، شەرەپلىكلىرىمۇ، نومۇسلۇقلىرىمۇ بولىدۇ. لېكىن ھېچكىم ئۆز ھەۋىسىنى يامانلىمايدۇ. ئاياللارنىڭ ئات چېپىشقا ھەۋەسمەن بولۇشى قايسى خىلىغا ياتىدىكىن؟ بۇنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، پۈتۈن راھەت، ھەممە بەخت ئات ئۈستىدە. ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ھەۋەسلەرنىڭ ھەممىسى كۆلكىلىك، ھەتتا تېتىقسىز. ئۇنىڭ ھاياتتا ئۆزىگە نەمۇنە قىلىدىغان ئادىمىمۇ بىرلا، ئۇمۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ دادىسى. ئۇنىڭ ئۈچۈن دادىسى ھەقلىق، پاكلىق، مېھرىبانلىق، دىلكەشلىك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە باشقىلارغا ئۈلگە. قىز گەرچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىلا پۈتتۈرگەن، كىتاب - بىلىمگە ئۇنچىلىك ھەۋىسى يوق «كونىچە» ياشلاردىن ھېسابلانسىمۇ، ئۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئۆزىدىن يۇقىرىقى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى تەلەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ تىلىغا چىققۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ باققىنى يوق، ئۇ نېمىلا قىلمىسۇن ئۆزىگە بىرلا سوئال، يەنى «دادام بۇ ئىشنى قانداق قىلارئىدىكى؟» دېگەن سوئالنى قويۇشقىلا ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ياخشى - يامانلىقىمۇ دادىسىنىڭ باھاسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. «بەلەن!» ياكى «ئاپلا!» دېگەن بىرلا سۆز دادىسىنىڭ

نىڭ كىشنىگىنىنى ئاڭلىدى.

— دادا، — دېدى قىز خۇشال بولۇپ، — مېھرىبان دادا، مېنى ئىزلەپ يۈرگەن ئىكەنسەن-دە!

شۇ چاغدا، قىزغا قىزىل ياپراقلار چاۋاك چالغاندەك، قىزىللىققا چۆمگەن گۈزەل باغ ئالتۇن سۈيى ئىچىدە چايقالغاندەك تۇيۇلدى. قىز دەرھال ھەممە خاپىلىقىنى ئۇنتۇپ، گۆدەكلىكىگە قايتتى:

— دادا، مەن مانا!

ئاتلار بىر-بىرىنى پۇراشتى، ئاتا بىلەن قىز ئۈنسىز سۆزلەشتى. قىزدىن بەتتەررەك روھسىزلانغان ئاتا:

— بالام، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— خىيال قىلىۋاتىمەن، دادا.

— نېمىنى، بالام؟

— ماۋۇ يوپۇرماقلارنى قارا دادا، — دېدى قىز چوغدەك قىزارغان يوپۇرماقلارنى ئالقانلىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرسىتىپ، — يېشىلدىن قىزىلغا ئۆزگەردى، ئەمدى چۈشۈپ تۈگەيدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، بالام؟ تۈگىمەيدىغان نېمە بار دەيسەن!

— ھە، ئەمدى تاپتىڭ، — دېدى قىز خىيالچانلىق بىلەن، — ئامەت، تەلەي، شان-شەرەپمۇ شۇ، دادا!! تازا ۋايىغا يېتىدۇ، كېيىن يوپۇرماقتەك يەرگە چۈشىدۇ، يوقىلىدۇ.

دا، دادىسى نېمىشقا «ئاپلا!» دەپ توۋلىمىدى ـ ھە؟ ئۇ سېھىرگەر دادىسىنىڭمۇ كۆزىنى تاڭدىمۇ ـ ھە؟ ياكى دادىسى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھۈنىرىنى تولۇقى بىلەن ئۆگىنىۋېلىپ، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە «ئوغلاقچى» ئاتىلىپ، دادىسىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان قىزىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن گاڭگىراپ قالدىمۇ؟! ھەي، نادانلىق... قىز نېمە ئۈچۈن ئۆز مەغلۇبىيىتىدىن ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان ئادەم دادىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقاردى؟ ئۆزى قىزىل يوپۇرماقلار ئارىسىدا ياش تۆكۈپ، قورسىقىنى بوشىتىۋاتقان بۇ مەزگىلدە، دادىسىنىڭ نەلەردە ئازابلىنىپ يۈرگىنىنى نېمىشقا ئويلىمىدى؟

قىزنىڭ يادىغا دادىسى يېتىشى بىلەن، ئۇ قىزارغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، قايتىدىن روھلاندى. دادىسى ئۈچۈن ھېلىقى كۆك كۆڭلەكلىك شەيتاندىن ئىنتىقام ئالىدۇ. ئۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئويۇن كۆرسىتىش ئوغلىقىدا، كۆك كۆڭلەكلىك شەيتاننى ئوغلاق بىلەن قوشۇپ ئىگەر ـ پىگەرى بىلەن ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلايدۇ. ئۇ چوقۇم ئۇنى يىگىت بولغىنىغا تويغۇزىدۇ. ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىر كۆرسىتىپ قويىدۇ...

قىز بۇلارنى ئويلاپ جانلاندى ـ دە، جىرەن ئېتىنىڭ ئۇلدىڭىنى چىڭىتىپ، يايلى ـ كوكۇلىنى تاراپ قويدى. ئات قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ قاتتىق كىشنەپدى، ئۇنىڭغا جاۋابەن يېقىنلا يەردىن تورۇق بايتال-

شايدۇ. سەن ئات مىنمەس بولساڭلا، ئۇ ساڭا يەنە ئەلچى قويماقچىكەن!

ئاتا قىزىغا قارىماي، خۇددى ئاتلىرىغا سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازدا، ئېغىر خۇرسىنىش بىلەن يۇقىرىقىلارنى ئېيتتى. قىز ئولتۇرۇۋاتقان قوياشقا قاراپ ئازاب بىلەن ئۇلۇغ كىچىك تىندى. ئۇنىڭ قەلبىنى مۇھەببەت بىلەن ھەۋەس تالاشماقتا. قايسىسى ھۆكۈمران بولاركىن؟ مۇھەببەت ئاۋۇ يوپۇرماقلاردەك بىخلىنىدۇ، ياشىرىدۇ، پىشىپ - قىزىرىدۇ ۋە ئاخىر يەرگە چۈشۈپ يوقىلىدۇ. ھەۋەسچۇ؟ قىز دادىسىنى دەرھال ئويلىدى، ئۇنىڭ ئاتقا بولغان ھەۋەسى تېخىچە ئۆلمىدىغۇ؟! بۇ ھەۋەسى يولىدا ئۇ نۇرغۇن چىقىم تارتتى، زىيانغا ئۇچرىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھېلىمۇ ھەۋەس ئوتى بارغۇ؟ قىز ئەلۋەتتە دادىسىنى دورىشى، ھەۋەسى ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كېچىشى، ھەممىنى يېڭىشى كېرەك.

— دادا! — دېدى قىز ئاخىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — مېنى ھېچكىم ئاتتىن چۈشۈرەلمەيدۇ. ئاتتىن چۈشكىنىم — ئۆلگىنىم. كۆرۈپ تۇرغىن، بۇ قېتىمقى ئوغلاقتا مەن كۆك كۆڭلەكلىك شەيتاننى يەرگە قارىتمەن. ئېلىشقىنىم ئېلىشقان. مەن ئۇنى يەڭمەي قويمايمەن.

— دۇرۇس ... قىزىم، ئويلىمىغىن، مەنمۇ ئۆرۈك يوپۇرماقلىرىدەك قىزارغىن، لېكىن باش ئەگمە، تەن ئالما. تىرماش، چىرماش. سەن قىز بالا، لېكىن سەن

— يېگىلسەم مەيلى، ھار ئالمىغىن دېمەكچىمۇ سەن، قىزىم؟

— ياق، دادا، مەن قايتىدىن يېڭى يوپۇرماق بولۇپ بىخ ئۆرۈپ چىقىمەن. سەن ـ شاخ، سەن ـ غول، مەن يوپۇرماق، دادا. چۈشسەم يەنە چىقىمەن. سەنلا ھايات بولىدىكەنسەن، مەن ئۇنى بەربىر يېڭىمەن.

— ياخشى ئويلاپسەن، قىزىم، — دېدى دادىسى خىيالچانلىق بىلەن، — ئويلىغىن، يەرگە قارىغىن، لېكىن باش ئەگمىگىن. تەن بەرمىگىن. شۇ چاغدا كۆك لەۋاتقان دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىدەك چۈشسەڭ — يەنە چىقىسەن!

— مەن ھېلىقى كۆك كۆكلەكلىك شەيتاننىڭ ماۋۇ سېرىق يوپۇرماقتەك يەرگە چۈشۈرىمەن!

— ئۇ كىم، بىلەمسەن، قىزىم؟

— ياق، دادا.

— ئۇ، سېنىڭ ھېلىقى ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرىڭنىڭ بىر ئەۋرە ئىنىسىكەن، ئۇ، چويلا توپ تەنتەربىيىچىسى ئىكەن. ئات ئۈستىدە موللاق ئېتىپ ئات چاپتۇرالايدىكەن، ماھىر چەۋەنداز ئىكەن.

— ئۇ نېمىشقا مەن بىلەن ئېيتىشىدۇ ئەمسە، دادا؟

— ھەي قىزىم، كۈيئوغلىمىز تېخىچە سەندىن ئۈمىد كۈتۈپ ئۆيلەنمەي يۈرگۈدەك. بىر نەۋرە ئىنىسىنى ئىشقا سېلىپ، سېنىڭ ئابرويىڭنى تۆكۈپ، سېنى ئىككىنچى ئات مىنمەس قىلىۋېتىشنى ئويلاشقان ئوخ-

ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە

(پوۋېست - ھېكايىلار)

ئاپتورى: زوردۇن سابىر

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلھەمىت ھاجى

مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابدۇلھەمىت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092×787مم 1/32 باسما تاۋىقى: 12.375، قىستۇرما ۋارىقى: 1

1988 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: 1 — 4400

---

ISBN7—5373—0094—1/I·27

باھاسى: 0.90 يۈەن

ھېچكىمدىن كەم ئەمەسسەن. قىساسخوردىن قىساس ئال، كىشىلەر ئۇستۇنلۇكنى تارتىپ ئالسا، سەن ئۇنىڭدىن يۇلۇپ ئال!

قىز جىرەن ئىتىنى مىندى ۋە باغ ئارىلاپ بولۇشىغا قويۇۋەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ كۆزىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتى. ئاخىر پىلدىرلاپ تۇرغان بىر تال قىزىل تۆرۈك يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالدى.

باغ ئاجايىپ گۈزەل، چوغدەك يوپۇرماقلار سەلكىن شامالدا سىلكىنىۋېدى، كائىنات قىزىل جۇلالار بىلەن تولغاندەك، يەر يۈزىنى ئالتۇن سۈيى قاپلىغاندەك بولۇپ قالدى. ئاتا قىزىغا ھەۋەسلىنىپ پىچىرلىدى: «چوغدەك ياپراقلار تۆكۈلمىسدى ...»

1986 - يىل، 10 - ئاينىڭ، 21 - كۈنى، مەكىت.

本书反映当代人们在改革时期的新思想、新观点、新生活、向上的勇气及生产成果。

忘不了你，姑丽萨日 （维吾尔文）
（中、短篇小说集）
作者：祖尔东·沙毕尔
责任编辑：阿布都里合米提·阿吉
责任校对：白合提亚尔·阿布都里合米提

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 12·375印张 1插页
1988年5月第1版 1988年11月第1次印刷
印数：1--4400

ISBN7—5373—0094—1/I·27 （民文）
定价：0·90元